زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت

# قومۇش كۆل



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت

# قومۇش كۆل



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى : چىمەنگۈل ئاۋۇت
مەسئۇل كوررېكتورى : بەختىيار ئابلىمىت

# قومۇش كۆل

(ھېكايىلەر )

ئاپتورى : زۆھرەگۈل ئابدۇۋايىت

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى : 8.125 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2012 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرازى :3000 — 1

ISBN 978—7—5373—2625—4
باھاسى : 22.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون : 2653927 — 0998

# مۇندەرىجە


«تۇل خوتۇن»لار ........ 1
ئەرۋاھ نۇتقى ........ 45
ئەڭ گۈزەل تەنقىد ........ 50
ئاشۇ بىر سائەت ........ 55
قېيىنسىڭلىمغا يېزىلغان خەت ........ 60
ئىپپىتىنى يوقاتقان ئەر ........ 64
بەخت كىرمىگەن بوسۇغا ........ 76
هاراقكەشنىڭ خوتۇنى ........ 88
لەڭمەننى ئوخشايدىغان ئادىلە ........ 98
دېرىزە سىرتىدىكى ئازاب ........ 106
ئاققان يۇلتۇز ........ 121
قومۇش كۆل ........ 129
تەلەيلىك ئايالنىڭ ھەسرىتى ........ 139
ئىشسىزلىق ........ 150
تۇغۇلغان كۈن ........ 156
چىڭگىز ئاخۇننىڭ بېغى ........ 160
باشقا ئاياللارنى ماختىماڭ ........ 169
ۋىسالسىز سۆيگۈ ........ 177
سىقىلغان يۈرەك ........ 186
پەردىسىز دېرىزە ........ 196
كەلگۈندى ........ 202
يېشىل سىرلىق دەرۋازا ........ 210
ناخشا چولپىنىنىڭ ئېرى ........ 218
كادىر قىسمىتى ........ 228
يېگانە ئارال ........ 241

# غەيرى «تۇل خوتۇن»لار

باشقىلارنىڭ خاتىرە ، خەت - چەكلىرىنى ئوغرىلىقچە كۆرۈشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىمەن . بىراق ، نېمىشقىدۇر كىچىكىمدىنلا باشقىلارنىڭ شۇنداق نەرسىلىرىنى كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقىمەن . كىچىكىمدە ئۆيىمىزگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ سومكىلىرىنى ئاختۇرۇپ باقىدىغان قىلىقىم بار ئىدى . بىر قېتىم شۇنداق ئاختۇرۇۋېتىپ مېھمانلارنىڭ سومكىسىدىكى لۆڭگە ، تارغاق ، بالىلىرى يولدا كەلگۈچە يەپ كەلگەن ناننىڭ پارچىلىرىدىن بىرەر مەخپىيەتلىكنى بايقىماقچى بولغاندەك ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراۋاتسام ئاپام كىرىپ قېلىپ قۇلقىمنى سوزۇپ ئۇرۇپ كەتكەنىدى . شۇنداق تاياق يېگىنىمگە قارىماي بۇ ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمىدىم . «ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە» دېگەن گەپنى بەلكىم مەندەك خاتالىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتەلمەيدىغان كىشىلەرگە ئېيتقان بولسا كېرەك . تۇپلىگۈچىنىڭ مىخىنى تاپالماي خىزمەتدىشىمنىڭ تارتمىسىنى ئېچىشىمغا توم بىر خاتىرە كۆزۈمگە چېلىقتى . بايا ئۆزۈم ئېيتىپ ئۆتكەن يارىماس ئادىتىم تۇپەيلى خاتىرىنى كۆرۈشكە باشلىدىم .

2003- يىلى 3- ئاينىڭ 8- كۈنى

بۈگۈن «ئاياللار بايرىمى» . ئىدارىمىزدىكى بەزى ئاياللار ئەرلىرىدىن بايراملىق سوۋغىلارنى تاپشۇرۇۋالدى . سوۋغا تاپشۇرۇۋالغانلىقى سەۋەبلىك ئۇلارغا مۈڭگۈز - قۇلاق چىقىپ كەتمىگەن بولسىمۇ ، ماڭا ئوخشاش سوۋغىغا ئېرىشەلمىگەن بىرنەچچەيلەننىڭ كۆڭلى يېرىم بولماي قالمىدى .

— سوۋغىتىنى ئۆيدە بەرسىمۇ بولىدىغۇ ، خۇددى قەستەن بىزنى

كۆرسۈن دېگەندەك بۇ يەرگە ئەكېلىپ بەرمىسىمۇ ، — دېدى نۇسرەت نارازىلىق ھەم مەسخىرە ئارىلاشقان تەلەپپۇزدا .

— ئۆيدە دېيىشىۋېلىپ ، ئاتايىن بىزگە كۆرسىتىدىغانغا بۇ يەرگە ئەكەلدۇرگەن گەپ ،— دېدى ماھىرە نۇسرەتنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا ،— مېنىڭ ئېرىم ماڭا سوۋغا بەرمىسىمۇ ، ۋاقتىدا ئۆيگە قايتىپ ، ئەتكەن تاماقلىرىمنى باللار بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ يەپ بەرگەن بولسا مەن شۇنىڭغا رازى بولاتتىم . ھەر كۈنى تاماقنى ئېتىپ قويۇپ ئۇنى ساقلاپ ئولتۇرىمەن . بىراق ، ئۇ دائىم سىرتتا قورسىقىنى تويدۇرۇۋېلىپ كېلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تاماقنى ئەتىسى يەنە باللار بىلەن ئۆزۈم يەپ تۈگىتىمەن .

2003- يىلى 5- ئاينىڭ 17- كۈنى

يېرىم كېچە بولدى ، ھېچ ئۇيقۇم كېلىدىغاندەك ئەمەس . دېرىزە ئۈدۈلىغا كېلىپ قالغان ئايغا ، ئاينىڭ تارام - تارام نۇرلىرىغا قارىغاچە ئۇنىڭ ئاياغ تىۋىشىنى كۈتۈپ ياتىمەن . بايا نەچچە رەت تېلېفون قىلدىم . تېلېفونى ئېتىك . ئۇنىڭغا بىرەر ئىش بولغانمىدۇ ؟ ئادەمنى داۋاملىق مۇشۇنداق ئەنسىرەتكەن . ئۇنىڭ بىرەر خۇپىيانە ئىشى بارمۇ-يا ؟ ! مانا مۇشۇ خىيال مېنى ئۇ ھادىسىگە ئۇچرىغانمىدۇ دېگەندىنمۇ بەك ئازابلايدۇ . ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا لەۋ سۈرۈخ يۇقۇپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالغاندىن بېرى مېنى مۇشۇنداق خىياللار ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى . ئۇنىڭ ئۆيگە خىراجەت بەرمەيدىغان بولۇۋالغىنىغا بىر يىلدىن ئاشتى . ئىككى باللىق ئۆيدە نېمە بار ، نېمە يوق چاتىقى يوق . كاستۇمنى قاتۇرۇپ كىيىپ كىرىپ- چىقىپ يۈرگىنى يۈرگەن . بۇلارنى ئويلاش بىلەن ئىچىم ئاچچىققا تولدى . «بۇ تېلېفون ئېتىۋېتىلدى» دەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولۇمغا ئالدىم . خۇددى ھەممە ئىشقا تېلېفون سەۋەبچى-دەك ، تېلېفوننى جاققىدە قويدۇم - يۇ كۆرپىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۈنسىز يىغلاشقا باشلىدىم . ئەگەر ئۇ تېلېفوننى ئېلىپ قالغان بولسا

نېمىلەرنى دەر ئىدىمكىن .

2006- يىلى 5- ئاينىڭ 25- كۈنى

ئىشخانىدا ئولتۇراتتىم ، تېلېفون جىرىڭلىدى . تۇرۇپكىنى ئېلىشىمغا بىر ئايالنىڭ : «رىزۋانگۈل بارمۇ ؟» دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

— ھە مەن شۇ .

— مەن سىزگە بىر گەپنى ئېيتىپ قوياي ، يولدىشىڭىزنىڭ دىلبەر ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ئارىلىشىۋاتقىنىغا ئىككى يىلدىن ئاشتى ، ئۇلار ئاخشامۇ بىللە بولدى . ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز كەينىگە چۈشۈڭ ، قاچانلا بولسا تۇتۇۋالالايسىز .

— ئۆزىڭىز كىم ؟

تۇت ، تۇت ...... تېلېفون ئۈزۈلدى ، تۇرۇپكىنى تۇتقانچە ئولتۇرۇپ قالدىم . ئېسىمگە كەلسەم ، ئالدىمكىدىكى قەغەزلەر ھۆل تۇرىدۇ ، يىغلاپتىمەن . ماڭا تېلېفون قىلغان بۇ ئايال كىم ؟ مېنىڭ دوستۇممۇ ياكى دىلبەرنىڭ دۈشمىنىمۇ ؟ مەن «دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا» ، «مېنىڭمۇ دوست - دۈشمىنىم بار» دەپ گەپ قىلىدىغانلارنى كۆرسەم بىر قىسما بولۇپ قالاتتىم . سەۋەبى ، مېنىڭ باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان ، باشقىلار بىلەن كىيىم-كېچەك ، يۈرۈش- تۇرۇشتا ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ ، گەپتە چېقىپ يۈرىدىغان ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان ئادىتىم يوق ئىدى . ھەرقانداق ئادەم بىلەن ياخشى ئۆتسەم ، ھەممە ئادەمگە دوستانە مۇئامىلە قىلسام دېگەچكە ، ماڭا دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلار يوق دەپ ئويلايتتىم .

يېڭى ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەن يىلى بىر ئايالنىڭ كوچىدا بىر قىزنى «ئېرىمنى بۇزدۇڭ» دەپ تىللاۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەم ئىچىمدە «مەن مەڭگۈ ئۇ ھالغا چۈشۈپ قالماسمەن» دەپ ئويلىغانىدىم . ئۇ چاغدا مۇراتنىڭ «ھايت» دېسەم «ھۇيت» دەپ تۇرىدىغان ، سىزغان سىزىقىمدىن چىقماي ئارقامدىن پايپاسلاپ يۈرگەن چاغلىرى ئىدى . مەن ئۇچۇن ئاشۇنداق پايپېتەك بولىدىغان ئادەم بولغاچقا ، ئۆزۈمگە

ئىشەنچىم چوڭ ئىدى . ئۇ مېنى بىر ئۆمۈر مۇشۇنداق قەدىرلەيدۇ ، چۈنكى مەندە ئۇنى ئۆزۈمگە قاراتقۇدەك ، ئارقامدىن يۈگۈرتكۈدەك ئارتۇقچىلىق ، جەلپكارلىق بار ، دەپ ئويلايتتىم . ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپ بۇ كۈنگە قالارىمنى ئويلىمىغانىكەنمەن .

ئىشىكنى ئېچىپ كىرىشىم بىلەن ئۇنىڭ كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىقلىق چاپىنىغا كۆزۈم چۈشتى . بېرىپلا چاپاننى پۇراپ باقتىم . راستلا شۇنداقمۇ ياكى سەزگۈلىرىم مېنى ئالدىدىمۇ ، چاپاندىن ئەتىر پۇرىقى كەلگەندەك قىلدى . چاپاننى يۇلۇپ ئېلىپ يەرگە ئاتتىم . دەسسەپچەيلەپ هارغاندا چاپان ئۈستىگە ئۆزۈمنى تاشلاپ هۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدىم .

— ئاپا ، نېمە بولدىڭىز ؟

بېشىمنى كۆتۈرسەم ئىككى بالام قورقۇمسىراپ قاراپ تۇرۇپتۇ . بۇ سەبىيلەرگە ئۇ ئىشنى قانداق دېگىلى بولىدۇ ؟

2006- يىلى 5- ئاينىڭ 26- كۈنى

يەنە ئىشقا كەلدىم ، كەلمەي نېمە ئىلاجىم ؟ كەيپىياتىم ياخشى ئەمەس دەپ رۇخسەت سورىغىلى تېخى بولمىسا .

— قاپاقلىرىڭىز ئىششىپ قاپتىغۇ ؟— دېدى پەرىدە هەدەم ئىشىكتىن كىرىشىمگە .

— هە ، — دېدىم هازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك بىر تەرزدە . گەرچە ئۆزۈمنىڭ چىرايىمنى ئۆزۈم كۆرەلمىگەن بولساممۇ ، چىرايىمنىڭ قانچىلىك ئوساللىشىپ كەتكىنىنى ، پەرىدە هەدەمنىڭ بىر قاراپلا هەممىنى بىلىپ بولغانلىقىنى هېس قىلىپ ئۇلگۇردۇم .

— نېمە بولدى شۇنچە بولۇپ كەتكۈدەك ؟

— مۇرات سىرتتىن بىرسىنى تېپىۋاپتۇ ، — ئاغزىمدىن گەپ چىقا - چىقماي پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا يىغا ئولاشتى . ئۈستەلگە بېشىمنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتىم .

— سىز ئەمدى بىلدىڭىزمۇ ؟

— سىز بۇرۇنلا بىلەمتىڭىز ؟
— ھەئە .
— نېمىشقا ماڭا دېمىدىڭىز ؟
— ئىككى بالىڭىز بار تۇرسا ، ئۆيىڭىز بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن دېدىم ، كىم دېدى سىزگە بۇ ئىشنى .
— تونۇمايمەن ، بىر ئايال تېلېفوندا دېدى ، سىز بىلگەن چاغدىلا ماڭا دېسىڭىز بولمامدۇ ؟
— بۇرۇنراق بىلگەن بولسىڭىز بۇرۇنراق ئازابلىناتتىڭىز شۇ .

كۆڭلۈمدە پەرىدە ھەدەمدىن رەنجىدىم . بىر ئىشخانىدا كۈندە يۈز كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ماڭا كېلىۋاتقان خەۋپنى بىلىپ تۇرۇپ دېمىگىنىنى ؟ سەۋەبىنى ئۇ ئۆزى چۈشەندۈرگەندەك چۈشىنىشكە شۇنچە تىرىشسامۇ ، لېكىن كۆڭلۈم يەنىلا رەنجىدى .

يولدا كېتىۋاتىمەن . كوچىدىكى بارلىق ئادەملەر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ قاراۋاتقاندەك بىلىندى ، ئۆزۈمنىڭ باشقىلار ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىمدىن نومۇس قىلسامۇ ، يۈرىكىمنى تىنىمسىز غاجىلاۋاتقان كۈنداشلىق ھەم خورلۇق ئازابلىرىغا چىشىمنى چىشلەپ بەرداشلىق بېرىپ ، چىرايىمغا خاتىرجەملىك تۈسى بېرىپ كېتىۋاتىمەن . بۇ يولدا يەنە مەندەك يۈرىكى زېدە بولغان ، يارىلانغان نۇرغۇن ئادەملەر كېتىۋاتقاندۇ ، ئادەملەرنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولغان بىلەن قەلبىنى كۆرگىلى بولمايدۇ ، ئەگەر قەلبىنى كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولسىدى ، ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا تىراگېدىيەلەر ئازراق بولغان بولاتتى .

دىلبەر دېگىنى زادى قانداقراق قىزدۇ ؟ مۇرات مەپتۇن بولغان قىزنى كۆرۈپ باققۇم كەلدى . گەرچە بۇ كۆرۈش ماڭا ئېغىر كەلسىمۇ ، چوقۇم كۆرۈپ بېقىشىم كېرەك .

بىنانىڭ ئالدىغا كېلىشىمگە مۇراتنىڭ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال ئۆزۈمنى باراقسان ئۆسكەن تاللارنىڭ دالدىسىغا ئالدىم . ئۇ مەن ئۆتكەن ھەپتە دەزمال سېلىپ قويسام ، «مۇشۇنداقمۇ دەزمال سېلىش بولامدۇ؟ بىر شىمغا ئىككى قىر چىقىرىپ» دەپ سۆزلەپ

ماڭا قايتا دەزمال سالدۇرغان شىم - كاستۇمنى كىيىپ تاراقلاپ
ماڭغانچە ئالدىمدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ مەن كۆڭۈل قويۇپ دەزماللىغان
كىيىملەرنى كىيىپ تۇرقىغا سۆلەت بېغىشلاپ باشقىلار بىلەن كۆرۈش-
كىلى ماڭىدۇ - ھە ! ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ ئۆي ، ئىككى بالا ، شۇنداقلا
مەن نېمە؟ ئۇ بۇ ئۆينى كىر كىيىملىرىنى سېلىپ ، پاكىزلىرىنى
كىيىپ چىقىپ كېتىدىغان ، قونىدىغان جاي تاپالمىغاندا كىرىدىغان ،
بىر پۈك خەجلىمەي تەييار تاماق يەيدىغان يەر قىلىۋاپتۇ . كۆزلىرىمگە
يامراپ كەلگەن ياشلارنى سۈرتكىنىمچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەش-
تىم .

ئۇ مەن نەچچە رەت ئالدىدىن تەلمۈرۈپ قاراپ ئۆتۈپ كەتكەن
«شېرىن چۈش ئارامگاھى» غا كىرىپ كەتتى . بۇ يەرگە مېنىڭ
نۇرغۇن قېتىم كىرىپ باققۇم كەلگەن . بىر قېتىم بالىلىرىممۇ ئۇنىڭ
ئىچىدىكى لەرزان لىڭشىپ تۇرىدىغان ئىلەڭگۈچلەرنى ئەينەك ئىشىك-
تىن كۆرۈپ قېلىپ كىرىپ كۆرۈپ باقمىز دەپ خەقىش قىلغانىدى .
بىراق ، بۇنداق ئارامگاھلارنىڭ ئىستېمال ھەققى قىممەت بولىدۇ ،
دەپ ئويلاپ بالىلىرىمنى سۆرەپ دېگۈدەك ئېلىپ كەتكەنىدىم . تىمىس-
قىلاپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئارامگاھقا كىردىم . ئۇ گۈڭگا چىراغلار
بىلەن يورۇپ تۇرغان ئۇستەللەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ نېرىقى ئۇستەلدىكى
بىر قىزنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى . مەنمۇ چەتتىكى بىر ئۇستەل-
گە كېلىپ ئولتۇرۇپ ، بايا كۆز يېشىمنى ئېرتقان قول ياغلىقنى
ئېچىپ پېشانەمنى تورىدىم . چىراغلار گۈڭگا ، تازا سەپسېلىپ قارىمى-
سا ئۇ مېنى تونۇيالمايدۇ .بىردىن ئۆزۈمنىڭ قىلىۋاتقان قىلىقلىرىمغا
ئاچچىقىم كەلدى . مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى يوشۇرىمەن . مەن نېمانچە
بىچارە ۋە ئەخمەق . قەلبىمدىكى يەنە بىر مەن مېنى كۇشكۇرتەتتى ،
دەيدەيگە سالاتتى . «بار ، بېرىپ ئۇستەللەرنى ئۆرۈپ ، ئاۋۇ پاسكىنى-
نىڭ چېچىنى يۇل ، خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىل ، مۇراتنىڭ ياقى-
سىغا ئېسىل ، يۈزلىرىگە تۈكۈر » دەپ ئۈگىتەتتى . بىراق ، يەنە بىر
مەن : «توختا ، ئالدىرىما ، ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇما ، سېنىڭ
شۇنچە يىل ئوقۇغىنىڭ نەگە كەتتى ، ئەقىل بىلەن ئىش قىل » دەيتى-

تى . مۇرەككەپ ئىچكى زىددىيەتلەر قوينىدا پۇچىلىنىپ ئولتۇرسام بىرى نوقۇدى . قارىسام كۈتكۈچى قىز ئىچىملىك تىزىملىكى يېزىلغان دەپتەرنى تۇتۇپ تۇرۇپتۇ . تىزىملىككە شۇنداقلا قاراپ خالىغان بىرىنى كۆرسەتتىم-دە ، پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇلارنى كۆزىتىشكە باشلىدىم . قىزنىڭ يۈزىنى يېرىم يېپىپ تۇرغان چاچلىرىنى ، ئىچىملىكنى ئىن-چىكە نەيچە بىلەن سۈمۈرۈپ ئىچىشلىرىنى ، نازلىنىشلىرىنى ، چېچى-نى سىلكىپ كۈلۈشلىرىنى كۆرۈپ ئولتۇراتتىم . مېنىڭ رومانتىك مۇھەببەتكە قانمىغان ئېرىم بەلكىم مۇشۇنداق شېرىن ، تاتلىق سۆز-لەرنى سېغىنىپ بۇ جايغا كەلگەندۇ ؟ !

بۇ يەردە مەسئۇلىيەت ، مەجبۇرىيەت سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ . بار-يوقنىڭ گېپى بولمايدۇ . ئۇ قىز مۇراتنىڭ سۆلەتلىك ، پاكىز تۇرقى-نىلا كۆرىدۇ . مەندەك تەر پۇرىغان ، چاچلىرى پاخپايغان ، كۆزلىرى قىزارغان ، ساپما كەشنى سۆرەپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تازىلىق ئۆيگە كىرىپ ، سۇ كۆلچىكى ئۈستىدىكى ئەينەككە يۈندىلىرىنى چاچرىتىپ يۈزىنى يۇغان ، چىشىنى چوتكىلىغان تۇرقىنى كۆرمەيدۇ . بۇلارنىڭ ئارىسىدا بىزنىڭ ئارىمىزدىكىدەك تاكاللىشىشلار ، تاپا-تەنىلەر ، چال-ۋاقاشلار بولمايدۇ . پەقەت شېرىن - شېكەر سۆزلەرلا ، سۆيۈش-سۆيۈلۈشلا بولىدۇ . بۇلار بىر - بىرىدىن رازى بولىدۇ ، قانائەتلىنى-دۇ . مۇرات ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزدىن رازى بولمايدىغان بولۇپ قالغىنىمىزغا ئۇزاق بولغان ، بىز شۇ سەۋەبلىك تالاي ئۇرۇشقان ، لېكىن ھەل قىلالمىغان ، ئاخىر نارازىلىقلىرىمىزنى ئىپادىلىمەيدى-غان ، بىر - بىرىمىزگە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالغان . ئۇنىڭغا مەن نەچچە مىڭ قېتىم : «يۈز يۇيۇش كۆلچىكى ئۈستىدىكى ئەينەككە يۈندىڭىزنى چاچراتماڭ» دېسەم ، ئۇ يەنە چاچرىتىدۇ ، شۇڭا مەن ئۇ يۈزىنى يۇيۇۋاتقاندا دەسمالنى كۆتۈرۈپ كىرىپ زەردەم بىلەن ئەينەك-نى سۈرتكىلى تۇرىمەن . ئۇ ئاغزىدىن چىش پاستىسىنىڭ ئاپپاق كۆپۈكلىرىنى ئېقىتقان ھالدا ماڭا يېۋەتكۈدەك قارايدۇ . شۇنداق چاغدا ئۇنىڭ ساقاللىرى دىردەيگەن تۇرقىغا قاراپ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ . بەل-كىم ئۇمۇ شۇ چاغلاردا مېنىڭ تاتارغان ، گىرىمسىز تۇرقۇمغا قاراپ

كۆڭۈلسىز بولغان بولغىيدى . ئىككى قېتىملىق قىيىن تۇغۇت ، يەنە بىرنەچچە قېتىم بالا ئالدۇرۇش تۇپەيلى توختىماي ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغان بەل ئاغرىقىمغا چىداپ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىپ ھېرىپ - چارچاپ كېتىۋاتسام كارى يوق . كېچىسى ئىپادىلىگەن يېقىنچىلىقىغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولغىنىم بەلكىم ئۇنى مەندىن يىراقلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن . شۇلارنى ئويلاش بىلەن خۇددى بۇ ئىشنى ئۆزۈم قىلغاندەك نومۇس قىلىپ كەتتىم . ئۇلارغا قاراپ ئولتۇرۇۋېرىشنىڭ ماڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق . مەن پەقەت مۇراتنى ئۆزگە مەپتۇن قىلىۋالغان قىزنى كۆرمەكچى ئەمەسمىدىم ، مەن ئۇ قىزغا قاراپ ئولتۇرغان ئون نەچچە مىنۇتتا قىزنىڭ مىجەزىدىكى يېتەرسىزلىكلەر - نى بايقاپ ئۈلگۈرگەنىدىم . شۇنى جەزملەشتۈردۈمكى ، قىز مۇراتقا ئۆچراشتىن بۇرۇن بىرنەچچە مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى باشتىن كە - چۈرگەن ، مۇھەببەتلىشىشكە ماھىر قىز ئىدى . مۇشۇنداق بىر قىز بىلەن كوچىدا ئەر تالىشىپ يۈرۈش بىمەنىلىك ئەمەسمۇ ؟ ئۇ قىزنىڭ مەن بىلەن رىقابەتلىشەلمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يەتكەندىن كېيىن ، ئۇ قىزنى كۆرمىگەن چاغدا پەيدا بولغان قەلبىمدىكى ئۆچمەنلىك ، كۆڭ - داشلىق ئازابلىرى پەسلەپ ، ئىچىمنى تاتىلاپ ئارام بەرمەيۋاتقان قۇت - راتقۇ تۇيغۇلار قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك بېسىقىپ ، ئازابتىن چىڭ تارتىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىم بوشاشتى . ئۇ قىز مەندىن ياشراق ئىكەن شۇ .

2006 - يىلى 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى

مۇراتنىڭ تالاغا قاراپ قالغىنىنى يۈزگە سالماي يۈرگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولدى . ئۇنى ھەربىر كۆرسەم ، ئۇ گەپلەرنى دەپ تىللاپ ياقىسىغا ئېسىلغۇم كەلدى ، بىراق ئۆز - ئۆزۈمگە ھاي بېرىپ ، بۇ ئىشنى بىر مەزگىل تاشلاپ قويۇپ ، ئۇنى بۇ كوچىدىن تارتىۋالىدىغان ئەڭ ياخشى بىر ئامال تاپاي دەپ شۇنچە كۈنلەرنى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈم . ھەر كۈنى كېچىدە ئۇ ئۇخلاپ قالغاندا باشقا ئۆيگە

چىقىپ ئۇنىڭ تېلېفونىدىكى نومۇرلارنى ئاختۇرۇپ باقىمەن . بىر كۈندە ئاز بولغاندا ئۈچ قېتىم كېلىدىغان تېلېفون نومۇرى دەل ھېلىقى دىلبەر دېگەن قىزنىڭ .

ئاخىر ئۇ قىزغا تېلېفون قىلدىم .

— سىز كىم بولىسىز ؟

— مېنىڭ كىملىكىم مۇھىم ئەمەس ، مېنىڭ سىز بىلەن كۆرۈ- شۈپ بەزى ئىشلارنى ھەل قىلىش ئويۇم بار ئىدى .

— مەندە نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى ؟

— كۆرۈشكەندە ئالدىرىماي دەپ بېرىمەن . ئەتە ۋاقتىڭىز بولسا «شېرىن چۈش ئارامگاھى» دا كۆرۈشەيلى .

تېلېفوننى قويۇپ تۇرۇشۇمغا تېلېفون جىرىڭلىدى .

— كىملىكىڭىزنى دەپ بەرمىسىڭىز كۆرۈشمەيمەن .

— مېنىڭ كىملىكىمنى بىلىش سىز ئۈچۈن شۇنچە مۇھىممۇ ؟ !

— مۇھىم ، كىملىكىنى بىلمىگەن بىرى بىلەن قانداق كۆرۈش- كىلى بولىدۇ ؟

— ئەمىسە كىملىكىمنى بىلگەندىن كېيىنمۇ كۆرۈشۈشكە كاپا- لەت بېرىڭ .

— ماقۇل .

— مەن بىرىنچى دوختۇرخانىدىكى رىزۋانگۈل بولىمەن .

— ھە ! ؟

ئۇنىڭ «ھە» دېگەن بۇ ئەندىكىش ئىچىدىكى ئاۋازى تېلېفون سىملىرىنى بويلاپ كېلىپ قۇلىقىمغا ئۇرۇلدى .

مەن ئەسلىي «مەن مۇراتنىڭ ئايالى» دېسەممۇ بولاتتى ، بىراق مەن مۇراتنىڭ ئايالى دەپ پەخىرلەنگۈدەك ھازىر مۇراتنىڭ نېمىسى بار ئىدى . يېشى 40 تىن ئاشقاندا ئىگىلىك تىكلەپ ، نەتىجە يارىتىش- نى ئويلىماي ، ئاخىرى چىقمايدىغان ھاۋايى - ھەۋەس كوچىسىدا پالاقلاپ يۈرۈپ ، خىزمىتىنىمۇ تۈزۈك ئىشلىمەي ، باشقىلاردىن ئاغ- رىنىپ ، قاقشاپ يۈرگەن ئەرنى دەستەك قىلىپ باشقىلارغا قوقاق سالغۇم يوق . بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئابىدەنى بىر ئايال

ئىزدەپ كېلىپ : «مەنچۇ مەخمۇت ئاكىڭىزنىڭ ئايالى بولىمەن» دەپ بويىندا شاپتۇل قېقىپ ، تىللاپ تويدۇرۇپ قويۇپ كەتكەنىدى . شۇ چاغدا ئۇ ئايالنىڭ نىيىتى توغرا بولسىمۇ ، ئۇسۇلى توغرا بولمىغاچ بىزگە يامان تەسىر بەرگەن ، ئۇ ئايالنىڭ «ئىتمۇ يالىقىنى قورۇيدۇ» دېگەن ئۆز سالاھىيىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان بىمەنە سۆزلىرىنى ئەسكە ئالساملا ئەينى چاغدا ھەرقانچە ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسامۇ ئائىلەمنى ئۇ خىل ئۇسۇلدا قوغدىمايمەن دەپ ئويلىغانىدىم . مەن ئېرىمنى ئىت يالىقىنى قورۇغاندەك قورۇپ يۈرۈشنى خالىمايمەن . ئۇنداق قىلىش ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشەنمەيمەن . ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام ئۆلۈپ قالمايمەن ، بەلكى بۇ خىل بۇرۇقتۇرما كەيپىياتتىن قۇتۇلۇپ ، ئازادە ، يېنىك بولۇپ قالارمەن . بىراق ، بالىلىرىم ئۈچۈن ، يەنە ئۆزۈم ئۈچۈن بارلىق ئاياللاردا بولىدىغان ، كۆڭۈلسىز بولسىمۇ بىر ئائىلىسىنىڭ بولۇشىنى خالايدىغان ، ئەردىن ـ ئەرگە چىقىپ يۈرۈشنى نومۇس ھېس قىلىدىغان بىر خىل تۇيغۇ بىلەن ئۆزۈم توغرا دەپ قارىغان ئۇسۇللار ئارقىلىق ئائىلەمنى قوغداپ قالماقچى بولدۇم . مۇراتنىڭ قىلىقى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا بىر ئۆمۈر ئېسىمدىن چىقمايدىغان ، بىر ئۆمۈر مېنى ئازابلايدىغان بولسىمۇ ، يەنىلا شۇ ئازاب بىلەن ياشاش يولىنى تاللىدىم .

ئۇ قىزنى نېمە ئۈچۈن «شېرىن چۈش ئارامگاھى»غا كېلىڭ دېگىنىمنى ئۇ كەلگۈچە ساقلاپ ئولتۇرۇپ ئويلىدىم . بەلكىم بۇ شەھەردە بۇ يەردىن باشقا مۇھىتى ئازادە ، خالىي ، ئۈچرىشىشقا قولايلىق جايىنى دەرھال ئېسىمگە ئالالمىغاندىمەن ياكى ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشتىن تېنىۋالسا ، «ئۇ كۈنى سىلەر ئاشۇ ئۈستەلدە ئولتۇرغان» دەپ ئۇنىڭغا ئىسپات كۆرسەتمەكچى ، ئۆزۈمنىڭ شۇ كۈنى ئۇنىڭغا يول قويغانلىقىمنى ، ئۇنى ئوسال قىلمىغانلىقىمنى بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغاندىمەن .

ئۇ قىز كەلدى . ھېلىقى يۈزىنى يېرىم يېپىپ تۇرىدىغان چاچلىرىنى بۈگۈن ئارقىسىدىن بىر قىلىپ بوغۇۋاپتۇ . ئۇ بۇ تۇرقى بىلەن

ئادەمگە خېلى ئېغىر- بېسىق كۆرۈنەتتى . بىز بىرھازاغىچە گەپ قىلىشماي ئولتۇرۇپ كەتتۇق . ئۇ كۆزىنى مەندىن قاچۇراتتى . دېمەك ، ئۇ خىجىل بولۇشنى بىلىدىكەن . ئۇنىڭ قەلبىدە گۈزەل نەرسىلەر يەنىلا بار ئىكەن . ئۇنىڭمۇ بىر بىچارە زىيان تارتقۇچى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ، بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى . مەن بۈگۈن ئۇنىڭ مۇھەببەت جاراھەتلىرى بىلەن تولغان يۈرىكىنى يەنە قاناتماقچى ، مەغلۇبىيەتلىك مۇھەببەت ھېكايىسىگە يەنە بىر ئازابلىق ، ھەسرەتلىك ، پۇشايمانلىق بىر ھېكايە قوشۇپ قويماقچى ئىدىم . بۇلارنى ئويلاپ ، بىردىنلا قېتىۋالغان تۇرقۇمنى ئۆزگەرتىپ ، يۇمشاق ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتىم .

— ئاڭلىسام مېنىڭ يولدىشىم بىلەن مۇناسىۋىتىڭلار بار ئىكەن . بۇ راستمۇ ؟— دېدىم ئاتايىن ساتىراشخانىدا تۇرمەللەتكەن چاچلىرىمنى سىلاپ قويۇپ . مەن كىشىلەرنىڭ كۆپ ھاللاردا ئاياللارنىڭ سىرتقى قىياپىتى ، يۈرۈش - تۇرۇشىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىمەن . بۇ گەرچە بىر تەرەپلىمە كۆزقاراش بولسىمۇ ، شۇ بىر تەرەپلىمىلىكنى چۈشىنىدىغان كىشىلەرمۇ بۇ كۆزقاراشتىن مۇستەسنا ئەمەس . مەن بۇ يەرگە كونىدىكى تۇرقۇم بىلەن كېلىپ ، ھە دېگەندىلا ئۇ قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغۇم كەلمەي ، يېرىم كۈن ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ ئۆزۈمنى تۈزىگەنىدىم . مەن قەستەن كۆردۈم دېمەي ، ئاڭلىسام دەپ گەپ باشلىدىم .

— ھەئە .

مەن ئۇنى تېنىۋالىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم ، لېكىن ئۇ قولىدىكى ئىچىملىك قۇتىسىنى چۆرگۈلىتىپ تۇرۇپ ئېتىراپ قىلدى .

— ئۇنىڭ ئايالى ، بالىلىرى بارلىقىنىمۇ بىلىدىغانسىز ؟

— دەسلەپ بىلمەيتتىم ، ئۇ ئايالىمدىن ئاجرىشىپ كەتتىم دېگەن . مۇراتنىڭ ئابلىكىم ، تەلئەت دېگەن ئاغىنىلىرىمۇ «راست ئاجرىشىپ كەتتى» دېگەن . بىر مەزگىل ئارىلاشقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئايالى ، بالىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇم ، بىراق مۇناسىۋىتىمىز تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا بېرىپ قالغاچقا رىشتىمنى ئۈزەلمىدىم .

— سىزمۇ بىر زىيان تارتقۇچى ، سىزمۇ ئۆزىڭىزگە تېگىشلىك بولغان مۇھەببەتكە ئېرىشىش پۇرسەتلىرىنى ئۇنى دەپ قولدىن بېرىپ قويغانسىز ، بەلكىم نۇرغۇن يىگىتلەر سىزگە كۆز سالغان بولغىيدى ، بىراق يېنىڭىزدا بىر ئەر بولغاچقا ئېغىز ئاچالمىغاندۇ . سىزنىڭمۇ ئەل قاتارى ئاشكارا مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغۇڭىز ، باشقىلاردەك بىر ئائىلىگە ئىگە بولغۇڭىز باردۇ ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ تېگىشلىك نىشانىنى تاپىدىغان ھالقىلىق يىللارنى مۇرات بىلەن تارتىشىپ ئۆتكۈزۈۋەتسىڭىز ئۆزىڭىزگە ئادالەتسىزلىك قىلغان بولامسىز ؟

قىزنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى . بۇ كۆزلەرنىڭ تېگىدىكى چەكسىز بىچارىلىك ، يېگانىلىق ، خورلۇق ، ئۈمىدسىزلىك ، يەنە مەن ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن ئادەمنى ئېچىندۇرىدىغان ھېسسىياتلار مېنىمۇ بىئارام قىلىۋاتاتتى . قىز كۆزىدىن ئاققان ياشنى شۇنداقلا سۈرتۈۋىدى ، ماڭا كۆزىدىكى ياشنى ئەمەس ، يۈرىكىدىكى جاراھەتتىن ئېقىۋاتقان قاننى سۈرتكەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى . بۇ يۈرەك ئايرىلىشنىڭ ئازابىنى ، مەغلۇپ بولۇشنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ باققان ، جۇدالىق جۇدۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بىر يۈرەك ئىدى .

— ئويلىدىم ، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئويلايمەن ، نەچچە رەت ئايرىلىپ كەتمەكچى بولۇپ ئېغىز ئاچسام ئۇ قوشۇلمىدى . بىر قېتىم مېنى قوغلىشىۋاتقان بىر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىشقا چىقىپ قايتىپ كەلسەم ، مۇرات ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇپتۇ . مېنى كۆرۈپلا ئاچچىقلاپ كەتتى ، ئۇ مېنى كۆزىتىپ ئارقامدىن يۈرگەنىكەن . «سەن بىلەن يا توي قىلغىلى بولمىسا ، ساڭا ئەگىشىپ نېمە كۈن بۇ ماڭا . يا بىرىگە ئوچۇق بۇ لايىقىم دېگىلى بولمىسا ، مېنىڭمۇ ئۆز تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇش ، ئۆزۈمگە تەۋە ئائىلىگە ئىگە بولۇش ھوقۇقۇم بار » دېسەم ، ئۇ : «مەن ئايالىمدىن ئاجرىشىمەن ، بىز توي قىلىمىز ، ئازراق تەخىر قىلمامسەن ، ھەممە ئىشلار ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىدۇ . مەن سەن تارتقان زىيانلارنى تولۇقلاپ بېرىمەن » دېدى ۋە يان تېلېفونۇمنى تارتىۋېلىپ يەرگە ئېتىپ سۇندۇرۇۋەتتى . ئەتىسى ھېلىقى يىگىتنى ئىزدەپ بېرىپ : «بۇنىڭدىن كېيىن دىلبەرنى ئىزدىگۈچى

بولما» دەپتۇ . ئۇ مېنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىمغا توسالغۇ بولدى ، بەخ-
تىمگە ئولتۇرۇپ بولدى .

— مەن پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى سىزگە ئارتماقچى ئەمەس . ئۇ بىر ئالىي مەكتەپ تەربىيەسى كۆرگەن ، ئەقلى - ھوشى جايىدا ئەر تۇرۇپ سىزدەك قىزلار ئازسا ، يامان يولدىن تارتىۋالماقتا يوق ، سىزنى شۇ كوچىدا يېتىلەپ يۈردى . مەنمۇ ئېرىمنى ئۆزۈمدىن ، ئائىلەمدىن قاچۇرۇپ قويدۇم . مەن ئۇنى يېنىمدا تۇتالىغان ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالىغان بولسام ، ئۇ تالاغا قاراپ قالمىغان ، سىزدەك قىزلارنىڭ يۈرىكىمۇ زېدە بولمىغان ، بەخت يولى تورالمىغان بولاتتى . مەن مۇشۇ ئىشلارنى ھەل قىلالايلى ، ھەممىمىز ئۆزىمىزگە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرگە ئىگە بولايلى دەپ كەلدىم . سىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلماقچى ؟

— ئېنىق بىر نىشانىم يوق ، ھامان بىر كۈنى مۇناسىۋىتىمىزنىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىمەن . ئۇ كۈن قاچان كېلىدۇ ، بىلمەي-مەن . بايا ئۆزىڭىزمۇ دېدىڭىز ، سىز مۇرات بىلەن ياخشى ئۆتەلمەپ-سىز . مۇرات ئىككىمىز بەك ياخشى ئۆتۈۋاتىمىز ، بۇنداق ياخشى ئۆتۈۋاتقاندا مۇناسىۋەتنى بىردىنلا ئۈزۈپ قويغىلى بولمايدىكەن . مۇ-رات ماڭا : «مەن سېنى كۆرگەندىن كېيىن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلدىم» دېگەن .

قىزنىڭ گېپىگە ئاچچىق كۈلدۈم . مۇراتنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى چاغدا فاكۇلتېت يېنىدىكى چىملىقتا ئولتۇرۇپ : «رىزۋانگۈل ، سىزنى كۆرگەندىن كېيىن بۇ ئالەمگە قايتا يارالغاندەك بولدۇم ، مۇھەببەت دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم» دېگىنى ئېسىمگە كەلدى . ئەر-لەرنىڭ مۇھەببەت تەجرىبىسى مول بولۇپ كەتسە ئەجەب قورقۇنچلۇق بولىدىكەن . قىزغا مۇرات ماڭىمۇ شۇنداق دېگەن دېمىدىم . سەۋەبى ، مۇراتنىڭ مۇغەمبەرلىكىنى ئاشكارىلاپ يۈزىنى تۆككۈم يوق ئىدى . ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئىككى بالامنىڭ دادىسى-دە . مەندە يەنىلا مۇرات-نىڭ يۈز-ئابرۇيىنى قوغداپ قېلىش ئويى بار ئىدى .

— ئەلۋەتتە ياخشى ئۆتەلەيسىلەر-دە . بار - يوقىنىڭ گېپى بولماي-

دىغان ، مەسئۇلىيەت ، مەجبۇرىيەت سۈرۈشتۈرۈلمەيدىغان ، شېرىن-
شېكەر سۆزلەرلا بولىدىغان بۇنداق ئىش كىمگە خۇشياقمايدۇ . ئۇ
سىزنى ئارامگاھ ، مېھمانخانىلارغا باشلاپ مەردلىك بىلەن پۇل خەج-
لەپ يۈرگەن چاغلاردا مەن ئۆيۈمدە بالىلىرىمغا خىراجەت يېتىشتۈرەل-
مەي قەرز ئېلىپ يۈرىمەن . ئۆزىڭىزنى مېنىڭ ئورنۇمغا قويۇپ بې-
قىڭ . بىر ئەر ئەرلىك ، ئاتىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماي ، مۇھەب-
بەت سەۋداسى بىلەن يۈرسە قايسى ئايال شۇنداق ئەر بىلەن ياخشى
ئۆتەلەيدۇ .ئەگەر مەنمۇ سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام ياخشى ئۆتەلەيت-
تىم ، ئەلۋەتتە . تەييار پۇل خەجلەپ بېرىدىغان ، قۇلاقتا خۇشياقىدى-
غان گەپلەرنى قىلىدىغان ، سىزدىن مۇھەببەتتىن باشقا نەرسە تەلەپ
قىلمايدىغان ئادەم بىلەن كىم سوقۇشۇپ يۈرىدۇ . سىز بىر ئۆينىڭ
بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ بېقىپ ئاندىن بىزنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋى-
تىمىزگە باھا بېرىڭ . مەن بۇ يەرگە سىزدىن مۇراتنى تالاشقىلى
كەلمىدىم . ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆمۈر ھازىرقىدەك ياخشى
ئۆتۈپ كېتەلەيمەن دېسىڭىز ، بولدى ، سىز ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇشنىڭ
تەمىنى تېتىپ بېقىڭ . مەن بالىلىرىم بىلەن خاتىرجەم ئۆتسەملا
بولدى ، مەن ئىككىڭلارنىڭ بۇ ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ ئويلانماي ،
ئازابلانماي تۇرالمىدىم . ئىككىڭلارنى تۇتۇۋېلىپ رەسۋا قىلسامىمۇ قى-
لالاتتىم ، بىراق ئۇنداق قىلمىدىم . سەۋەبى ، بالىلىرىمنى ئويلىدىم .
بىر كۈنلەر كېلىپ بىرلىرى بالىلىرىمنى «سەن قانچىلىك ئادەمنىڭ
بالىسى ئىدىڭ ، داداڭ كوچىدا ئاشنا ئويناپ ، ئاناڭ سازايى قىلىپ
يۈرگەن ئادەمنىڭ بالىسىغۇ» دەپ قالسا ، ئۇلار ئاپام شۇ چاغلاردا
ئېغىرراق بولغان بولسا بىز بۇ ئاھانەتنى ئاڭلىمىغان بولاتتۇق دەپ
ئويلاپ قالمىسۇن دېدىم . بەلكىم بەك ئەخمەقتىمەن ، باشقىلار بېشىغا
دەسسەپ ئوينىسا گۇناھنى ئۆزىدە قويۇپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان مەندەك
ئەخمەق ئايالنى سىز كۆرمىگەن بولغىيدىڭىز . ئېھتىمال ھېچقانداق
ئايال قىلمىغان ئىشنى قىلىۋاتقاندىمەن . بىراق ، بىز ئۇرۇشتۇق ،
تىللاشتۇق دېيلى ، بۇنىڭ بىلەن نېمىنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ ، —
بەك ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولسام كېرەك ، تەرلەپ كېتىپتىمەن . قىز

ئۆكۈنۈش ، خىجىللىق ئارىلاشقان بىر نەزەر بىلەن ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى .

— دېگەنلىرىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن ، ئۆزۈمنىڭ سىزنىڭ ئورنىڭىزغا ئۆتەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن . مۇرات مېنى سۆرەپ يۈرگىنى بىلەن مەن بىلەن توي قىلمايدۇ ، بۇنىسى ئۆزۈمگە ئايان . ئىككى بالىسى بار بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇپ ، ئۇنىڭ بالىلىرىنى يېتىم قىلىپ ئۆزۈمنىڭمۇ ياخشى كۈن كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن . ئەگەر مەن سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بولسام ، سىزدەك ئۆزۈمنى تۇتالماسلىقىم ، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى . مۇرات ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىر ئۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . بولدى ، بىر قارارغا كەلدىم .بۈگۈندىن باشلاپ مۇرات بىلەن باردى-كەلدى قىلمايمەن ، بەختلىك بولۇڭلار .

ئۇنىڭ ئاخىرقى بىر جۈملە سۆزى چاك - چاك يېرىقلار ئارىسىدىن كېلىۋاتقاندەك جىزىلداپ ئاڭلاندى .

پەۋقۇلئاددە خاتىرەمنى يوقىتىپ قويمىساملا ئۇ قىز دېگەندەك بەختلىك بولالمايدىغانلىقىم ئۆزۈمگە ئايان . بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلەيدىغانلىقىمغا ، ئەسلىمەي تۇرالمايدىغانلىقىمغا ئىشەنمەيمەن . ھەر قېتىم مۇراتنى كۆرسەم ، بۇ ئىشلارنىڭ كاللامغا كىرىۋېلىپ مېنى كۆڭۈللۈك ياشاتمايدىغانلىقىنى بىلىمەن . بىراق ، شۇ گەپنى ئاڭلاپ يەنىلا كۈلۈپ قويدۇم .

2006- يىلى 7- ئاينىڭ 2- كۈنى

— ۋاي ئەخمەق چوكان ، ئاشۇنداق ئۆزىنىڭ ئىپپىتىنى قەدىرلىمەيدىغان ئادەمنىڭمۇ گېپىگە ئىشىنىپ يۈردىڭىزمۇ ؟ ئۇنداق ئادەم دېگەنگە سىلىق گەپ ، ئوبدان مۇئامىلە كار قىلمايدۇ . نومۇسنى بىلسە شۇ ئىشنى قىلارمىدى ، ئۇنداق يۈزى قېلىن داپشاقنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىپ بىر تىيىنغا ئەرزىمەس قىلىۋەتسە بولىدۇ . كىم بىلىدۇ ، سىزنى شۇنداق دەپ يولغا سېلىپ قويۇپ ئېرىڭىز بىلەن

يەنە ئۇچرىشىپ يۈرۈۋاتامدۇ تېخى .

گۇلقىز ھەدەمنىڭ بۇ گېپى كۆڭۈل ئارامىمنى يەنە بۇزدى ، مۇراتنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىدىن گۇمانلىنىپ يەنە ئۇنىڭ كەينىگە چۈش-تۈم ، بىراق بۇ قېتىم كۆرگىنىم دىلبەر ئەمەس ئىدى . ياقامنى تۇتقانچە تۇرۇپ قالدىم . بىر قىز بىلەن تونۇشۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمانچە ئاساندۇ ؟ ! ئاشۇ قىز ئۇنى بىرنەچچە كۈندىلا چۈشىنىپ يېتىپ كەينىدىن ماڭغانمىدۇ ! ؟ ئۆتكەندە بالام : «دادام تېلېفوندا بىر ئاپاشنى تىللىدى » دېگەنىدى . دىلبەر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىمەن دېسە تىل-لىغان ئىكەن - دە . مۇراتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەنگەندەك بول-دۇم . ئۇنى چۈشەنگەنسېرى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆتۈشنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم .

ئىشىكنىڭ ئىتتىرىلىشى بىلەن چۆچۈپ خاتىرىنى جايىغا قويۇپ ، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىشىكنى ئاچتىم .

ئىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپمۇ رىزۋانگۇلنىڭ خاتىرىسىدىكى تەپ-سىلاتلار توغرىسىدا خىيال قىلىپ ماڭدىم . رىزۋانگۇلنىڭ ئېرىنىڭ ئاشنىسى بارلىقىنى بىلەتتىم . دېمىگىنىمنىڭ سەۋەبى ، بىر تەرەپتىن رىزۋانگۇلگە دېگىنىمدە ئۆيىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگىنىم-دىن بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىن رىزۋانگۇلنىڭ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ توغرا چۈشىنەلمەسلىكىدىن قورققانىدىم . شۇنداق ئاياللارمۇ بار . ئەگەر : «ئېرىڭىزنىڭ پالانى بىلەن ئىشى بار ئىكەن» دېسىڭىز ، دەرھاللا : «مېنىڭ ئېرىم ئۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس ، خاتا كۆرۈپ قاپسىز »دەپ سىزنى تويدۇرۇپ قويىدۇ . ئىچىدە بولسا : « مېنى كۆ-رەلمەي ئۆيۈمنى بۇزغۇسى كېلىپ شۇنداق قىلىدۇ » دەپ ئويلايدۇ . يەنە شۇنداق ئاياللارمۇ باركى ، ئەگەر دەپ قويۇش سەۋەبلىك ئاجرى-شىپ كەتسە ، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئېرىنىڭ قىلغانلىرىنى ئۇن-تۇپ ، «پالانى شۇنداق دېمىگەن بولسا ئاجرىشىپ كەتمىگەن بولاتتىم» دەپ سىزدىن رەنجىيدۇ . ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ نىكاھىنىڭ بۇزۇلۇشىغا ئېرىنىڭ بۇزۇقچىلىقى ئەمەس ، سىزنى سەۋەبچى بولدى ، دەپ قاراي-دۇ . ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ شۇنداق خۇيلىرىنى بىلگەچكە ، ھەممىنى

بىلىپ تۇرۇپ ئاغزىدىن چىقارمايدىغان بولۇپ كەتكەن. رىزۋانگۇلمۇ مەندىن رەنجىپتۇ، بىراق ماڭا بۇنى دەپ باقمىدى. ئەگەر مەن خاتىرىسىنى ئوغرىلىقچە كۆرمىگەن بولسام، رىزۋانگۇلنىڭ مەندىن رەنجىگىنىنى مەڭگۈ بىلمىگەن بولاتتىم. مۇراتنىڭ ئاشنىسى بارلىقىنى مەنلا ئەمەس، پۈتۈن دوختۇرخانىدىكىلەر بىلىدۇ. دائىم رىزۋانگۇل ئەتكەن تاماقلارنى ماختاپ يەپ يۈرىدىغان مۇراتنىڭ ھېلىقى ئاغىنىلىرى تېخى مۇرات بىلەن رەڭلىك ئوتلۇرۇشلارنى تۈزۈپ تۇرىدۇ. ئۇ قىزنىمۇ مۇراتقا شۇلار تاپقان. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ ئەيىبىنى ياپىدۇ. ئەگەر ئارىدىن بىرەرسى كەچ قالسا ياكى ئاخشىمى ئۆيگە قايتالماي، ئايالى سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، ھەممىسى پالانىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ بىر-بىرىگە ئىسپات بولۇشىدۇ.

— قارا تۇرقۇڭغا لىڭتاسما، تولا كۆزۈمگە كىرىۋالماي يوقالغىنە، ئەنە ئەسكى تامىلىرىڭنى تاشلاپ چىقتىم. ئەمدى مەندە ئاناڭنىڭ ھەققى قالدىمۇ؟

يۈزلىرىگە قويۇق گىرىم قىلغان، ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ بىلەن قولىشالماي دوڭغىيىپ قالغان ئايال ئالدىدىكى چاچلىرى پاخپايغان، تەلەتى سۆرۈن بىر ئەرنى تىللاۋاتاتتى. ئايالنىڭ قىپقىزىل بويالغان ئاغزىدىن چىقىۋاتقان سەت گەپلەرنى ئاڭلاپ سەسكىنىپ كەتتىم. تۇيۇقسىز «ئاشۇ ئېغىزلارغا ئۇ ئەر سۆيگەن بولغىيدى-ھە!» دەپ ئويلاپ قالدىم. بۇ خىيال مېڭەمگە قانداقچە كىرىپ قالدىكىن، بەلكىم مەن ئاشۇ قىپقىزىل بويالغان لەۋلەرنى سۆيۈشكە، ئېغىزنى كۇلۇشكە، مۇلايىم گەپلەرنى قىلىشقا يارالغان، دەپ ئويلىغاندىمەن. ئاپام: «ئوغۇل تۇغۇلسا پۈتۈن دۇنيا خۇش بولارمىش، قىز تۇغۇلسا ئوچاق بېشى خۇش بولارمىش» دەيدىغان. مانا، توغۇلغىنىدا ئوچاق بېشىنى خۇش قىلغان بىر ئايال تۇغۇلغىنىدا پۈتۈن دۇنيا خۇش بولۇپ كەتكەن بىر ئەرنى تىللاۋاتاتتى. ئەرنىڭ ئايالنىڭ ئالدىدا كەتكۈزۈپ قويغان، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىغان جايلىرى بولمىسا ئايال ئۇنى ھاقارەت قىلارمىدى؟ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئائىلىنى، بالىلىرىنى بېقىۋاتقان ئەرلەرنى قايسى ئايال ئاشۇنداق ھاقارەتلىيەلەيدۇ؟ ئەرنىڭ تۇرقىدىن

كۆرۈنۈپ تۇراتتىكى ، بۇ ئەر ئۆزگىنىمۇ خۇش قىلالمىغان ، ئۆزىمۇ تۇزۇكرەك يۇرەلمىگەن بىر ئادەم ئىدى . ئۇنداق ئەرنىڭ بىر ئايالنى بەختلىك قىلالىشى مۇمكىنمۇ ، ئاشۇنداق ئەرلەردىن بەخت تىلەيدىغان ئايالالارنىڭ تەقدىرى قانداق بولماقچىدى . تۇغۇلسا پۈتۈن دۇنيا خۇش بولغان ئەرلەر ئۆزىنى خۇش قىلالمايۋاتقان ، تۇغۇلغىنىدا ئوچاق بېشى خۇش بولغان ئايالالار ئوچاق بېشىغا يولىمايدىغان بىر دەۋردە ياشاۋات-قان بىز نېمىدېگەن بىچارە . شۇ خىيالالارنى قىلىپ كېتىۋاتاتتىم ، قوشنىمىزنىڭ قىزى ئارزۇگۇل ئۇدۇلۇمدىن سالام قىلىپ كەلدى . ئارزۇگۇل كۆتۈرۈۋالغان بوۋاق بېقىش تاپالمىغان ، ياداڭغۇ ، سېرىق چىراي ئىدى . ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشقاچ بوۋىقىنى ئەركىلەتتىم . بالا كۆلۈپ قىلىق چىقىرىشىنىڭ ئورنىغا چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى .

— مىجەزى يوق ئىدى ، شۇڭا...... — دېدى ئارزۇگۇل خىجىل بولغاندەك بالىسىنى بەزلەپ .

— دوختۇرغا ئاپىرىپ باقمىدىڭىزمۇ ؟

سوئالىم بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى ئۇمچىيىپ ، كۆزلىرى ياشقا تول-دى . ئۇ كۆزلىرىگە لىق تولغان ياشلىرىنى كىرپىكلىرىنى قېقىپ قاچۇرۇپ :

— يېنىڭىزدا پۇل بولسا 50 يۈەن بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز بوپتىكەن ، بالىنى دوختۇرغا كۆرسىتىپ باققان بولسام ، — دېدى .

گەپ-سۆز قىلماي يانچۇقۇمغا قولۇمنى سالدىم .

بۇرۇن ئارزۇگۇل بەك چىرايلىق قىز ئىدى . هازىرمۇ خېلى - خېلى قىزلار قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىغان بولسىمۇ ، بىراق شۇ تاپتا ئۇ پۈتۈن تۇرقى بىلەن پورەكلەپ ئېچىلغان بىر گۈلنى ئەمەس ، ئۇششۇك ئۇرۇپ ۋاقىتسىز سولغان ، بەرگلىرى قورۇلۇپ سولاشقان گۈلنى ئەسلىتەتتى . بىز ئۇ مەھەللىگە كۆچۈپ بارغاندا قىپقىزىل كوپتا - يوپكا كىيىپ ، چېچىنى توم قىلىپ بىر ئۆرۈپ يۈرىدىغان بۇ قىزنى ئىدرىسكامنىڭ قىزى دەپ ئويلىمىغانىدىم . بىر كۈنى ئۇلار-نىڭ ئۆيىگە كىرسەم بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ تاماق يەۋاتقاندا-كەن ، ئىدرىسكامنىڭ باشقا قاپقارا دىقماق باللىرى ئارىسىدا ئايدەك

پارلاپ ئولتۇرغان مەلىكە سۈپەت بۇ قىزنى كۆرۈپ هاڭ-تاڭ قالغان-
دىم .

—ئىدرىسكامنىڭ ئەجەب چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن قاراڭ ،
ھېلىقى قارىۋايلىرى ئارىسىدا پەرىزاتتەك ئولتۇرىدۇ .

— ھېلىقى سېسترالىقتا ئوقۇۋاتقان قىزىمۇ ، بەك چىرايلىق قىز
ئۇ ، ئىدرىسكام پۈتۈن ئۈمىدىنى شۇ قىزىغا باغلىغان . ھېچقايسى
بالىسىنى يۇقىرىلاپ ئوقۇتمىغان ئادەم شۇ قىزىنى ئوقۇتتى ، — دېدى
ئېرىم .

ئېرىمنىڭ ئۇ قىزغا مەندىن بۇرۇن دىققەت قىلغىنىغا ئاچچىقىم
كەلگەن بولسىمۇ چاندۇرمىدىم . گۈزەللىك مەندەك بىر ئايال كىشىنى
مەپتۇن قىلغان يەردە ، ئەرلەر نېمە بولۇپ كەتمەكچىدى . ھەرقانداق
ئادەمنىڭ بايقاش ، ماختاش ھوقۇقى بار ئەمەسمۇ ؟

بۇ قىزنىڭ گۈزەللىكىگە يارىشا ئەخلاقىمۇ ياخشى ئىدى . بىر
ئادەمگە ئوشۇق گېپى يوق ، گەپ قىلىسىمۇ پەسكۈيدە كۈلۈپ قوياتـ-
تى . كۈلگەندىكى زىننەتلىرىچۇ تېخى . مەن ئۇ قىزنى شاخنىڭ ئۇچىدا
پىشقان قىپقىزىل بىر ئالمىغا ئوخشىتاتتىم . يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋات-
قانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇ ئالمىنى ئۈزۈۋالغۇسى كېلەتتى ، بىراق
ئۇ ئالمىنىڭ بېغى چىڭ ئىدى .

ئۇ قىز تېببىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ كەلگەندە ئامراقلىقىم تۈپەيـ-
لى ئىدرىسكاملار ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ ، بىر تۇغقىنىمىز ئاچقان
خۇسۇسىي دوختۇرخانىغا تونۇشتۇرۇپ قويغانىدىم . قىزىغا «خىز-
مەت» تېپىپ بەرگىنىم ئۈچۈن ئىدرىسكام بىلەن ئايالى خۇش بولۇپ ،
ھويلىسىغا تېرىغان شوخلا ، قىزىلمۇچلىرىنى بىر ياز ماڭا توشۇپ
ھارمىغانىدى .

بىر كۈنى ئىدرىسكامنىڭ ئايالى زەينەپ ھەدەم ئۆڭسۈلى يوق
كىرىپ كەلدى- دە ، مىچىلداپ يىغلىغىنىچە :

— ئارزۇگۈل پوق يەپ ساپتۇ ، ئۇكام ، — دېدى .

—نېمە بوپتۇ زادى ، ئېنىق دەڭا ، — دېدىم تاقەتسىزلىنىپ .

— قېچىپ كېتىپتۇ . كونا ئۆستەڭ يېزىسىغا قېچىپ كېتىپتۇ .

— نېمە دەيدىغانسىلەر ئەمدى .

ئۇ قىزنى كۆرگەندە گۈزەللىككە قانداق ھەيران قالغان بولسام ، قېچىپ كەتكىنىگە شۇنداق ھەيران قالدىم . بولمىسا بىزنىڭ بۇ يۇرتتا قېچىپ كەتكەننى ئۇنچىلىك ئېغىر ئېلىپ كەتمەيمىز . چۈنكى ، ئەترا- پىمىزدا قېچىپ كېتىپ ئانا بولغانلار ، موما بولغانلار خېلى بار ئىدى . بۈگۈن پالانىنىڭ قىزى قېچىپ كېتىپتۇ ، دەپ بولغۇچە ، ئەتىسى ئۆزىمىزنىڭ قىزى ياكى سىڭلىمىز قېچىپ كېتىدۇ . شۇڭا ، گەپ- سۆزى چىقىپ قالغان ، مىجەز-خۇلقى ياخشى ئەمەس ، زۇۋاندار قىزلار قېچىپ كەتسە ، «بوپتۇ ، جايىنى تېپىپتۇ» دەپ يۇرۇۋېرىمىز . چۈن- كى ، مۇشۇ قېچىپ كېتىش بىلەن ئۇلارنىڭ كوچىدىكى گەپ- سۆزى بېسىقىپ ، بىر ئۆينىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ۋات - ۋاتلىق خۇيلىرى يوقاپ ، بىر ئوڭلۇق چوكانلاردىن بولۇپ كېتىدۇ . بىراق ، كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرغان ئەرلەرنى كۆرسە يىراقتىن يانداپ ئۆتۇپ كېتىدى- غان ، گۈزەللىككە ھايا- نومۇس قوشۇلۇپ تېخىمۇ جەزبىدار ، سىر- لىق كۆرۈنىدىغان نىغان مۇشۇنداق بىر قىزنىڭ ئەل قاتارى توي قىلىپ ، بولغۇسى ئېرىنىڭ ئۆيىگە ئىززەت - ئىكرام بىلەن كۆچۈرۈ- لۈپ بارماي ، ئۆز ئايىغى بىلەن چاقىرىلمىغان مېھماندەك كېتىپ قېلىشى ئۇ قىزنى بىلىدىغان ھەممە كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى .

— سىلەر ئارزۇگۈلنىڭ ئۇ يىگىت بىلەن توي قىلىشىغا قوشۇل- مىغانمۇ ؟— دېدىم زەينەپ ھەدەمگە .

— ۋاي بىز نەدىن بىلىمىز دەيسىز ، بىزگە لايىقىم بارمۇ دېمە- گەن ، توي قىلىمەنمۇ دېمىگەن . بايا ئارزۇگۈل ئىشلىگەن دوختۇرخا- نىغا بارسام تاھىر دوختۇرمۇ مۇشۇ چاغقىچە بىرەرسى دوختۇرخانىغا ئارزۇگۈلنى ئىزدەپ كېلىپ باقمىغان ، ئوغۇل بالا تۇرماق ، قىز بالىمۇ كەلمىگەن دەپ ئولتۇرىدۇ .

— ئۇنداق بولسا ئۇ بالا ئارزۇگۈلنى مەجبۇرلاپ ئېلىپ كەتتىمۇ- يە ؟ !

— ئۇنداقمۇ ئەمەسكەن ، تۇنۇگۈن تۇغقانلارنىڭ قىزىدىن ئىككە- نى ئەۋەتىپ : «ئەگەر مەجبۇرىي ئەكەتكەن يېرى بولسا ياندۇرۇپ

كېلىڭلار » دېسەم ، ئارزۇگۈل : «ئۆزۈم خالاپ كەلدىم ، كەتمەيمەن » دەپتۇ ، — زەينەپ ھەدەم گېپىنى ئاخىرلاشتۇرالماي يىغلاپ كەتتى .

ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزنى ئالتۇنغا تېگىشىدىغاندەك گەپ-سۆز قىلماي يۈرىدىغان قىزنىڭ مۇنداقمۇ گەپ قىلالايدىغانلىقىغا ھەيران قالدىم . ئەمدى پەقەت زەينەپ ھەدەمنىڭ كۆڭلىنى ياسايدىغانلا ئىش قالغانىدى .

— ۋاي نېمىگە يىغلايتتىڭىز ، بوپتۇ ، ئەل قىلمىغان ئىشمىدى . تۆت ئادەم كەلسە چىرايلىق توينى قىلىپ قويسىڭىز بولمىدىمۇ ؟

— قاچقان،يېرى تۈزۈكرەك بولسا نېمە دەي ، بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى كاتەكتەك ئۆيدىكەن ، دەيدۇ . كونا ئۆستەڭ دېگەننىڭ يولىنى بىلىسىز ، تۈگىمەس ناخشىدەك ئۈزۈلدىن - ئۈزۈلغا كەتكەن تاقىر سايلىق . شۇ سايلىقتىن ئۆتۈپ بىزنى ئايدا بىر قېتىم يوقلاپ كېلەلەمدۇ-كېلەلمەمدۇ . قىشلىقى تېخى يولنى قار بېسىپ كەتسە يېگىلى كۆكتاتمۇ سېتىۋالالمايسىش . بۇ قىزدىن دادىسى بەك زور ئۈمىد كۈتكەن . دوختۇر قىلغۇسى ، ياخشىراق يەرگە ياتلىق قىلغۇسى بار ئىدى . ئەمدى ئۇ جاڭگالدا ئۇنىڭغا ئىشلەيدىغان دوختۇرخانا نەدە . بىرنى تۇغسا تېخى پوققا پاتىدۇ ، — زەينەپ ھەدەم سۆزلەپ ، قايناپ ، يىغلاپ بولۇپ چىقىپ كەتتى . ئارزۇگۈلنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغان قانداق يىگىتكىنە ، پەرھاتتەك باتۇر ، قاملاشقان يىگىت بولمىسا ئار-زۇگۈل سەھرانى سەھرا دېمەي ئۇ يىگىتنىڭ كەينىدىن كېتەمتى !

بىرەر ئايدىن كېيىن ئارزۇگۈلگە توي قىلىپ بەردى . چىللاق كۈنى بىز زەينەپ ھەدەم بىلەن ئات ھارۋىسىغا ئولتۇرۇپ يىگىتنىڭ ئۆيىگە باردۇق . راست دېگەندەك ھاسىراپ تۇرۇپ چىقىپ ، يۈگۈ-رۈپ ، مۈدۈرۈپ چۈشىدىغان دۆڭنىڭ ئۈستىدىكى تام ئورنىدا جىگدە دەرەخلىرى قاتار تىكىلىپ قاشالانغان يالغۇز بىر ئۆي ئارزۇگۈل قېچىپ بارغان ئۆي ئىكەن . ئۆينىڭ قانداقلىقىغۇ مەيلى ، بىزگە ياقمىغىنى ئارزۇگۈلگە قېيىنئانا بولغۇچى ئايالنىڭ مۇئامىلىسى بول-دى . ئۇ ئايال زەينەپ ھەدەمگە قاشلىرىنى سوزۇپ چوڭچىلىق قىلىپ قول بېرىپ كۆرۈشتى . داستىخان تارتىلغاندا :«ئۆز ئايىغى بىلەن

كەلگەن قىز دېمەي يەنە يارىشقىنى قىلىپ توي قىلىپ بەردۇق» دەپ سېسىق گەپ قىلىشۋالدى. ئەسلىدىنلا كۆڭلى يېرىم ئولتۇرغان زەينەپ ھەدەم ئاسماندىن يەرگە چۈشكەندەك بولۇپ، قايتىپ كەلگۈچە يول بويى يىغلاپ كەلدى. ئاياللار تەرەپ - تەرەپتىن قۇدا بولغۇچىلارنى سۆكۈشكە باشلىدى.

— خۇدايىم بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمىگەن، بىزدەك مەھەل-لىدە، ئەل ئارىسىدا ئولتۇرغان بولسا قانچە ھاكاۋۇرلۇق قىلار ئىدى.

— شۇنداقلىقىدىن ئەل ئارىسىغا ئالماي، ھۇۋقۇشتەك ئەسكى تاملىقتا چوقچىيىپ ئولتۇرغان نېمىكەن.

— چوقۇم بىرەر ئالا قاغا ئارزۇگۈلنىڭ ئۇ يەرگە بارغىنىغا نارازى بولغانلىقىمىزنى يەتكۈزگەن گەپ، شۇڭا ئۇ خوتۇن بىزنى قەستەن چېقىشۋالدى، — دېدى زەينەپ ھەدەمنىڭ سىڭلىسى.

— ھەممە گۇناھ ئاشۇ ئەر سارىڭىدا، ئۇ قېچىپ كەتمىگەن بولسا ئاۋۇ خوتۇن مېنى مۇشۇنداق ئوسال قىلارمىدى، — زەينەپ ھەدەم يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

— سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن ۋايرانە ئۆيدە ئولتۇرغان تومپاي خوتۇنغا نېمە يوغانچىلىق.

— بىزغۇ يېنىپ كەلدۇق، بىراق ھەممە بولغۇلۇق شۇ ئارزۇ-گۈلگە بولىدىغان بولدى، ئوتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاپتۇ بىچارە قىز.

— ئۆزىگە ئاز، نى كېپى چىقىپ كەتكەن، كوچا- كوچىدا ئوغۇل باللار بىلەن سۆرىشىپ يۈرگەن قىزلار بىر ئوبدان يەرلەرگە ياتلىق بولۇۋاتسا، شۇنداق پاكىز ئولتۇرۇپ ئۆتەپ - تېشىپ مۇشۇ جاڭگالغا كېلىشۋالدى، نېمە بولسا بولمامدۇ، ئۆزىنىڭ شورى، — زەينەپ ھەدەم قېيىداپ شۇنداق دېگىنى بىلەن يۈرەك پارىسىنى ئوت ئىچىگە تاشلاپ قويۇپ كېلىشۋاتقىنى ئۈچۈن تۈگىشىپ كېتىشۋاتاتتى.

— ئىدرىسكامنىڭ دۆڭگە قاراپلا بېشى چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى مەھەللىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاياللار يەنە شۇ تېمىدا سۆزلەپ، — ئارزۇگۈل شۇنچە قىلىپ كەتكەنگە قارىغاندا خېلى قاملاشقان بالىكەن - دە.

—نەرى قاملاشقان بولىدۇ ، قاپقارا كۆسەيدەك ئۇزۇنتۇرا بىر-
نېمىكەن .

ئارزۇگۇلنىڭ ئېرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەندە ، ئۇنىڭ ئا-
ياغىنىڭ بوغقۇچىنى ئەسلىتىدىغان ئۇزۇنتۇرا تۇرقىغا ، پۇلتىيىپ تۇر-
غان كۆزلىرىگە قاراپ كۆڭۈلنىڭ كۆزى يوق ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم .
ماڭا ئۇ ئاشۇ ئۇزۇن پاچاقلىرى بىلەن ئىدىرىسكاملارنىڭ پاكار تېمى-
دىن ئاتلاپ كىرىپلا ئاشۇ شاخنىڭ ئۇچىدىكى ئالمىنى قېقىپ چۈشۈ-
رۈۋالغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

ئارزۇگۇل ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ، زەينەپ ھەدەمدىن
ئارزۇگۇلنىڭ ئەھۋالىنىڭ تازا ياخشى ئەمەسلىكى ھەققىدە خەۋەرلەرنى
ئاڭلاپ تۇردۇم ، ئىدىرىسكام كەم سۆز بولۇپ كەتتى . بىر كۈنى كەچتە
ئۇ ئىشىك ئالدىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا كەچكى شەپەق نۇرلىرىغا قاراپ
ئولتۇرغانىكەن ، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ :

— ئەسسالام ئىدىرىسكا ، نېمىنى خىيال قىلىپ ئولتۇرۇپ كەتتى-
ڭىز ، — دېيىشىم بىلەن :

— دەپ بېقىڭە ئۇكام ، مەن بېغىمدا يۈرەك قېنىمنى سەرپ
قىلىپ ، پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن گۈلنى باشقىلار ئوغرىلاپ كې-
تىپ دەسسەپ - چەيلىسە مېنىڭ يۈرىكىم ئۆرتەنمەمدۇ ؟ ھەر كۈنى
مۇشۇنداق گۈگۈم پەيتىدە قىزارغان شەپەقنى كۆرسەم كۆز ئالدىمغا
ئوتتا كۆيۈۋاتقان ، بەرگلىرى قۇرۇۋاتقان بىر گۈل كېلىدۇ . ئاندىن
ئۇ گۈل قىزىمغا ئايلىنىپ ، ماڭا قولىنى سۇنۇپ «قۇتقۇزۇۋال»
دېگەندەك قىلىدۇ . مەنمۇ دادا بولدۇممۇ ، قىزىمنى ئوتتىن تارتىۋالال-
مايمەن ، گۈلنى ئوغرىلىغان ئادەم ئۆز بېغىغا كۆچۈرۈپ قويسا ،
ھېچبولمىسا بوتۇلكىغا چىلاپ قويسا بولمامدۇ ، — دېمەسمۇ ، ئۆمرى
ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەمنى بۇنداق ئوبرازلىق
گەپ قىلار دەپ ئويلىمىغانىكەنمەن . ئىدىرىسكامنى شۇنداق سۆزلەتكەن
دەرد ئىدى . ھەركىم ھەر نېمە دەيدۇ ، دەرد كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ .
ئەگەر مېنىڭ قىزىممۇ شۇنداق تەقدىرگە دۇچار بولغان بولسا مەن
قانداق بولۇپ كېتەتتىم . ئارزۇگۇل توي قىلىپ بىر يېرىم يىل

بولغاندا بوۋنىنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. قايتىپ كەلگىنى بىلەن ئاجراشقىنى يوق. ئېرى ئىچكىرىگە كىرىپ زەھەر سودىسى قىلغاچقا تۇتۇلۇپ قاپتۇ. ئارزۇگۈل ئېرىنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ تۇرغۇدەك. مېنىڭچە بۇنداق گۈزەل قىزلار ئېسىل لىباسلارغا ئورىنىپ گۈزەللىكىنى، لاتاپىتىنى يوقاتماي يۈرۈشى، ھەرگىزمۇ نەچچە يېرىدىن تارىلىپ كەتكەن پايپاقنى كىيىپ كىشىلەرنىڭ ئاپتاپپەرەسلىكىدە كۈنلۈك ئىشلەپ يۈرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئارزۇگۈلنى تۇل قالدى دېگىلى بولمايتتى. ئېرى بار دەيلى دېسەك، ئېرى 20 يىللىق كېسىلىپتۇ، 20 يىلغىچە بىر ئايالغا ئەر، بىر بالىغا دادا كېرەك بولىدىغان چاغلار بولماسمۇ؟!

ئارزۇگۈل ھەققىدىكى خىياللىرىم دەرۋازىغا سېلىنغان يوغان قۇلۇپنى كۆرگەندىلا بېسىقتى. ئۇ يەنە كەلمەپتۇ. بالىچۇ؟ بالا نەگە كەتكەندۇ؟ ئۆيگە كىرمەستىن ئۇدۇل چوڭ يولغا قاراپ ماڭدىم، بالام يېقىندىن بېرى ئاشۇ چوڭ يولدىكى بىر ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىغا ئۆگىنىپ قالغانىدى، بۇ ئويۇن ئادەمنى شۇنچىلىك خۇمار قىلىۋالامدىغاندۇ؟ بالام نەچچە رەت تاياق يېگىنىگە قارىماي پۇرسەت تاپسىلا شۇ يەرگە قاچىدۇ. ئۇنى بۈگۈنمۇ شۇ جايدىن تاپتىم. بالىنى يېتىلەپ ئۆيگە كەلسەم، ئېرىم تېلېۋىزورنىڭ قاناللىرىنى يۆتكەپ ئولتۇرغانىكەن. مەن مۇشۇ تېلېۋىزورنىڭ قاناللىرىنىڭ كۆپلۈكىگە نارازى. چۈنكى، مېنىڭ ئېرىم تىزگىنەكنى تۇتۇۋالغانچە بىر كىنونى باشتىن-ئاخىر كۆرمەي، ھېلى ئۇنىڭغا، ھېلى بۇنىڭغا يۆتكەپ كىنونىڭمۇ مەززىسىنى قويمايدۇ. بىز كىچىك چاغلاردا ئەترەتنىڭ قورۇسىدا يىلدا بىرەر-ئىككى قېتىم كىنو قويۇپ بېرەتتى. بىز ئۆيلىرىمىزدىن كىچىك ئورۇندۇقلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ بېرىپ كىنو كۆرۈپ كېلەتتۇق. بىر يىلى كەپسىز بالىلار ئەترەت قورۇسىدىكى خام خىشنى ئورۇندۇق قىلىپ ئولتۇرۇپ بىر - بىرىنى تۇسۇۋالدىك دەپ خىشلارنى ئۈست - ئۈستىلەپ قويۇپ نۇرغۇن خىشنى چېقىۋەتكەنىدى. شۇندىن كېيىن ئەترەت باشلىقى ئەترەت قورۇسىدا كىنو قويدۇرمايدىغان بولغانىدى. ئۇ چاغدىكى كىنولارنىڭ مەزمۇنى ھازىرقىدەك مۇرەككەپ

ئەمەسمىدىكىن، بىز بىر كۆرۈپلا ئېسىمىزدە تۇتۇۋالالايتتۇق. قىزلار كىنودىكى قىزلارنىڭ چاچلىرىنى ئۆرۈشلىرىنى كۆرۈۋېلىپ، ئەتىسى چېچىمىزنى شۇ پاسوندا ئۆرۈۋالاتتۇق. ئوغۇللار ياغاچتىن مىلتىق ياساپ، قارىياغاچ شۇپۇڭلىرىنى يوپۇرماقلىرى بىلەن سۇندۇرۇپ ئېلىپ بېشىغا يۆگەپ، «تا-تا-تات» قىلىپ كىنونى دوراپ ئېتىشىپ ئوينايتتى. قىغ دۆۋىسى ئۇلار كۆرەش قىلىپ ئالىدىغان نىشان، سوقما تام، قارىياغاچ، تېرەكلەر ئۇلار ئۆزىنى دالدىغا ئالىدىغان ئاكوپ ئىدى. شۇنداق كىنولارنىڭ تەسىرىدىنمۇ 1 - يىللىقتىكى ۋاقتىمىزدا مۇئەللىم بىزدىن: «چوڭ بولغاندا نېمە ئىش قىلىسىلەر؟» دەپ سورىسا، سىنىپتىكى 21 ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ ھەممىسى: «ھەربىي بولىمەن» دېگەنىدى. لېكىن، ئاشۇ 21 ئوغۇل ساۋاقدىشىمنىڭ ھەممىسى ھازىر ھەر - ھەر قاتقان ئەر بولۇپ دېھقانچىلىق قىلىۋاتىدۇ. مەن يېزىغا بېرىپ قالسام ئۇلار ماڭا تارتىنىپ تۇرۇپ گەپ قىلىدۇ.

— تاماق ئەتمەي مۇشۇ چاغقىچە نەدە يۈردۈڭ لالما!

— تاماق دېگەننى ئۆيدە تاماق ئەتكۈدەك نەرسىلەر بولسا ئەتكىلى بولار. مەن ئالۋاستى ئەمەس، توپىدا خېمىر يۇغۇرۇپ، قۇرت-قوڭغۇزدا سەي قورۇپ، پۇتۇمنى ئوتۇن قىلىپ تاماق ئېتىدىغان.

— ئەتىگەندىن بېرى ئالماي نېمىش قىلدىڭ.

— ھەي، تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىمۇ بۇ، گەپ قىلمىسام ئاي - ئايلاپ ئۆيگە بىر نان كۆتۈرۈپ كىرمەيسەن، بىر كۈن قازان ئېسىلمىسا سۈرۈشتۈرۈپ كېتىپسىنا.

— ۋاي ئەتمىسەڭ ئەتمە، بۇ شەھەرنىڭ يېرىم ئاھالىسى مېنىڭ تۇغقىنىم، قەيەرگە بارسام بىر قاچا تاماق تېپىپ يېيەلەيمەن، كۆتۈر مىننەتلىك تامىقىڭنى، — ئۇ شۇنداق دەپ ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ، ئۆيگە ئادەمنىڭ ئىچىنى بۇرۇقتۇرما قىلىۋېتىدىغان ئاچچىق كەيپىياتنى سولۇۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

مەن ئەسلىي بۇنداق تېرىككەك، زۇۋاندار ئايال ئەمەس ئىدىم. قاچانكى ئېرىمنىڭ ئۆينىڭ بار-يوقى بىلەن كارى بولمىدى، شۇ كۈن-

دىن باشلاپ بوغۇلۇپ، تىترىكىپ سۆزلەپ يۈرىدىغان بولۇپ قالدىم.

— ئاپا، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى.

بالامنىڭ گېپىگە جاۋابمۇ بەرمىدىم. مەن مۇشۇ باللارنى دەپ غۇدۇرىسامىمۇ، سۆزلىسەممۇ، كۈندە قازان قاينىتىپ كېلىۋاتاتتىم. مېنىڭ قېيىنئانامغىمۇ نارازىلىقىم بار. مەن ئېرىمنى ئۆيگە خىراجەت قىلىدىغان قىلاي دەپ قەستەن لازىمەتلىكلەرنى ئالماي تاماق ئەتمىگەن كۈنلىرىم ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەپ كېلىدۇ. قېيىنئانام بولغان ئايال: «سەن بۇ يەردە تاماق يېدىڭ، ئايالىڭ، باللىرىڭ قانداق قىلىدۇ» دەپ سوراپ قويماي، مېنى ئۇچراتقىنىدا: «دولقۇن ئۆتكەن ھەپتە ئىككى رەت تاماق يېگىلى باردى، سىز ئۆيدە يوقمىدىڭىز» دەپ ئۇنىڭ يېگەن تامىقىنى پېشانەمگە قويىدۇ. مەن بەزىبىر ئايالللاردەك تاماق ئېتىشنىڭ جاپاسىدىن قېچىپ ئاشخانىدا قورساق تويدۇرۇشنى ياقتۇرمايمەن. بىر ئائىلە كىشىلىرىنى تاماق شىرەسىگە جەم قىلىپ ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشنى ئۆزۈمنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بۇرچۇم دەپ ئويلايتتىم. ئائىلەم، باللىرىم ئۈچۈن بىر قاچا تاماقنى يېگۈچە چوكا، قوشۇق، ئاش سۈيى دېگەندەكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن نەچچە رەت ئورنۇمدىن تۇرۇشنى ئېغىر ئالمايتتىم. توۋا دەيمەن، توڭلاتقۇنى لىققىدە توشتۇرۇپ قويۇپ ئايالىغا تاماق ئەتكۈزەلمەي ئۆزى قازان بېشىدا پىرقىراپ يۈرگەن ئەرلەر مۇشۇ كوچىدىنلا تېپىلىدىغان تۇرسا، مېنىڭ ئېرىم نېمىشقا بۇ ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ مېنى بۇنچە خاپا قىلىپ يۈرۈپ سىرتتىن يېگەن بىر قاچا تامىقى ئۇنىڭغا سىڭەمدىغاندۇ؟ باللارغا مۇھەببەت بېرىدىغان، ئائىلىنىڭ ئىللىقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، ئۇلارغا ئائىلىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى بىلدۈرىدىغان مۇشۇ ئالتۇندەك يىللارنى بىكار ئۆتكۈزۈۋېتىۋاتقانلىقىدىن ئۇ ئۆكۈنمەمدىغاندۇ؟ چىڭگىدە يېپىلىپ تۇرغان ئىشىك ئېچىلىپ، بويى ئۆسۈپ مەندىنمۇ ئېگىز بولۇپ كەتكەن قىزىم كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپلا ئۆيدىكى ناچار كەيپىياتنى سېزىپ ئۈلگۈردى. ئۇنىڭ مۆڭلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيدىغاندەك ھېس قىلدىم. ئاشۇ

چوپچوڭ بولۇپ قالغان قىزنىڭ ئالدىدا بىز ئاتا ـ ئانا بولغان ئادەم تىللىنىشىپ ، سەتلىشىپ يۈرسەك بالىلار كىمنى ئۈلگە قىلىپ ياشار ؟ ئۇلار بىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىمىزغا قاراپ توي قىلىپ تۇرمۇشلۇق بولۇشنى قورقۇنچلۇق ئىشكەن دەپ ئويلاپ قالماسمۇ ؟ ئەسلىي بىر- بىرىمىزگە ھەمكارلىشىپ ، يۈكنى تەڭ كۆتۈرۈشۈپ ، جاپادىمۇ ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان ئادەملەر ئىدۇق . بىراق ، ھازىر تۇرمۇشىمىزدا ماددىي قىيىنچىلىق ، جاپا ـ مۇشەققەت ئاز بولسىمۇ ، مەنىۋى جەھەتتە غېرىب ، مىسكىن ، روھسىز بولۇپ كېتىۋاتىمىز . مۇشۇنىڭغا قاراپ ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن يىللارنى سېغىنىپ قالاتتىم . رەھمەتلىك دادام ئاچارچىلىق يىللاردا دەريادىن ئۆتۈپ قومۇش ئورغىلى كېتىۋېتىپ بىر توغرام قوناق نېنى سۇغا چۈشۈپ كەتكىنى ئۈچۈن چوپچوڭ بىر ئادەمنىڭ سۇغا سەكرەپ ناننى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلاپ كەتكىنىنى ، شۇ كۈنى ئۇ كىشىنىڭ يەيدىغان نەرسىسى يوق ، ئاتىنىڭ تېزىكى ئارىسىدىن چىققان قوناقنى يۇيۇۋېتىپ ئوتقا تاشلاپ قوماچ قىلىپ پىشۇرۇپ يېگىنىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن . ئاشۇ يىللاردا بالىلىرى بىلەن كارى بولماي سىرتتا قورساق تويدۇرىدىغان ئاتىلار ، ئۆيدە تاماق ئېتىشنى خالىمايدىغان ئانىلار يوق ئىدى . ئورۇقلاش توغرىسىدىكى ئېلانلارمۇ يوق ئىدى . بىر سىقىم قوناق ئۇنى تاپقان ئاتا-ئانىلار خۇدانىڭ سۇيىگە ئۇماچ چېلىپ ، يەتتە-سەككىز بالىسىنى ئەتراپىغا جەم قىلىپ خۇشال-خۇرام ئىچىشەتتى .

ئاشۇ يىللاردا بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى تويدۇرالمىغان ئاتىلار ئەترەت ئېتىزلىقىدىن كۆكباش ئوغرىلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، ئوغرىلىغان كۆكباشلىرى بوينىغا ئېسىلىپ سازايى قىلىنغان ، جازالانغانىكەن . مەن ئاشۇ ئاتىلاردىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ، ئۇلارنىڭ قەلب دالاسىدىكى مېھىر-مۇھەببەت گۈللىرىنىڭ شۇ جۇدۇن - چاپقۇنلۇق يىللاردىمۇ بىخ چىقىرىپ كۆكلەپ تۇرغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايمەن .

ئاپام كىچىك چاغلىرىمدا مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدىغان : «بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشى بازاردىن ئىككى سامسا سېتىۋېلىپ

كېلىپ ، ئايالىغا سامساننى قوچاقتىكى بالىسىغا چايناپ يېگۈزۈپ قويۇشنى ئېيتىپتۇ . ئايالى ماقۇل دەپ قويۇپ سامساننى ئۆزى يېۋاپتۇ ، ئەر بۇنى ئۇقۇپ ئايالىغا ئاچچىقلاپتۇ . ئايالى مەن يېگەن سامسا سۈتتىن بالىغا بارىدۇ ئەمەسمۇ دېسە ، ئېرى ئىشەنمەي ئايالىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىپ باققانىكەن ، ئايالى يېگەن بايىقى سامسىلار ئەمچەك ئىچىدە قاتار تۇرغۇدەك .» ھېكايىدىكى «ئەمچىكىنى كېسىپتۇ» «يېگەن سامسىلار قاتار تۇرغۇدەك» دېگەن سۆزلەر ئەقىلگە سىغمىسىمۇ ، ئانا يېگەن نەرسىنىڭ قۇۋۋىتىنىڭ سۈتتىن بالىغا ئۆتىدىغانلىقىدەك ئىلمىيلىكنى قوپال بىر شەكىلدە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بۇ ھېكايىدىكى ئايالنىڭ ئەمچىكىنى كەسكەن ياۋۇز ئەرگە شۇ چاغدا بالىلىق قەلبىمدە ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى قوزغالغانىدى . ھازىر شۇ ھېكايە ئېسىمگە كەلسە ئاشۇ ياۋۇز ئەر ھازىرقى ئائىلىسى ، بالىسىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىغان مەسئۇلىيەتسىز ئەرلەردىن ياخشى ئىكەن ، دەپ ئويلاپ قالىمەن . ئۇ ياۋۇز كىشى ئايالىغا رەھىمسىز بولغىنى بىلەن بالىسىغا نىسبەتەن بىر مەسئۇلىيەتچان ، كۆيۈمچان دادا ئىكەنتۇق .

مېنىڭمۇ يېنىمدا ئۆيگە يېگۈدەك نەرسە سېتىۋالغۇدەك پۇل يوق ئەمەس . لېكىن ، دولقۇننىڭ بار ئېغىرىنى ماڭا سېلىۋالغىنى ، يەنە تېخى مۇشۇ ئۆيىنى ، بالىلارنى دەپ چېپىپ يۈرسەم ، ئۆزى ئوڭدا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈپ تۇرۇپ «لالما» دەپ ھاقارەت قىلغىنى ئۇچۇن ئاچچىقىم كېلىپ «يوق» دېدىم . ئەگەر ئۇ مەن بالىنى ئېلىپ كىرگەندە قورسىقى ئاچ بولسا ، «قورسىقىم ئېچىپ كەتتى ، تاماق ئەتمەمسەن» دېگەن بولسا ، ھېچبولمىسا ھېچنېمە دېمەي تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇۋەرگەن بولسىمۇ ، مەن يەنە قازان بېشىدا پىرقىراپ يۈرۈپ ئۇن - تىنسىز تاماق ئېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويغان بولاتتىم .

ئىككى بالامنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا تاماق يېگىلى ماڭدىم . بايىقى خاپىلىق بىلەن قولۇم ئىشقا بارماي قالغانىدى . كوچىدىن چىقىشىمىزغا دوقمۇشتىكى كاۋاپچىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان ئېرىمگە كۆزۈم چۈشتى . ئاشۇ كاۋاپ ئۇنىڭ گېلىدىن قانداق ئۆتىۋاتقاندۇ ؟ ! بارغانچە بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىغا ئېسىلغۇم كەلدى ! بىراق ...... مەن بىنا

ئۆينى ئالغاندىن باشلاپ ئۆيدە خاپىلىق قۇرۇمىدى. بالا كىچىك چاغلار بولغاچ، خىزمەت بېسىمى، ئائىلە ئېغىرچىلىقى بىلەن تالىقىپ، يىقىلىپ قالايلا دەپ قالغان چاغلىرىم ئىدى. ئۇ مەن تارتقۇاتقان جاپالارنى كۆرمىگەندەك، ئۆينىڭ ھېچ ئىشى بىلەن كارى يوق يۈردى. بىر كۈنى: «ئۆينىڭ پار پۇلىنى تاپشۇرۇڭلار دەيدۇ» دېسەم، «بۇ ئۆي سېنىڭ، بىرەر ئىش بولسا ئىدارەمنىڭ ئۆيى دەپ تۇرۇۋالارسەن، شۇڭا ماڭا ئۇ پۇل، بۇ پۇلنىڭ گېپىنى قىلما» دېمەسمۇ، بىرى مۇز توڭلىغان كاچكۇلغا ئىتتىرىۋەتكەندەك ئەندىكىپ كەتتىم. مەن ئۇنى شۇنداق دەر دەپ مىڭ ئىشىككە دوقۇرۇپ، نەچچە ئۇن ئادەمگە يالۋۇ-رۇپ بۇ ئۆينى ئالغانىمىدىم؟ئۇنىڭ بۇ تامدىن تارىشا چۈشكەندەك گېپىگە نەچچە كۈن قورسىقىم كۆپتى. بۇنداق گەپ كېيىن يەنە نەچچە قېتىم تەكرارلاندى. ھەر قېتىم پۇلنىڭ گېپى بولسىلا بۇ گەپ ئۆرۈلەتتى. بىر كۈنى ئاچچىقىم كېلىپ: «بۇ ئۆي مېنىڭ بولسا، ساڭا نېمە بار بۇ ئۆيدە، سەن بىر ئۆي جابدۇقىمىدىڭ تىزىپ قويىدى-غان» دېدىم. شۇ گەپ بىلەن ئۇ كىيىم - كېچەكنى چامادانغا سېلىپ يامانلاپ چىقىپ كەتتى. بىزدە ئەرلەر يامانلاپ چىقىپ كېتىدىغان ئىش بولمىغاچ، بۇ ئىشقا پۈتۈن بىنادىكىلەر، ئىدارىدىكىلەر ھەيران قالدى.

— باشلىق خوتۇن دېگەننىڭ سورى يامان بولىدۇ، بىرلا ھومى-يىپ قاچۇرۇۋېتىپسىز - دە ئۇ بايقۇشنى، — دېگەندى ئىدارىمىزنىڭ قوغداش خادىمى.

— بەك يامان جۇمۇ سىز پەرىدە، ئېرىڭىزنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىپسىز، — دېگەندى دائىم خىزمىتىدىن مەسىلە چىقىپ تەنقىدكە ئۇچراپ تۇرىدىغان بىر خىزمەتدىشىم مىيىقىدا كۈلۈپ. ئۇنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ئارقىسىدىكى ماڭا بولغان ئۆچمەنلىك، كۆرەل-مەسلىك، ھەسەت، يەنە تېخى مەن ھېس قىلىپ قانداق ئاتاشنى بىلەلمىگەن، ئىشقىلىپ ياخشى دېگىلى بولمايدىغان ھېسسىياتلارنى سېزىپ بولغان بولساممۇ ھېچ نەرسە دېيەلمىدىم. ئۇنىڭ خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمنى رەنجىتىش ۋەزىپىسى باردەك، قاچانلا قارىسا بىرەر

گەپكە باھانىداپ مېنى چېقىۋالىدۇ .

بۇنداق يامانلاپ كېتىش بىرنەچچە قېتىم تەكرارلاندى . بۇنىڭغا ھەر قېتىم مېنىڭ ئۇنىڭ خاتا قىلغان جايلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىم سەۋەب بولىدۇ . ئۇ خاتالىقىنى تونۇش ئۇياقتا تۇرسۇن ، گەپ ئۆتۈلە - ئۆتۈلمەي نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ ، چىشلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ : «باشلىق خېنىم ، چىقىپ كېتەيمۇ ؟» دەپ سورايدۇ . ياق ، چىقىپ كەتمىگىن دەپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقا غۇرۇرۇم يول قويمايدۇ . ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن بولىدىغان ئوسال بولۇشلار ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئىشنىڭ جەريانىنى سۆزلەشنىڭ ماڭا قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى دېمەيلا قوياي . ئۇنى ئەكېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئارىغا چۈشكەن بىرنەچچىسى ماڭا نەسىھەت قىلىشقا باشلايدۇ .

— ئايال كىشى دېگەنچۇ ئۇكام ، ئىدارىدىكى باشلىقلىق كىبىرىنى ئۆيگە كۆتۈرۈپ كەلسە بولمايدۇ . ئىدارىدە باشلىق بولغىنىڭىز بىلەن ئۆيدە بىر ئايال ، ئانا سىز . دەل مۇشۇ ئىشنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايۋاتىسىز . بولمىسا ئۆزىڭىز ئەقىللىق ئايال ، — دېيىشكە باشلايدۇ ئوبۇلكام .

— ئۆتكەندە رادىيودا ئاياللارنىڭ خىزمىتى بىلەن ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قانداق ھەل قىلىش ھەققىدە سۆزلىدى . سىز ھەقاچان ئىشقا كەتكەچكە ئاڭلىيالمىدىڭىز ، — دەيدۇ ئوبۇلكامنىڭ ئايالى روشەن ھەدەم ئۇستاتلىق بىلەن خۇددى ئۇ ئاڭلىغان رادىيونى مەن ئاڭلاپ باقمىغاندەك . ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى توغرا تاپمىساممۇ ، قارشى تۇرۇشقا يېتەرلىك ئاساسلىرىم بولسىمۇ ، ئاچچىق يۇتقان ھالدا ئاڭلاشقا مەجبۇر بولىمەن . ئاشۇ خېنىم مىجەز ، نامەرد ئەرنىڭ ئايالى بولۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ئۇ سوۋغا قىلغان ئازابلارنى ئۈن - تىنسىز قوبۇل قىلىپ ، يېتەرلىك تەپەككۇر قىلالايدىغان ، ئاق - قارىنى بىلەلەيدىغان بىر ئايال تۇرۇپ كۇنبويى خامنى پىششىق قىلىپلا ۋەزىپىنى تۈگىتىپ ، غەيۋەت بىلەن كۈننى ئۆتكۈزىدىغان ئاياللارنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلاپ ، ئۆزۈم راستتىنلا خاتا قىلغاندەك سۈكۈتتە ئولتۇرىمەن .

ئۇلارغا ئۆزۈمنىڭ خىزمەت بىلەن ئائىلە مۇناسىۋىتىنى قانداق ھەل
قىلىش ھەققىدە تالاي ماتېرىيال كۆرگەنلىكىم، سىناق قىلىپ مەغ-
لۇپ بولغانلىقىم ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنى چۈشەندۈرگىنىم بىلەنمۇ
بىكار. چۈنكى، ئۇلار جەريانغا ئەمەس، نەتىجىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ.

خىزمەت بىلەن ئائىلە مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىش تەدبىر-
لىرىنى تۇرمۇشقا تەتبىقلىغاندا سېنىڭ شۇ ئىدىيەڭنى، تىرىشچانلى-
قىڭنى چۈشىنىدىغان، شۇ ئىشنى تەڭ ھەل قىلىشنى خالايدىغان ئادەم
بولمىسا سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ كۇكۇم-تالقان بولىدۇ. راھەتلىنى-
دىغان، بەھرىلىنىدىغان، ئېرىشىدىغان ئىشلاردا ئەرلىك ئېھتىياجىنى
پەش قىلىپ، جاپا تارتىدىغان، بەدەل تۆلەيدىغان، يوقىتىدىغان چاغدا
ئەر-ئايال باراۋەر دېگەننىمۇ ئۇنتۇپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ سې-
نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويسا، ئۇنداق ئەرگە يەنە قايسى ئامال-
چارىنى قوللىنىش كېرەك. بۇ توغرىدا بىرەر ماتېرىيال بارلىقىنى
تېخى ئاڭلىمىدىم.

ئۇ تولا يامانلاپ، ئىدارىدىكىلەر، قوشنىلار تولا ئەكېلىپ يۈرۈپ
پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئاخىر مىڭبىر جاپادا ئالغان بىنا
ئۆينى سېتىپ بۇ قورۇنى ئېلىپ كۆچتۇق. بۇ قورۇغا كەلگەندىن
بېرى ئۇ سېنىڭ ئۆيۈڭ دەپ يامانلايدىغان ئىشنى قىلمىغان بولسىمۇ،
خىراجەت بەرمەيدىغان، يۆلىنىۋالىدىغان ئادىتىنى ئۆزگەرتمىدى، بە-
زى ئاياللارغا قارىغاندا مەجبۇرىيىتىمنى ھەسسىلەپ ئادا قىلىۋاتسام-
مۇ، ئۇ رازى بولماي، مەندىن قۇسۇر تېپىپلا يۈرەتتى.

باللىرىم بىلەن ئاشخانىغا كىردۇق. كۈتكۈچى قىز سىپايىلىك
بىلەن پىيالىلىرىمىزگە چاي قۇيۇپ كېتىپ قالدى. ئالدىمدىكى شامى-
سى لەيلەپ تۇرغان سىنچايغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئازابلىق خىياللارغا
چۆمدۈم. چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان بېشىمنى كۆرسەتكۈچ بارمىقىم بى-
لەن ئۇۋۇلىغاچ ئاچچىق چاينى سۈمۈردۈم، چاي ئۈستىدە لەيلەپ
يۈرگەن شامىلار كۆزۈمگە كۈندە تولدۇرىدىغان جەدۋەلدىكى سانلاردەك
كۆرۈنۈپ كەتتى. بىزارلىق ئارىلاشقان بىر ئىپادە بىلەن بېشىمنى
كۆتۈرسەم، كۈتكۈچى قىز پەتنۇسقا تىزىپ قويۇلغان ئاپقۇرلاردا ھورى

ئۆرلەپ تۇرغان چۆچۈرىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ . كۆز ئالدىم تۇماز-
لاشقاندەك بولۇپ ، چۆچۈرە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزنى تۇمان ئارد-
ىسىدىن ئىلغا قىلدىم . «بېقىڭ» دېدى قىز چۆچۈرىنى ئالدىمغا قو-
يۇپ ، شۇ مىنۇت ئۆزۈمنى پادىشاھلاردەك ھېس قىلدىم . ماڭا بىرى
تاماق ئېتىپ ئالدىمغا قويۇپ «بېقىڭ» دەپ باقمىغىنىغا قاي زامان
بولدى-ھە ! باشقىلار ئېتىپ بەرگەن تاماقنى يېيىش نېمىدېگەن را-
ھەت . قۇلاق تۈۋىمدە ئېرىمنىڭ «مۇشۇمۇ تاماق بولدىمۇ» دەپ گۇر-
كىرىگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى . بەزىدە تاماق ئوخشىماي قالسا
ئېرىم «تۆشۈك دېگەننىڭ قېلىپى يوق» دەپ قويۇشنىڭ ئورنىغا
تەخسىنى شىرەگە دوققىدە قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ . ئەگەر
بىرى ماڭا مەن مۇنداق كۈن كۆرۈۋاتىمەن دېگەن بولسا ، بەلكىم
بۇنداق تۇرمۇشقا قانداق چىدىغاندۇ دەپ ھەيران قالار بولغىيتتىم .
لېكىن ، ئادەم دېگەن چىداشلىق بولىدىكەن ، مەن ئاشۇنداق تۇرمۇشقا
چىداپ ئىككى بالىلىق بولۇپ ، يەنە تېخى خىزمىتىمنى بىر ئوبدان
ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن . چۆچۈرىنىڭ ئۈستىدىكى مەززىلىك پۇراق تار-
قىتىپ تۇرغان ئاشكۆكىگە قاراپ ئاپام ئېسىمگە كەلدى . بىچارە ئاپام
ئۆزى يالغۇز قانداق تۇرۇۋاتىدىكىن . ئۇ ھويلىمىزغا ئاشكۆكى ، رەي-
ھان ، تەرتەز دېگەندەك دورىلىق قىممىتى بار كۆكتاتلارنى تېرىۋېتىد-
غان . مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ ئاپامغا ئوخشىمايدىغان يېرى ، بەلكىم
ئۆزۈم ئىشلەپ تاپقان پۇلغا بىر قاچا تاماق ئېلىپ يېيەلىگەنلىكىم
بولسا كېرەك . بىچارە ئاپام ئېتىزدا ئوتاق ئوتاپ ، ئورما ئورۇپ ،
قوناق ئۈزۈپ كىرگەنلىرىدە ئىسسىق بىر قاچا تاماق ئەمەس ، بىردە
ئۇن ، بىردە چاي ، بىردە تۇز تۈگەيدىغان تاشتىن قاتتىق يوقسۇزلۇققا
قانداق بەرداشلىق بەرگەن بولغىيدى ؟ ئۇ قوشنىلاردىن سوراپ چىققان
بىر باش پىياز بىلەن نېپىز بېسىپ ئەتكەن ياغ چۆپلەر ئەجەب ئوخ-
شايتتى . مەن كىشلەرنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى سېغىنىپ ئەسلەيد-
غانلىقىنى ، بالىلىق چاغلىرىغا قايتقۇسى كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان .
بىراق ، مېنىڭ بالىلىق چاغلىرىمغا قايتقۇم يوق . بالىلىق چاغلىرىم-
دىمۇ مەن خۇشال - خۇرام ، غەمسىز ياشاپ باقمىغان . سۇ ئامبىرىدىن

دادامنىڭ جەسىتى تېپىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ مەڭگۈ بەختلىك
بولالماسلىق، مەڭگۈ خۇشال كۈلەلمەسلىك پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەت-
كەن بولسا كېرەك. «تۇل خوتۇننىڭ قىزى»، بۇ مەن بالىلىق چاغلى-
رىمدا ئاڭلاشنى ئەڭ خالىمايدىغان، بىراق ماڭا رودۇپايدەك چاپلى-
شىپ، نەگە بارسا ماڭا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان سۆزلەر
ئىدى. بىزنىڭ ئائىلە يېزىمىزنىڭ ھال سوراش ئوبيېكتى ئىدى. ھەر
ھېيت - بايرامدا يېزا رەھبەرلىرى بىر توقاي ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ
بىر خالتا ئۇن بىلەن بىر باك ماينى كۆتۈرۈپ كېلىپ بىزگە ئىللىق-
لىق يەتكۈزەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئاپام ئۇلارغا كۆز يېشى قىلىپ
تۇرۇپ رەھمەت ئېيتاتتى. مەن توپا توزۇتۇپ كەلگەن ماشىنىغا ھە-
ۋەس بىلەن قاراپ تۇرغان تەڭتۇش بالىلاردىن ئىزا تارتىپ بىر بۇلۇڭ-
غا تۈگۈلۈپ كىرىپ كېتەتتىم. ئۇلار ئاشۇ بىر خالتا ئۇن بىلەن بىر
باك ماينى داغدۇغىسىز ئېلىپ كەلسە بولمامدىغاندۇ. ئۇلار كەلگەندە
ئاۋۇ ئادەملەرگە نېمە بار بۇ يەردە، خۇددى سېرك ئويۇنى قويۇلۇۋات-
قاندەك، ھەممىسى يىغىلىشىۋېلىپ نېمە قىلىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ جىلە
بولۇپ كېتەتتىم.

چىرايلىق تۈگۈلگەن چۆچۈرىنى بىر تال - بىر تالدىن يەپ
ئولتۇرۇپ، مۇشۇ چۆچۈرىدەك مەززىلىك تاماقلارنى ئېتىشنى كىممۇ
ئويلاپ تاپقان بولغىيدى دەپ قالدىم. ئوخشاش بىر ئۇننى يۇغۇرۇپ
خېمىر قىلىپ بىردە يېيىپ، بىردە سوزۇپ، بىردە تۈگۈپ، بىرىنى
ياغدا، بىرىنى سۇدا، بىرىنى ھوردا پىشۇرۇپ بىر - بىرىدىن تەملىك
تاماقلارنى ئىجاد قىلىپ بىزگە قالدۇرغان شۇ كىشىلەرنىڭ نامى
نېمىشقا تارىخىي كىتابلارغا يېزىلمىغان بولغىيدى.

كىچىك چاغلىرىمدا ئاپام «ئېچىل داستىخاندىن پولۇ، گۆشنان،
مانتا، سامسا چىقىدىكەن» دېسە، شۇ تاماقلارنى يېگۈم كېلىپ ئاغ-
زىمنى تامشىيتتىم. بىر ئۇخلاپ قوپسام يېنىمدا «ئېچىل داستى-
خان»نىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى خۇدادىن تىلەيتتىم. ئاپام ئېتىزدىن
ھېرىپ - ئېچىپ كىرگەندە، ئالدىدا ئىسسىق بىر قاچا ئاشنى قويۇش
بالىلىقىمدىكى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئارزۇلىرىمنىڭ بىرى ئىدى.

ئۆي ئىشلىرىنى قىلغۇدەك بولغاندا ، ئاپام كەلگۈچە ئۆيلەرنى تازىلاپ ، چاي قايناتىپ قوياتتىم . بۇنى كۆرگەن ئاپام خۇش بولۇپ ، «خۇدايىم بەختىڭىزنى ئاچار ، يېگىلى ئاغزى ، كىيگىلى ئۇچىسى يوق خېنىملار-دىن بولۇپ كېتەرسىز » دەپ دۇئا قىلاتتى . ئاپامنىڭ شۇ دۇئالىرىنىڭ بەرىكىتىدىنمۇ ، مەن مائاشلىق كادىر بولدۇم . ئاپام دېگەندەك كۈنلەر كەلگەندە ئاپامنى ئەكېتىپ باقىمەن ، ئۇنىڭغا چوڭ شەھەرنى كۆرسى-تىپ ، ئۇنىڭ «ئېچىل داستىخان» ھېكايىسىدىكى تائاملار تورىگە ئۇ كۆرمىگەن ، ئاڭلىمىغان تائاملارنى قوشىمەن دەپ ئويلىغانىدىم . لې-كىن ، تەقدىرىم ئاپامنىڭكىدىن ياخشى بولغىنى بىلەن كىچىك چاغلى-رىمدىكىدەك يوقلۇق تۇيغۇسى مېنى چىڭ قۇچاقلىۋېلىپ قويۇۋەتمى-دى ، قاچانلا قارىسا ئاينىڭ ئاخىرلىششىدىن ، گازنىڭ توگەپ كېتى-شىدىن ، بالىلىرىمنىڭ ئاغرىپ قېلىپ مېنى چىقىمدار قىلىشىدىن ئەنسىرەپلا يۈردۈم . ئاپامغۇ تۇل خوتۇن ئىدى . شۇڭا ، جاھاننىڭ بارلىق غېمى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشەتتى ، بىراق مەنچۇ ؟

بۇندىن ئالتە يىل بۇرۇن ئاپامنى ئۆيۈمگە ئەكېلىپ ، ئۆز ئارزۇ-يۇمدىكىدەك باقماقچى بولدۇم .بىراق ،بىچارە ئاپام كويۇئوغلى ھەربىر كىرسە ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلىپ ، سوزۇلۇپ ياتالماي ، بىنا ئۆيدە قورۇنۇپ ھاجەتكە ئولتۇرالماي قىينىلىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاياپ ئېغىز ئاچالماي تۇرغاندا ، بىر كۈنى كەچ دولقۇن ئۆيگە مەست كىردى . مەن ئۇنىڭ شۇ چاغدا جىمجىت كىرىپ ئۇخلاپ قېلىشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلاتتىم-ھە ! «ئاناڭنى ، بۇ ئۆي نېمانداق سېسىق پۇرايدۇ .» ئۇ شۇنداق دەپ ، قوللىرىنى شىلتىغانچە مېڭىپ بېرىپ ئۇستەلگە سوقۇلدى . ئۇستەل ئۇستىدىكى گۈل لوڭقى-سى جاراڭلاپ چېقىلدى .

— ۋاي نېمانداق قىلىسىز ، ئۆيدە ئاپام تۇرسا .

— ماڭ ، نېرى تۇر ، زوڭتوڭ بولۇپ كەتسىمۇ ئۆز ئۆيۈمدە يۈرەكلىك گەپ قىلالمامدىم .

كۆزۈم ئاپام ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىدە ، ناھايىتى ئوڭايسىز بىر كەيپىياتتا ئۇنىڭغا تىكىلدىم .

ئۇ كارىۋاتقا دۈم يىقىلىپ ، بىرنىمىلەرنى دەپ غوتۇلدىغانچە ئۆيقۇغا كەتتى ، ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى كېرىپ ياتقان ھالىتىگە ، دور-دايغان كالپۇكىغا ، ھاراق - تاماكا ۋە تاڭ ئاتقۇچە ئوينايدىغان ماجاڭ تۇپەيلى خۇنۇكلەشكەن چىرايىغا نەپرەت بىلەن قاراپ بىرھازا تۇردۇم . شۇ كۈنى ، ئۇنىڭدىن شۇنداق كۆڭلۈم قالدىكى ، ئۆزۈمنىڭ شۇنچە يىللارنى ئۇنىڭ بىلەن قانداق قىلىپ بىللە ئۆتكۈزگىنىمگە ھەيران قالدىم . ئاپام ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېلىپ تىڭشاپ باقتىم . ئۆي ئىچى جىمجىت .

ئاپامنى ئەتىسى ئەتىگەندە بوغچىسىنى چىگىۋاتقان ھالەتتە كۆر-دۈم . ئاپام ماڭا تىك قارىيالمايۋاتاتتى . بىر قولى بىلەن گىلەمنىڭ تىۋىتلىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىپ تۇرۇپ ، يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى كىچىك بالىمۇ بىلەلەيدىغان بىر سىياقتا :

— ئۆيىنى بەك سېغىنىپ كەتتىم ، كېتەي بالام ، — دېدى .

ماڭا ئاپام بىر كېچىدىلا قېرىپ كەتكەندەك ، مۈكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى . دېمەك ، ئاپامغا قىزىنىڭ ئۇ ئويلىغاندەك تۇرمۇش كەچۈرەلمەيۋاتقانلىقى ئېغىر كەلگەنىدى .

— بىر مەزگىل تۇرمامسەن ، نېمىگە ئالدىرايسەن . ئۆزۈمنى ئىمكانقەدەر تەمكىن ، خۇشال تۇتۇشقا تىرىشقان بولساممۇ ، ئاپامنىڭ بىر ئۆمۈر تارتقان جاپاسى بەدىلىگە چوڭ بولغان قىزىنىڭ بەختسىزلە-كىنى بىلىپ قالغانلىقىدەك پاكىت بارلىق نورمال كەيپىياتلىرىمنى چۇل - چۇل قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، ئاۋازىم يىغلىغاندەك چىقتى . كۆزلىرىمگە يامراپ كەلگەن ياشلارنى تۇتۇۋالالماي قالدىم .

ئاپام كەتتى . بەلكىم شۇندىن تارتىپ چوڭ شەھەردە ئىشلەيدىغان كادىر قىزى ھەققىدە بۇرۇنقىدەك پەخىرلىنىپ سۆزلىمەيدىغان بولغان-دۇ . بىچارە ئاپام مېنى بەختلىك ، توققۇزى تەل كادىر دەپ بىلەتتى ، شۇ ئارقىلىق ماختىنىپ ، ئۆزىگە تەسەللى تېپىپ خاتىرجەم ياشاپ كېتىۋاتاتتى ، مانا ئەمدى ئاپامنى ئاخىرقى ئۆمرىدە شۇ تەسەللىدىنمۇ ئايرىۋەتتىم .

ئۈچ يۇرجەك قاتلانغان يۇمشاق قەغەزگە كۆز ياشلىرىمنى ئېرتىپ

تۇرۇپ چۆچۈرىنى ئېچىپ بولدۇم . باللىرىم ماڭا يېنىش - يېنىشلاپ قاراپ قوياتتى .

— زۇكام بولۇپ قاپتىكەنمەن . كۆز ياشلىرىمنى باشقۇرالمايلا قالدىمغۇ ؟— دېدىم باللىرىمغا قاراپ . بايىقى كەيپىياتىمغا يات بىر خۇشاللىق بىلەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، قول سومكامدىن پۇل ئالدىم .

— چوڭ كادىر دېگەننىڭ پۇللىرىنىڭ ھەممىسى 100 كويلۇق ، — غوجايىن ئايال ئاشقان پۇلنى قايتۇرۇۋېتىپ چاقچاق قىلدى . سۆزسىز كۈلۈپ قويدۇم . كىچىكىمدىن باشقىلارنىڭ سەدىقىسىنى قوبۇل قىلىپ غۇرۇرۇم تولا ئازار يېگەچكىمۇ ، باشقىلارنىڭ مېنى بىچارە ، كەمبەغەل دېيىشىدىن بەك قورقۇيتتىم . بايىقىدەك گەپلەرنى ئاڭلىسام ، ئازار يېگەن غۇرۇرۇم تەسكىن تاپقاندەك بولۇپ قالاتتى .

بىز ئايالالار مۇشۇنداق ، ھەر كۈنى بىرەر يۈز خىزمەتدىشىمىز بىلەن سالاملىشىپ ، نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان بولساقمۇ ، دەردىمىزنى ئېيتىدىغان ئادىمىمىز يوق . باللىرىمىزنى كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن ، ئوقۇشىغا تەسىر يەتمىسۇن دەپ ، ئۆيدىكى خاپىلىقلارنى ئېچىمىزگە سالىمىز . ئاتا - ئانىمىزغا بولسا كۆڭلىنى پاراكەندە قىلمايلى ، قېرىغاندا ئارامخۇدا ياشىغىلى قويايلى دەپ ، ئېيتمايمىز . خىزمەتداشلىرىمىزغا ، دوستلىرىمىزغا بولسا ، دېگەنلىرىمىزگە ئۆزىنىڭ كۆزقاراش ، پىكىرلىرىنى قوشۇپ بىرنى ئىككى قىلىپ سۆز - چۆچەك قىلىپ يۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ ئېيتمايمىز . مانا مۇشۇنداق ھېچكىمگە تىنغىلى بولمايدىغان دەرد ، ھېچكىمگە ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي مۇھىت بىزنى روھىي جەھەتتىن تالچىقتۇرۇپ كاردىن چىقارغىلى تۇردى .

مەن بەزىدە ئاپامنى كۆرگىلى چىققاندا ، داۋاملىق ئۆتىدىغان يول بويىدىكى قوغۇنلۇقنىڭ چېتىدىكى ئەتراپىغا نامازشامگۈل ، ھەشقىپېچەكلەرنى تېرىۋېتىدىغان ئۆيدىكى قۇچاققا بىر كېلىدىغان بالىنى تۇتۇپ ئولتۇرىدىغان گۈللۈك كۆڭلەكلىك ئايالغا ھەۋەس قىلىمەن . بىر يىلى بىز ئاپامغا بىرنەچچە قوغۇن ئېلىۋالايلى دەپ قوغۇنلۇققا كىرگەنىدۇق . ئۇ ئايالنىڭ بەش ياشلاردىكى بالىسى بىر تاۋۇزنى

بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئېتىپ ، يېرىقلىرىدىن قىپقىزىل سۇلىرى ئېقىۋاتقان تاۋۇزنىڭ ئىچىگە توپا بولۇپ كەتكەن قولىنى تىقىپ ، قىپقىزىل تاۋۇز ئەتلىرىنى چاڭگاللاپ ئېلىپ ، قاپقارا يۇندى سۇلارنى بارماقلىرى ئارىسىدىن ئاقتۇرۇپ تۇرۇپ يېيىشكە باشلىدى . مەن ئايالنى بالىسىنى ئۇرۇپ كېتىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم ، بىراق ئايال بالىنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . ئەگەر مېنىڭ باللىرىم شۇنداق قىلغان بولسا ، تاۋۇزنى ياردىڭ ، مەينەت قولۇڭ بىلەن يېدىڭ ، كېسەل بولمامسەن دەپ بىرمۇنچە سۆزلەپ ، دۆشكەلەپ ، ئاندىن بالامنىڭ قورسىقى ئاغرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرگەن بولاتتىم . ئاشۇ ئايالدەك ئىچىمدىن چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ باقمىغىنىمغا نى زامان……

بالىلىرىمنى يېتىلەپ سىرتقا چىقسام سىرتتا بوران چىقىۋېتىپتۇ . بىز ئاشخانىغا كىرىشتىن بۇرۇن بوراندىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى . بىز ئۈچىمىز يېلىڭ كىيىملەر بىلەن دۈگدىيىپ ، ئىلدام - ئىلدام ئۆيگە قاراپ ماڭدۇق . بوران چاچلىرىمىزنى ، كىيىملىرىمىزنى يۇلۇپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئۇچۇراتتى ، قىزىمنىڭ تىزلىرىنى ئاران يېپىپ تۇرىدىغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆپتۈرۈپ كۆتۈرەتتى . قىزىم كۆڭلىكىنى پەسكە تارتىپ ، شامال ئۇچۇق قويماقچى بولغان پۇتلىرىنى ياپاتتى . دەرەخلەر هازىرلا سۇنۇپ كېتىدىغاندەك غاراسلاپ ئېگىلەتتى . ئېسىمگە ئوغلۇمنىڭ كىچىك چېغىدا بالكوندىن سىرتقا قاراپ تۇرۇپ : «ئاپا ، دەرەخلەر بەك بىچارىكەن ، بوران چىقسىمۇ ئۆيگە كىرەلمەيدىكەن ، قىشتا توڭۇپ تالادا تۇرىدىكەن» دېگىنى كەلدى .

ئاشۇ سەبىي بالا مانا هازىر چوڭ بولۇپ مېنى قاقشاتقۇدەك ، گېپىمنى ئاڭلىمىغۇدەك بولدى .

ئۈچىمىز يۈگۈرۈشۈپ ئۆيگە كىردۇق . بايىقى بۇرۇقتۇرما هاۋا بىلەن قالغان ئۆينىڭ ئىچى ئەمدى بىزگە ئىللىق تۇيۇلدى . باللىرىم تىزگىنەكنى تالىشىپ تېلېۋىزورنى ئاچتى . تېلېۋىزوردا كورېيەنىڭ «يەنە بىر كۆرسەم» دېگەن كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى قويۇۋېتىپتۇ . يولدىشىم : «كەچكىچە ئۆيدىن چىقماي تۇگەيدىغان كى-

نو بۇ» دەپ باشقا قانالغا يۆتكەپ كۆرگىلى قويمايدىغان بۇ كىنوغا مەن ئامراق ئىدىم. ئۇ ياقتۇرۇپ كۆرىدىغان بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، تېررورلۇق تەسۋىرلىنىدىغان فىلىملەرنى مەن ياقتۇرمايتتىم. ھەر كۈنى ئىككىمىز تېلېۋىزور تۇپەيلى سوقۇشۇپ قالىمىز. مەن: «بىز تىنچ دەۋردە ياشاۋاتىمىز، ئۇنداق فىلىملەردىن نېمىنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ. بۇ كىنودىن بولسا ئەدەپ - قائىدىنى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى، ھېچبولمىسا كىنودىكى بۇ ئاياللارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگەنگىلى بولىدۇ» دەپ، ئۇنى قايىل قىلماقچى بولاتتىم. ئۇ بولسا بۇ فىلىمدىكى ئەرلەرنى بوشاڭ، بىر ئىشنى غاچ - غۇچ بىر تەرەپ قىلماي كەچكىچە خوتۇن كىشىدەك ئەزمىسىنى ئېزىپ ئولتۇرىدۇ دەپ ياراتمايدۇ. يا شۇنداق دېگەنگە لايىق ئۆزى بىر ئىشنى غاچ - غۇچ قىلىپ مېنى ياكى باشقىلارنى قايىل قىلغىنى يوق.

بايىقى كۆڭۈلسىزلىك تۇپەيلى ئۇيقۇم كەلمەي ياتتىم. ئۇ تېخىچە يوق. بەلكىم ئۆزىنىڭ ھېچكىمدىن رازى بولماي قاقشاپ يۈرىدىغان ئالتە ئاغىنىسىنى تېپىپ ئىچىشكىلى تۇرغاندۇ. ئەتىگەندە ئىشقا بېرىپ ئەل قاتارى ئىشلەپ قويۇپ، كەچتە بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن دوست تارتىشىپ ئىچىپ، چېكىپ ئۆتكەن تۇرمۇشىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق مەنە ئاتا قىلىۋاتقىنىغا مەن ھەيران. ئۇ داۋاملىق باشلىقنى ئەسكى، خىزمەتداشلىرىنى يۈزسىز، چېقىمچى دەپ قاقشاپ، ئۆزىنىڭ ئۆسەلمىگىنىنى ئۇلاردىن كۆرۈپ يۈرىدۇ. مەن ئۆز ئائىلىسىنى خاتىرجەم قىلالمىغان بىر ئەرنىڭ باشلىق بولۇپ بىر ئىدارىنى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىدىن گۇمان قىلىمەن. ئۇ شۇنداق قاقشاپ يۈرگۈچە ئۆز كەسپىگە ئائىت مەلۇم بىر تەتقىقات ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان بولسا بۇ چاغقىچە نەتىجە قازىناتتى، دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن.

ئۇنىڭ بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىغا، ئۆمرىگە ئىچى ئاغرىمايدۇ. مەلۇم بىر كۈنى ئۆزىنىڭ بۇ ئالەمدىن ھېچنېمىسىز كېتىپ قالىدىغانلىقىنى، شۇڭا بىر كۈن بولسىمۇ خۇشال - خۇرام، ئىچىملىك - چېكىملىكسىز، ئازادە ياشاپ بېقىشنى ئويلىمامدىغاندۇ؟! ئۇ

ئۆلۈپ - تارتىپ قالسا ، ئۇ بىر ۋاق تاماق ئېلىپ بېرىشنى خالىمايدىغان بالىلىرى ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرىدۇ ، يىغلاپ ھازىسىنى ئاچىدۇ ، قەبرىسىنى يوقلايدۇ . بىزدە قانداشلىق مۇناسىۋىتى ھەممە مۇناسىۋەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، شۇڭا بىز بىر تۇغقاننىڭ بېغىشى چىڭ دەيمىز .

قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم ،
جانىم پىدا بولسۇن ساڭا .
جېنىدىن كەچكەن يىگىتلەر ،
ئاشنا بولسۇن ساڭا .

ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغان مەستنىڭ ئاغزىدا ئېيتىلىۋاتقان ناخشىغا شۇنداق ئىچىم ئاغرىدىكى...... بىر ئوبدان يېقىملىق ناخشىنى بۇ مەست ئاھاڭىنى بۇزۇپ ، بىردە گەپ قىلغاندەك تۇزلا دەپ ، بىردە تىلىنى چايناپ ، سۆزلىرىنىمۇ گۇدۇڭشىپ يۇتۇۋېتىپ ، بىردە ئاھاڭىنى ئازراق كەلتۈرۈپ ، ئالىتاغىل ۋارقىراپ ئېيتىۋاتاتتى . بۇ ناخشا تېكىستىنى ئۆزۈم پىششىق بىلگەچكە ، مەست چۈشۈرۈپ قويغان جايلارنى ئۆزۈم قوراشتۇرۇۋالدىم . سىرتتا بوران توختىغان بىلەن ھاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى . مۇشۇنداق سوغۇق ھاۋادا ئىسسىق ئۆيدە ئارام ئېلىپ ياتماي ، ئاچچىق ھاراقنى ئىچىپ سوغۇقتا دۈگدىيىپ ، بىر ئوبدان خەلق ناخشىسىنى بۇزۇپ ئېيتىپ يۈرۈش ئاشۇ مەستكە قانچىلىك ھۇزۇر بېرىدىغاندۇ ؟ شۇنچە قىلىپ كەتكۈدەك ھاراق دېگەن بۇ نەرسە تاتلىق بولسا كاشكى . ئوغلۇم كىچىك چېغىدا بوتۇلكىدا لىغىرلاپ ، يالتىراپ تۇرغان سۇيۇقلۇقنى تاتلىق نەرسە ئوخشايدۇ دەپ قىزىقىپ بىزدىن يوشۇرۇپ ئوتلاپ قويۇپ مەيدىلىرىگە ئۇرۇپ ، تولغىنىپ يىغلاپ كەتكەنىدى . ئەرلەرگە ئاشۇنداق تولغىنىپ تۇرۇپ ئىچىش ھۇزۇرمىكىن . ئەگەر سەنئەتنى چۈشىنىدىغان كىشىلەر قانۇن تۈزۈشكە كۆپرەك قاتناشقان بولسا ، مۇشۇنداق گۈزەل ، يېقىملىق ناخشىلارنى بۇزۇپ ئېيتقانلارغا جازا بېرىدىغان قانۇننىمۇ چىقارغان

بولاتتىمكىن . بىچارە ناخشا بۇ مەستىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ قالغىنىغا تويۇپ كېتىدىغان بولدى . مەست ناخشىنىڭ مىسرالىرىنى چۇشۇرۇپ قويۇپ يوقاپ كەتسە ، مەھەللىمىزنىڭ يولىدىكى قايسىبىر ئازگاللارغا دەسسىۋالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەپ ، ئۇ ئالىتاغىل توۋلاپ ۋارقىرىغاندا ، ھە ئورنىدىن تۇرۇپتۇ- دە ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم . مەستىنىڭ ئاۋازى يىراقلاپ يوقالدى . بىراق ، بۇ ناخشىنى قەلبىمدە بىرى ناھايىتى يېقىملىق ئېيتىشقا باشلىدى .

شۇنداق بىر چاغ ، شۇنداق بىرى بولغان . ئىشىكىمىز ئالدىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتكەن يىگىتكە مەن قىزىقمايمۇ قالمىغان . بىراق ، يەكشەنبە كۈنى بىرنەچچە كاۋىنى ھارۋىسىغا بېسىپ ، پۈتۈن ئارزۇ- ئۈمىدىنى ئاشۇ بىر نەچچە كاۋىغا باغلاپ بازارغا ماڭىدىغان يۇرتداشلىرىمدىن ، ھەر كۈنى چار مېكىياننىڭ كاتىكىگە قاراپ : «ئىنسابسىز ئەردىن مېكىيان تۇخۇمى ياخشى» دەپ ، كاتەكتىن تېپىۋالغان بىر تۇخۇم بىلەن خۇشال بولىدىغان ئاپامدىن ياخشىراق كۆڭ كەچۈرۈش ئۈچۈن ئۇ يىگىتكە ئېتىبارسىز قارىغانىكەنمەن . ئەمدى ئويلىسام ، ئۇ يىگىتكە ياتلىق بولغان بولسام ھېچبولمىسا ئاپامنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاپامغا قارىيالىغان بولاركەنمەن . ئاپام ئېسىمگە كەلسە شۇنداق ئىشلار بولغان تۇرۇقلۇق ، يەنە دولقۇن بىلەن ئۆي تۇتقىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمدىن نەپرەتلىنىمەن . مەن ھازىرقى تۇرمۇشى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىسا ، بۇرۇنقى ئاشىقىنى ئويلاپ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئاياللاردىن ياكى خىيالىي نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىدىغان رومانتىك ئادەملەردىنمۇ ئەمەس . مېنىڭ 20 يىللىق ئازابلىق تۇرمۇشۇم بىلەن بارنى بار ، يوقنى يوق دەيدىغان ، بىرەر ئېغىز دەبدەبىلىك ، تەسىرلىك سۆز ئارىلاشمايدىغان خىزمىتىم مېنى رومانتىك تۇيغۇلاردىن بىراقلا ئايرىۋەتكەن بولسىمۇ ، ھەر قېتىم تۇرمۇشتىن كاچات يېگىنىمدە ، ھېلىقى ئىشىكىمىز ئالدىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتىدىغان بالا ئېسىمگە كەلمەي قالمايتتى .

مېنىڭ دولقۇن بىلەن توي قىلىپ قېلىشىمغا سەۋەب بولغان ئەڭ مۇھىم ئامىل ئۇنىڭ شەھەرلىك ئىكەنلىكى بولغان . ئاشۇ يىلى ئۇ

مەن ئىشلەۋاتقان يېزىلىق دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنغان . خىزمەت-دىشىمىز گۆھەرنىڭ توي ئاخشىمى تال باراڭلىرىغا ئېسىلغان پانار چىراغلارنىڭ يورۇقىدا ، پارقىراپ ئاقىرىپ تۇرغان ئۈزۈم تاللىرىنىڭ ئاستىدا گۆھەرگە ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپ ئۆزۈمنىڭمۇ توي ئىشىمى-نى ئويلىشىدىغان ۋاقىتنىڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلىدىم ھەم كىچىك چېغىمدا مەكتەپ ئويۇشتۇرغان پائالىيەت بىلەن ناھىيە بازىرىغا كى-رىپ ، چۈش بولغاندا ھەممە ساۋاقداشلىرىم تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە چاي ئىچكىلى كەتكەندە ، ئۆزۈمنىڭ يالغۇز ، يېتىم قالغان ھالىتىم ، شەھەردە تۇرماق ، ناھىيە بازىرىدىمۇ بىرەر تۇغقىنىمىزنىڭ يوقلۇقى-دىن ئۆكۈنگەن چاغلىرىم ئېسىمگە كەلدى . مەن ئۆزۈمنى خۇددى تىكەنلىك دالىدا يالاڭ ئاياغ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن . چېكىنگى-لى بولمايدۇ ، پەقەت ئالدىمغىلا مېڭىشىم ، مېڭىپ تۇگىتىشىم كې-رەك . كىنولاردىكىدەك بىرەر قۇتقۇزغۇچى ئايروپىلان كېلىپ قالمى-سىلا مېڭىۋېرىشىم كېرەك .

بۇ تەڭ كېچىدە ئۇيقۇمنى ئۇخلىماي ، باش - ئاخىرى يوق خىيال-لارنى قىلىپ ياتقىنىمدا ، يادىمغا سوقراتنىڭ :«ئوغلۇم ، تېزرەك ئۆيلەن ، ياخشى خوتۇن ئالساڭ ياخشى ئادەم بولىسەن . يامان خوتۇن ئالساڭ پەيلاسوپ بولىسەن» دېگەن سۆزى كەلدى . بۇ سۆزنى ئىچىم-دە :«قىزىم ، تېزرەك ياتلىق بول ، ياخشى ئەرگە ئۇچرىساڭ ياخشى ئادەم بولىسەن ، يامان ئەرگە ئۇچرىساڭ پەيلاسوپ بولىسەن» دەپ ئۆزگەرتتىم . ئەگەر ئېرىمنىڭ يولسىزلىقلىرى ، زۇلۇملىرى جېنىمغا پاتمىغان بولسا ، كېچىلىرى ئۇخلىماي مۇشۇنداق غەلىتە خىياللارنى قىلىپ يۈرەرمىدىم . ئىككى ئادەم بار يەردە قىزىرىپ گەپ قىلالماي قالىدىغان بىر قىز ۋارقىراپ سۆزلەيدىغان زوۋاندار ئايالغا ئايلىنىپ قالارمىدى...... .

ئەقىللىك ، زېھنى ئۆتكۈر ، خاراكتېرى ، خاسلىقى بار ئاياللارغا ئەرلەر ھەۋەس قىلىدۇ . ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئانىسى ، ھەدىسى ، سىڭ-لىسى ، قىزى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ . بىراق ، ئاشۇنداق ئايالى بولۇپ قېلىش ئۇلارغا بېسىم ئەكېلىدۇ . ئاشۇنداق بىر ئايالنىڭ

يېنىدا تۇرسا ، ئېگىز ئادەمنىڭ يېنىدا پاكار ئادەم تۇرغاندەك چېنىپ قالىدىغانلىقىدىن ئەندىشە قىلىپ بىئارام بولۇپ يۈرىدۇ . شۇ ئەندىشە ، بىئاراملىقنىڭ دەردىنى يەنە ئاشۇ ئاياللار تارتىدۇ . ئىنسان خاراكتېرىنى بۇنداق تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ چۈشىنىدىغان ئادەملەر كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن ، ئەتراپتىكى كىشىلەر ئوبۇلكام مېنى ئەيىبلىگەندەك ، «باشلىقلىق كىبىرىنى كۆتۈرۈپ كەلگەن» دەپ ئەيىبنى يەنە بىزدە قويىدۇ . شۇڭا ، نەتىجە ياراتقان ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدىغان دادىل ، تېتىك ئاياللار ئاۋۇ پۇلىنىڭ سانىنى بىلمەيدىغان ئانار ھەدەمچىلىك خۇشال ياشىيالمايدۇ . مانا بۇ بىز ئاياللار ھەل قىلالمايۋاتقان ئاتالمىش خىزمەت بىلەن تۇرمۇش زىددىيىتىنىڭ بىر تەرىپى .

مەن بەزىدە ئۆزۈمنى كىيىمى ، ئاسقان زەنجىرى بىلەن خۇشال بولالايدىغان بىر ئايال بولۇپ قالسامچۇ دەپ ئويلايمەن . ئېرىم ھەر قېتىم : «باشلىق بولساڭ ، ئىدارەڭدە باشلىق ، ماڭا نېمە باشلىقلىق قىلاتتىڭ» دېگەندە ، خىزمەتنى تاشلاپ ئۆيدە ئولتۇرغۇم كېلىدۇ . شۇنداق قىلسام ئۇ ئىككى بالىسىنى پېشانىسى تەرلەپ بېقىپ باقسا ، مەنمۇ ئۆي بىلەن ئىدارە ئارىلىقىدا قاتىلاڭ بولۇپ يۈرمەي ، ئارام ئېلىپ يېتىپ باقسام دەيمەن .

ئۆز غۇرۇرى ، ۋىجدانى ، ئەقلىي خاسلىقى بىلەن ياشىماقچى بولغان ئايال كىشى ئەرلەرنىڭ بارلىق خاپىلىقلىرىنى تارتقاندىن سىرت ، ئاياللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان خاپىلىقلارنىمۇ تارتىدۇ .

بايىقى مەست ئېيتقان ناخشىدىن چىقىپ تۇرۇپتۇكى ، ئەرلەر ئۆزى سۆيگەن ئاياللار ئۈچۈن جېنىدىنمۇ كېچەلەيدىكەن . شۇنداق تۇرۇپ ئەرلەر نېمىشقا يەنە مېنىڭ ئېرىمدەك يېنىدىكى پۇلنى خەجلىگۇسى كەلمەيدىغان ، رىزۋانگۈلنىڭ ئېرىدەك تالاغا قارايدىغان ، ئارزۇگۈلنىڭ ئېرىدەك يۇرتىنى ، خوتۇن - بالىسىنى تاشلاپ كېتىدىغان بولۇپ قالىدىغاندۇ . «تاھىر - زۆھرە» ، «لەيلى - مەجنۇن» ، «پەرھات - شېرىن»لەر توي قىلمايمۇ ئوبدان قىپتىكەن . ئەگەر توي قىلىپ قالغان بولسا ، بىز تەسىرلىنىپ تۇرۇپ ئاڭلايدىغان مۇھەببەت قىسسىلىرى ، لىرىكىلىق مۇھەببەت بېيىتلىرى بولمىغان بولاتتىكەن .

ھەرنىمە دېگەنبىلەن مېنىڭ ئېرىم رىزۋانگۈلنىڭ ئېرىدەك تالاغا قارىمايدۇ. ئارزۇگۈلنىڭ ئېرىدەك تاشلاپ كەتكىنىمۇ يوق. بۇ خىيالنى قىلىپ بولۇپلا ئۆز-ئۆزۈمنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدۈم. بىز ئاياللار قىزىق-ھە! باشقا ئاياللارنىڭ ئازابى، ھەسرىتى، بەختسىزلىكى ئارقىلىق ئۆزىمىزگە تەسەللى تاپىمىز. ھېچقانداق بىر ھېكمەتلىك سۆز ئەتراپىمىزدىكى بىرەر ئايالنىڭ بەختسىز كەچۈرمىشىدەك ساۋاق بېرەلمەيدۇ. خۇددى بۇ ئالەمگە ئۆزىمىزنىڭ ئارزۇسى، غايىسى بويىچە ياشىغىلى كەلمەي، پالانچىدىن، پوكۇنچىدىن ياخشىراق ياشىغىلى كەلگەندەك، مەن پالانچىدىن ياخشىراق ياشاۋاتىمەنغۇ دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىپ ئۆتىمىز.

دەرۋازىنىڭ ئۇرۇلۇشى بىلەن دىققىتىدە چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ قايتىپ كەپتۇ. بايا ئۇنى كاۋاپچىنىڭ ئالدىدا ھاراق بوتۇلكىسى تىكلەكلىك ھالەتتە كۆرگەچكە، ئۇنى بۈگۈن مەست كىرىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇ ئىچىۋالغاندەك قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ سېلىنىپ كەتكەن قاپىقىدىن چىقىپ تۇراتتىكى، ئۇنىڭ كاللىسىدىمۇ شۇ تاپتا ماڭا بولغان تالاي نارازىلىق، ئۆچمەنلىك ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. لېكىن، ئىككىلىمىز ئۈن - تىنسىز ئىدۇق، ئارىمىزدا ئېغىر بىر سۈكۈنات، قايسىبىرىمىز ئېغىز ئاچساقلا بۇزۇلۇپ پارە-پارە بولۇپ كېتىدىغان ئېچىنىشلىق، بىچارە، رەزگى بىر سۈكۈنات گىدىيىپ تۇراتتى. بىر چاغدا بىز تەكشى قىرقىلغان قارىياغاچلىق ئارقىسىدا ئوتتۇرىمىزنى مۇشۇنداق سۈكۈنات قاپلىغان ھالدا ئولتۇرغان. لېكىن، بۇ چاغدىكى سۈكۈنات ئۇلۇغ بىر سۈكۈنات ئىدى، بىز ئىككىلىمىز ئاشۇ سۈكۈناتنىڭ بۇزۇلۇشى بىلەنلا خۇشاللىققا ئېرىشەلەيتتۇق. شۇ چاغدا ئىككىلىمىز ھاياجانلانغان، نەپەسلىرىمىز جىددىيلەشكەن ھالدا شۇ ئۇلۇغ، گۈزەل سۈكۈناتتىن ھوزۇرلانغانىدۇق. ھازىر ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاچچىق، قىرتاق تۇيغۇلار ئىگىلىگەن. ئۆز - ئۆزىمىزگە بولغان ئېچىنىش، بالىلارغا يۈز كېلەلمەسلىك ھېسسىياتلىرى ئارىسىغا قىسىلغان ھالدا سۈكۈناتنى بۇزماي تۇراتتۇق. خۇددى بۇ سۈكۈنات بۇزۇلسا ھازىرقى بىرقەدەر خاتىرجەم ھالىتىمىز بۇزۇلۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىدىغاندەك ھەر ئىككىلىمىز

جىمجىت يېتىپ قالدۇق .

ئەتە يەنە ئىشقا بارىمەن ، كۆزلىرىمنى چىڭ يۇمۇپ ئۇخلاشقا تىرىشىپ باقتىم . بىراق ، ئۇيقۇم قاچقان . دېمەك ، ئەتە تاڭ ئېتىپ ئارىمىزدىكى سۇكۇنات بۇزۇلمىغۇچە كۆڭلۇم ئارام تاپمايدىغان ئوخشايدۇ ، ئۇخلاپ قالاي ، ئەتە يەنە ئىشقا بارىمەن……



# ئەرۋاھ نۇتقى

قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى .

مەن قەبرەم ئىچىدە سېنىڭ قەدىمىڭنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم ، دادام بىلەن ئاكام قەبرەم بېشىغا كېلىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق دۇئا ئوقۇپ ، ئالغاچ كەلگەن سېرىق قوناق دانلىرىنى قەبرەمگە چېچىپ قويۇپ كەتتى . يېقىنلا بىر قەبرە بېشىدا بىر ئايال ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتىدۇ . ئىنسانلارنىڭ ئاخىرقى ۋە مەڭگۈلۈك ماكانى بولغان بۇ قەبرە ئىچى مېنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرىقى ماكانىم . قەبرەم بېشىغا مەن ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان بىراۋمۇ كېلىپ كەتتى ، لېكىن سەن كېلەلمىدىڭ . ئىنسانلار ھايات ۋاقتىدا بىر - بىرىدىن نام ، ئەمەل ، ئابرۇي تالىشىپلا قالماي ، ئۆلگەندىمۇ شۇنداق قىلىدۇ . ئادەملەر بۇ ئالەم بىلەن ئۇ ئالەمنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنىڭ ئوخشايدىغانلىقىغا ئىشەنگەچكىمۇ ، ھايات ۋاقتىدا تۇرغان ، ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ كەڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغاندەك ، ياتقان گۆرىنىڭ چوڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ . دادام تويۇمدا خەجلىمەكچى بولغان پۇلنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ ، ئۆز ئابرۇيىغا ماس كېلىدىغان قەبرە ياساتتى . دادامنىڭ پۇل ئارقىلىق تاپقان ئابرۇيى يەنە پۇل بىلەن ئىپادىلەندى . مەن ئۆلۈپمۇ دادامنىڭ ھوقۇق دائىرىسىدىن چىقىپ كېتەلمىدىم . تۆت چاسا زەڭگەر رېشاتكىلار تېنىم كۆمۈلگەن تۇپراقنى قورشىۋالدى .

مېنىڭ ئىسمىم مۇھەببەت ئىدى ، ماڭا بۇ ئىسمنى ئاشۇ ھېسسىيات دېگەننى بىلمەيدىغان دادام قويغاندەك بىلىنمەيتتى . كىشىلەر مېنى سۆيۈش ئۈچۈن تۇغۇلغان گۈزەل رەنا دەيتتى ، لېكىن مەن سۆيۈشنى ، كۆندە نەچچە قېتىم چاقىرىلىدىغان ئىسمىمنىڭ مەنىسىنى بىلەلمەي بۇ يەرگە كەلدىم .

بىز مەڭگۈ بىللە بولۇشقا ۋەدىلەشكەنىدۇق . ئۆلگەندىمۇ بىر
گۆردە ياتماقچى بولغانىدۇق . شۇ كۈنى مەن ئادەملەرنى يۇقىرى -
تۆۋەن دەپ ئايرىشقا ۋاستە بولغان ھەشەمەتلىك قورۇيىمىزدىكى قىپ-
قىزىل گىلەملەر بىلەن بېزەلگەن خاس ھۇجرامدا ئۇدۇلۇمدىكى پەرداز
جازىسغا قاراپ : « خوش ئەمىسە دىلشات ، مەڭگۈلۈك بىر بولۇشىمىز
ئۈچۈن » دەپ د د ۋ قاچىلانغان بوتۇلكىنى كۆتۈردۈم ، لەۋلىرىمدە
ئازابلىق كۈلكە بار ئىدى . خۇدا مېنىڭ ئۆزى بەرگەن تېنىمنى قەدىر-
لىمىگەنلىكىم ئۈچۈن ھايات ۋاقتىمدىلا شۇنداق جازا بەردى ، پەرداز
جازىسىنىڭ ئەينىكىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان گۈزەل قامەتكە چىدىمىدىم ،
چوڭلاردىن جەسەتنى يۇغاندا ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ ، دەپ
ئاڭلىغانىدىم . ئادەم ئۆلۈم ئالدىدىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەمدۇ-
قانداق ياكى بۇ مېنىڭ ھاياتلىققا قىيالمىغاندىكى ھېسسىياتىممۇ ؟
بىراق ، بۇ گۈزەللىكلەر بىچارە ئىدى . ئەمدى ئاشۇ سىلىق ، پارقى-
راق ، كىشىلەر ئالمىغا ئوخشىتىدىغان يۈزلەر چىرىيدۇ ، توپىغا ئايلى-
نىدۇ ، مۇنۇ كېلىشكەن بەدەن سۆڭەككە ئايلىنىدۇ . دىلشات ، سەن
بۇ گۈزەللىكلەرنى شۇ مىنۇت كۆرگەن بولساڭ-ھە ! بىراق ، كۆرمى-
دىڭ . شۇ مىنۇت مەن سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم مېنىڭ بۇ
گۈزەللىكىمنى تاماشا قىلىۋېلىشىڭنى ، ئۆلۈم قورقۇنچىدا تۇرۇۋاتقان
قىپقىزىل لەۋلىرىمگە مەستانىلارچە سۆيۈپ قويۇشۇڭنى ئارزۇ قىلغان-
لىقىمنى بىلمەي قالدىڭ . قولۇم ، قاتىل قولۇم تىترەۋاتاتتى . مەن
مۇشۇ گۈزەللىكىم بىلەن بەختسىز بولدۇم . گۈزەللىك قىز بالا ئۈ-
چۈن ئامەت ھەم ئاپەت . مېنى كىشىلەر خۇش پۇراق گۈلگە ئوخشىتات-
تى . بىراق ، مەن بىرىنىڭ شەخسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان ، پەقەت
پۇرىقىدىنلا لەززەتلىنىپ ، بوتۇلكىغا چىلاپ قويىدىغان گۈل بولۇشنى
خالىمىدىم .

دادامنىڭ ئاپامغا ھەمىشە قىلىدىغان بۇيرۇقلىرى ، بىزنىڭ كەڭ-
سىزلىكىمىزنىڭ دەردىنى ئاپامدىن ئېلىشلىرى بۇ بىر قانۇنىيەتمۇ ؟
نېمىشقا مەن بىلىدىغانلىكى بارلىق ئەرلەر شۇنداق قىلىدۇ ، بۇ ھو-
قۇقنى ئۇلارغا نىكاھ بەرگەنمۇ ؟ ئائىلىدىكى ھەممىلا ئىش نېمىشقا

دادامنىڭ ئارزۇسىچە ، بۇيرۇقى بويىچە بولىدۇ . مەن ئاپامنىڭ بۇ ئىشنى مۇنداق قىلايلى ، دەپ بىرەر قېتىم ئۆز پىكرىنى دەپ باققىنىنى بىلمەيمەن . ئاپامنىڭ يۈزى قانسىز ، ئاقۇچ ئىدى . ئۇنىڭ ئاق قەلبىمۇ ئۇزۇكسىز خورلۇقتىن ئاشۇنداق قانسىراپ كەتكەندۇ ، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز پىكرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ دادامغا ئېيتىپ باقمايدۇ ، نېمىشقا جاھىل ، هازازۇل ئاياللاردەك دادامنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ يىغلاپ تۇرۇپ ئۆز سۆزىنى دېۋالمايدۇ . بۇنداق بۇرۇقتۇرما نارازىلىق ، ئۇنسىز شىكايەت زادى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ ؟

كىچىك چاغلىرىمدا سەن بىلەن بىرگە مەكتەپكە بارىدىغان ، سۇدا ئېقىپ كەلگەن ئالمىلارنى سۈزۈۋېلىپ تالىشىپ يەيدىغان ، مەھەللىمىزدىن گاهى چاغلاردا ئۆتۈپ قالىدىغان چوكىمۇز ساتقۇچىنىڭ كەينىدىن تىيىنلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرىدىغان چاغلاردا كەلگۈسۈمنى بەك گۈزەل تەسەۋۋۇر قىلاتتىم . ئۇ چاغلاردا مەن ئۆز قەلبىمدە كەلگۈسىدىكى كىنو چولپىنى ، ئۇلۇغ بىر شەخس ئىدىم . لېكىن ، يىللار ئۆتۈپ مەن هېچنېمە بولالمىدىم ، ئۆزلۈكىدىن هەل بولىدىغان ئاددىي ئىش دەپ قارايدىغان نىكاھ ئىشىمۇ ئۆزۈم خالىمىغان تەرەپكە مېڭىۋاتاتتى . بۇ ئالەمدىن مەن يەنە نېمە كۈتمەكچى ؟ باهار ئۆتۈپ ، ياز كېلىدۇ . يىللار ئۆتۈۋېرىدۇ . مەن دەسمالدەك بولۇپ كەتكەن كىر يوپكىسىنىڭ چېكى سىڭايان بولۇپ قالغان هالدا ئۆيىنىڭ تۈگىمەس ئىشلىرى بىلەن چېپىپ يۈرىدىغان جاپاكەش ئايال بولىمەن . هەربىر ئاڭلىغاندا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان لىرىكىلىق ئىسمىم ، گۈزەل چىرايىم باشقىلارغا ئەل قاتارى كۆرۈنىدىغان بولىدۇ .

مەن ئاپامنىڭ قىزى بولسامۇ ، لېكىن ئۇنىڭدەك ياشاشنى خالىمايتتىم . مەن ئاپامدەك هەددىدىن زىيادە جاپاكەش ، سەۋرچان ، ئېرى ۋە بالىلىرى ئالدىدا خار بولۇپ يۈرىدىغان ، چىرايىدا ئايدا-يىلدا بىر كۈلكە پەيدا بولمايدىغان ئايال بولۇشنى خالىمايمەن . مەن ۋە ئاكام ، ئۇكىلىرىم هەممىمىزلا ئاپام نان يېقىشى ، كىرى يۇيۇشى ، تاماق ئېتىشى ، كالا - قويلارغا قاراشتەك تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىشى كېرەكتەك هېس قىلاتتۇق . ئاپام مەن ئەقلىمنى تاپسام شۇ

ئىشلارنى قىلاتتى ، تا ھازىرغىچە قىلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭغا سالامەتلىك ، ئاياللىق گۈزەللىك ، لاتاپەت دېگەن نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوقتەكلا ، كۈنبويى قوتان بىلەن قازان بېشى ئارىلىقىدا دادامنىڭ كونا باجىڭگىر ئايىغىنى سۆرەپ يۈرگىنى يۈرگەن . قوشنىلار : «تىنىمسىز خوتۇن ، يۇسۇپنى باي قىلىۋەتتى» دېيىشىدۇ . ئۇنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن جابدۇقلىرى بار ، لېكىن بۇلارنى بىرەر قېتىم تاقاپ باققان ئەمەس . مەن ئاپامنى چۈشەنمەيتتىم . ئۇنىڭ ئاشۇ خاپىغان ، بۇلۇتلۇق ھاۋادەك چىرايى قەلبىدىكى بارلىق سىرلارنى مۇستەھكەم توسۇقتەك توسۇپ تۇراتتى . دادامنى بولسا تېخىمۇ چۈشەنمەيتتىم . ماڭا دادامنىڭ بارلىق سىرلىرى ئاشۇ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئارىسىغا يوشۇرۇنغاندەك ، قوشۇمىسى ئېچىلىپ كەتسىلا ھەممە نەرسە ئايان بولۇپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى . بىراق ، مەن بۇ ئارزۇيۇمغا يېتەلمىدىم .ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەر جاراڭلىق كۈلكىسى قەلبىدىكى ئازاب ، ھەسرەت دېگەندەك ئەخلەتلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىۋەتكەن بولسا ، ئۇلار ماڭا ئۇنچىلىك سىرلىق ، ۋەھىملىك ۋە يات تۇيۇلمىغان بولاتتى . مەن ئۆزۈمنى چۈشەنمىگەن دۇنيادا ئۆزۈمنى چۈشەنمەيدىغان ، مەنمۇ چۈشىنەلمىگەن ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە 18 يىل ياشىدىم .

ئەينەك جازىغا قاراپ د د ۋ تۇتقان قوللىرىمنىڭ تومۇرىدا تېخىچە قان ئايلىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئېسىمگە كەلدىم . سېنىڭ بۇ چاغقىچە زەھەرنى ئىچىپ بولغىنىڭنى ، روھىڭنىڭ ئۇ ئالەمگە كېتىپ بارغىنىنى ئويلاپ ، ئالدىراپ بوتۇلكا ئاغزىنى لېۋىمگە تەگكۈزدۈم .

مەن سەن بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ھاياتلىقتىن ۋاز كەچكەنىدىم ، بىراق سەن كېچەلمەپسەن . مەن زەھەر ئىچىۋاتقاندا سەن ئۆزۈڭگە يېڭىچە ھايات يولى تاللاپسەن . سەن ئالدىنقى يىللاردا كۈندە دېگۈدەك قەبرەمنى يوقلايتتىڭ . روھىم بىلەن مۇڭدىشاتتىڭ . مەن سېنىڭ مەن بىلەن بىللە كەلگىنىڭدىن كۆرە ، ئاشۇنداق ھايات يۈرگىنىڭنى كۆرگىنىمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ھېس قىلىپ قالغانىدىم . لېكىن ، بۇ يىل سەن كەلمىدىڭ .

مەن ياشاپ باققان بولسام ، ئاۋۇ قەبرەم بېشىدىكى داننى چوقۇ-

ۋاتقان قۇشقاچلاردەك باللىرىمغا دان توشۇپ بېقىپ باققان، ئۆزۈمنىڭ ئۇ دۇنيادىمۇ ياشىغانلىقىمدىن بىرەر بەلگە قالدۇرۇپ كەتكەن بولسام بوپتىكەن. مەن بۇ يەرگە بەك بالدۇر كېلىۋاپتىمەن. مەن مۇشۇ ئالەمدە سەن بىلەن بىللە بولۇپ خۇشال - خۇرام يۈرىمەن دەپ كەلگەنىدىم.

ئۆتكەندە قەبرىستانلىقنىڭ ئۇ بېشىدا ياتىدىغان موماڭ سېنىڭ ھازىر شەھەردە ئىكەنلىكىڭنى بىرىگە ئېيتىۋاتقانىكەن، مەن ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالغانىدىم. شۇ چاغدا مەن سېنىڭ قەبرەم بېشىغا نېمە ئۈچۈن كەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىڭنى چۈشەنگەن، سەن بۇ چەت سەھرا يېرىدىن كېتىپسەن.

ئەمدى بۇ قەبرىستانلىقتا قەدىمىڭ يەتمىگۈدەك. مەن نېمىشقىمۇ قۇرۇپ كەتكەن گۈلدىن بوتۇلكىغا چىلاپ قويۇلغان گۈلنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىنى بۇرۇنراق ئويلىمىغان بولغىيتتىم. مەن ئەمدى سېنى كۈتمەيمەن دىلشات. بىر قىز بالا ئاشىقى ۋاپادار بولسا ھەممە نەرسىگە چىدىشى، ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇربان بېرىشى مۇمكىن. زۆھرە، شېرىن، لەيلىلەر مانا مۇشۇنداق قىلغان، لېكىن ۋاپاسىز يىگىتنى كۈتۈپ ئېڭەك تۇتۇپ ئۆلتۈرىدىغان بىرمۇ قىز يوق. ئەگەر بار دېيىلسە، بۇنداق قىزلار ۋاپاسىزلىقنىڭ ھەسرىتى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى يىگىتنىڭ دۈشمىنىگە باش ئېگىشىمۇ مۇمكىن.

سەن ھامان بىر كۈنى بۇ يەرگە كېلىسەن، لېكىن مەن ئاشىقىڭ سۈپىتىدە ئالدىڭغا چىقمايمەن. خوش! ئىنتىزارلىقلىرىم ۋە كۈتۈشلىرىمگە خوش......

# ئەڭ گۈزەل تەنقىد

ئۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق، باللار ھارۋىسى دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەر بولمىسىمۇ، مېنىڭ باللىقىم ھەقىقىي مەنىلىك ئۆتكەن باللىق ئىدى. ئۇ چاغدا سۈزۈك سۇلار، يېشىل چىملار، توپ - توپ بولۇپ ئۇچىدىغان قۇشلار بار ئىدى. رەگەتكىلىرىمىزنى ئېلىپ ئورمانلىقلارغا بېرىپ قۇشقاچ ئاتاتتۇق، كۆللەردە چۆمۈلەتتۇق، قىرلاردا قوي باقاتتۇق.

«قانداق دېگەن قىلىقسىز بالا بۇ! جامائەت ئىچىدىغان سۇدا يۈزىنى يۇغىنىنى كۆرمەمدىغان.» ئاچچىقتىن يېرىلىپ كەتكۇدەك بولغان سارىخان مومايىنىڭ 30 يىلنىڭ ئالدىدىكى قەھرلىك ئاۋازى بىلەن قۇلىقىمنى سوزغان ياداڭغۇ قوللىرىنى مەن پات-پات ئەسلەپ تۇرىمەن.

ئالدىنقى كۈنى سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناپ، ئاخشىمى ئېزىلىپ ئۇخلىغانچە ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئىشىك ئالدىدىكى ئۆستەڭدە يۈزۈمنى يۇيۇۋاتسام سارىخان موماي مېنى ئاشۇنداق ئەيىبلەپ، قولىقىمدىن تارتىپ ئاپامنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ كىرگەنىدى. ئەزەلدىن چوڭلارغا تۇرماق، ئۆزۈم دېمەتلىك باللارغىمۇ گەپ ياندۇرالمايدىغانلىقىم ئۈچۈن مىشىلداپ يىغلاپ، ئىچىمدە: «چاتىقى نېمىدۇ، بۇ ئۆستەڭ يا ئۇنىڭ بولمىسا» دەپ ئويلىغانىدىم.

يالغۇز ئوغۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئاتا - ئانامنىڭ قورۇ-جايىغا ۋارىسلىق قىلىپ، يەنە شۇ ئۆستەڭ بار مەھەللىدە ماكانلىشىپ قالغانىدىم. ھازىر بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ھېچكىم ئىچمەيدۇ. ئىچىش تۇگۇل، يۈزىنىمۇ يۇمايدۇ، ئات - ئۇلاغلىرىنىمۇ سۇغارمايدۇ. كىچىك باللارنىڭ بىزگە ئوخشاش يايراپ، چۆمۈلۈپ ئويىنىغىنىنىمۇ

كۆرگىلى بولمايدۇ . بۇ مەھەللىدە ئۆستەڭ مەۋجۇت ئەمەستەك ، ھەممىلا ئادەم ئۇزۇن شىلانكىلارنى تۇرۇبىلارغا چېتىپ ھويلىلىرىدىكى كۆكتاتلىرىنى سۇغىرىدۇ . بۇ ئۆستەڭنىڭ ھازىر پايدىلىق تەرىپى قالمىغان ، ئادەملەر پەقەت كىچىك بالىلىرى تالاغا قاراپ ماڭغاندىلا ، ئۆستەڭدە ئېقىپ كېتەمدىكىن دېگەن ئەندىشە بىلەن جىمى پاسكىنىچىلىقنى ئېقىتىپ كېتىپ بارغان ئۆستەڭنى ئەسلىشىدۇ . ئۇلار بۇ ئۆستەڭنىڭ سۈيى بىلەن ئىلگىرى دەل - دەرەخلەرنىڭ ئايىنىپ باراقسان مەھەللىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ مۇشۇ سۇزۇك ئېقىنلىق ئۆستەڭنى دەپ مۇشۇ ئەتراپتىن ئۆي-ماكان تۇتقانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىشكەنىدى .

ئاڭلىشىمچە ، بۇ ئۆستەڭنىڭ باش تەرىپىدە قايسىبىر زاۋۇت كېرەكسىز نەرسىلەرنى سۇغا ئېقىتسا ، قايسىبىر مۇنچا يۇندىسىنى ، قايسىبىر ئاممىۋى ھاجەتخانا گەندە-سۈيدۈكلىرىنى تۆكىدىكەن . ئاھالىلەرمۇ بۇ تەييار «ئەخلەت ساندۇقى »غا ئەسكىلىكلىرىنى تۆكىدىغان بولۇۋاپتۇ . مۇشۇ ھالەتتىكى ئۆستەڭگە قاراپ بالىلىق چاغلىرىمىزدىكى ئوچۇملاپ سۇ ئىچىپ ئوينايدىغان ئۆستەڭنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغان چاغلىرىممۇ بولدى . بىر كۈنى ئوغلۇمنى ئوينىسۇن دەپ ئاتايىن ئاچا ياغاچ تېپىپ بىر رەگەتكە ياساپ بەردىم . ئوغلۇم رەگەتكىنى قولىغا ئېلىپ :

— دادا ، بۇنىڭ بىلەن كىمنى ئاتىمەن ؟— دېدى .

— قۇشقاچ ئاتىسەن بالام ، كىمنى دەيسەنغۇ ؟

— قۇشقاچ يوق تۇرسا .

بېشىمنى كۆتۈرۈپ دەرەخلەرگە قارىدىم .بۇرۇن توپ-توپ بولۇپ ئۇچىدىغان قۇشقاچلار ،قارا قاناتلىق قاغىلار ، قارىغوجىلار …… ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى . ئۇلارنىڭ يوقاپ كەتكىنىنى ئەجەب سەزمەپتىمىنا . ئوغلۇمغا نېمە دېيىشىم كېرەك . «مېنى ئات » دەمدىمەن . ئەڭ مۇۋاپىق جاۋاب شۇمۇ ؟ ! چۈنكى ، مەن ئۆزۈمنى ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىي ھېسابلىساممۇ ، ئاشۇ ساۋاتسىز سارىخان موماپچىلىك بولالمىغانلىقىمنى ئەمدىلا سېزىۋاتاتتىم .

ئاچچىقىمدا تاماكىنى ئارقا ـ ئارقىدىن شوراپ، ئىشىك ئالدىدىكى قايسىبىر يىلى چىقىرىپ قويغان قۇرۇق كۆتەكتە ئولتۇرسام، ئالدىمدىن بىر توپ ئاق مېكىيان دانلاپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ شۇنى ئويلاپ قالدىم. كەلگۈسىدە ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە بەلكىم توخۇ چوقۇم ئاق بولىدۇ دېگەن ئۇقۇم شەكىللىنىپ قېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، هازىر ھەممىلا جاينى توكتا چىققان ئاپپاق توخۇلار قاپلاپ كەتتى، كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان نوپۇسنىڭ ئىستېمالىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن توخۇنىڭ تۇخۇم بېسىپ، چۈجىنى چوڭ قىلىشىنى ھېچكىم كۈتۈپ تۇرالمىسا كېرەك.

ئىستېمالنىڭ ئېشىشى، شۇنداقلا جان باقالمىغان ئادەملەر سانىنىڭمۇ ئېشىشى بىزنى شۇنداق ساختا نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىشقا، ئىستېمال قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. بۇ بىرنەچچە ئاق مېكىيان تېخى تىنچلانمىغان مېڭەمنى تېخىمۇ ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى. ئاستا كىرىپ كېتەي دەپ ئارقامغا ياندىم. ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، رادىيودىن ئاڭلىغىنىم نېمە بولدى! بۈگۈن ھەممىلا ئادەم، ھەممىلا نەرسىنىڭ مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرگۈسى باردەك قىلاتتى، رادىيودىمۇ بىر ئەر دېكتور «مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا قاراپ تۇرۇۋاتقان غەمسىز جۆڭگولۇقلار» دەپ ياپتا گەپلەر بىلەن ئادەملەرنى تەنقىدلەۋاتاتتى. خۇددى ئۆزى جۆڭگولۇق ئەمەستەك.

ئاچچىقىم بېسىلمىغان پەيتتە ئەبجەق ۋېلىسىپىتىمنى مىنىپ ئۆستەڭنىڭ يۇقىرى ئېقىنىغا قاراپ ماڭدىم. شۇنچىلىك ۋايرانە، مەينەت ھاجەتخانىغا ئىككى موچەن ئېلىپ بىلەت سېتىپ ئولتۇرغان ئايال مېنى كۆرۈپ، بىر ۋاراق تازىلىق قەغىزىنى ئۇستەلگە زەردە بىلەن قويۇپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ:

— چاتىقىڭ نېمە، هازىر ھەممە يەردە تۇرۇبا سۈيى بار. مەن گەندە تۆكمىسەممۇ بۇ سۇ ئاللىقاچان بۇلغىنىپ بولغان ياكى سەن شەھەر باشلىقىمۇ؟ چېپىلغاق نېمىكەنغۇ بۇ، — دەپ غۇدۇرىدى. ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ شۇنداق دېمەكچىدەك، بۇ ئايال شۇلارغا ۋەكىل بولۇپ سۆزلەۋاتقاندەك ،ھېچكىم مېنىڭ تەرىپىمنى ئالمىدى. ھەممەي-

لەننىڭ چىرايىدا مېنى «ئەخمەق» دېگەندەك مەسخىرىلىك
كۈلكە......
بۇ يەردىن دەككەمنى يەپ چىقىپ ، سارىخان مومايىنىڭ مېنى
ئەدەپلىگەن چاغدىكى قەھرلىك تۈرقىنى ئويلاپ ، مۇنچا ئالدىغا كەلگۈ-
چە ئاشۇ مومايدەك جۈرئەتلىك بولۇشنى ئۆزۈمگە توختىماي ئەسكەرت-
تىم . مۇنچا غوجايىنىغا ھاجەتخانا باشلىقىغا دېگەندەك سىلىق قىلىپ :
«يولداش ، جامائەت ئىچىدىغان سۇ بۇلغىنىپ كەتتى . كېرەكسىز
نەرسىلەرنى تۆكمىسىڭىزكەن» دېمىدىم . چۈنكى ، ھازىرقى زاماندا
سىلىق گەپ ، يېقىملىق چىرايدىن ھېچكىم قورقمايدىكەن . ۋۇجۇدۇم-
دىكى بارلىق ئاچچىقنى چىرايىمغا يىغىپ ، قاپىقىمنى تۈرۈپ ، چىش-
لىرىمنى غۇچۇرلىتىپ تۈرۈپ قوپال ئاۋازدا :
— ھەي ، سەن قانداق ئۇياتسىز ئادەم ، جامائەت ئىچىدىغان سۇغا
يۇنداڭنى ئېقىتىپ بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرىسىنا ، يۈر ، تېگىشلىك
ئورۇنغا بارىمىز ، — دەپ ياقىسىغا ئېسىلدىم .
مەن تېخى چىرايىمدىكى ئاچچىق ھالەتنى ئۆزگەرتمەي تۈرۈپ
ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن مۇشت ، پەشۋا بىلەن يىقىلدىم . كەچلىكى
دوختۇرخانىدا ھوشۇمغا كەپتىمەن . ئايالىمنىڭ مىچىلداپ ئولتۇرۇپ
قىلغان تاپا - تەنىسى ئاغرىۋاتقان ئۇگە - ئۇگىلىرىمنى تېخىمۇ ئاغرى-
تىۋەتتى . تەقدىرگە تەن بەرگەن ئادەمدەك كۆزۈمنى يۇمۇپ جىم
يېتىۋالدىم .
بىزنىڭ ئەسلىي - ۋەسلىمىزنى قۇرۇتۇۋېتىدىغان بۇنداق مۇھىت
بۇزغۇنچىلىقىغا گەپ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ تۈگەپ كەتكەنلىكىگە
ئىشەنگۈم كەلمەيتتى . شۇ خىياللار بىلەن كۆزۈمنى يۇمۇپ يېتىپ
ئۇخلاپ قاپتىمەن . چۈشۈمدە ئاشۇ ئۆستەڭ ئەتراپىدا ساپلا ھايۋاندەك
تۆت پۇتلاپ ماڭىدىغان ، چوشقىدەك خورۇلدايدىغان ئادەملەر يۈرەر-
مىش . خورۇلداپ كېتىۋاتقان ئوغلۇم مەردانىنى بالداق مايكىسىدىن
تونۇۋالدىم .
— بالام ، دىسلەرگە نېمە بولدى . نېمىشقا بۇنداق ھايۋاندەك تۆت
پۇتلاپ ماڭىسىلەر .

— ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچكەندۇق ، مۇشۇنداق بولۇپ قال-دۇق .

— ئاھ ، بالاخور ئۆستەڭ !— مەن يېنىمدىن خەنجەرنى سۇغۇ-رۇپ ئېلىپ ئۆستەڭدىكى سۇغا تىقتىم . شۇ ھامان ئۆز ئاۋازىمدىن ئويغىنىپ كەتتىم . يېنىمدا مەھەللىمىزدىكى بىرنەچچە مويسىپىت كىشى ئولتۇرۇپتۇ . قوشنىلارغا چۈشلىرىمنى ، ئويلىرىمنى ، ھەممى-نى كۆزلىرىمگە ياش ئالغان ھالدا ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردىم .

ئەتىسى مەھەللىدىكى بىرنەچچەيلەن يۇقىرى ئېقىندىكى خىمىيە زاۋۇتىغا بېرىپ ، ئۇلارغا كېرەكسىز نەرسىلەرنى تۆكمەسلىك توغرۇ-لۇق نەسىھەت قىپتۇ . لېكىن ، زاۋۇت باشلىقى سىپايىلىك بىلەن : «بۇ سۇ ئاللىقاچان بۇلغىنىپ بولغان ، بىز كېرەكسىز نەرسىلەرنى چىقارمىساقمۇ ، چىقىرىدىغانلار كۆپ» دەپتۇ .

بۇ سۇنى زادى كىم بۇلغىدى . ئەتراپىمىزدا ئادەم كۆپ بولغاچقا ، دۆڭگەپ قويۇشقىمۇ قولايلىق . بىر ئۆمۈر دۆڭگەپ چىقساقمۇ ئادەم يېتىشىدۇ . بۇلغانغان سۇ ، بۇلغانغان ھاۋا بىزنىڭ نېرۋىمىزنى ، ۋىج-دانىمىزنى بۇلغاپ ، بىزنى نەپرەتلىنىشنى بىلمەيدىغان قىلىپ قويدى-مۇ - نېمە ؟ ! مەن سارىخان مومايچىلىك بولالمىغانلىقىمدىن بىر ئۆمۈر ئەپسۇسلىنىپ ئۆتۈشۈم كېرەكمۇ ؟

يېقىنىدىن بېرى سارىخان مومايىنى تولا چۈشەيدىغان بولۇپ قال-دىم . ئۇنىڭ چىرايى يەنىلا كۆك لازىدەك ئاچچىق .ئۆزۈمچە مەن بۇ مومايىنىڭ ھېلىقى ھاجەتخانا ئىگىسى ، مۇنچا غوجايىنى ، زاۋۇت باش-لىقى قاتارلىقلارنىڭمۇ چۈشىگە كىرىشىنى ھەر كۈنى تىلەيدىغان بو-لۇپ قالدىم .

# ئاشۇ بىر سائەت

ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىدىن يەنە ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلانغىلى تۇردى. ئۇ ئاۋازلار قۇلىقىمغا كىرىشى بىلەن بىرى يۈرىكىمگە يىڭنە تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى.

— تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈۋەتكىنە، — دېدىم ئاۋازلارغا ئەندىككەنچە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان نەۋرە قىزىمغا. ئارىلاپ تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قويۇشقا كۆنۈپ قالغان نەۋرە قىزىم قورقۇپ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىدە ماڭا بىر قارىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى.

— موما، چىقىپ قاراپ باقايمۇ؟

— ياق بولدى، چوڭلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما!

تېلېۋىزوردا يەر تەۋرەش ئاپىتى بولغان بىر ناھىيە توغرۇلۇق خەۋەر بېرىۋاتاتتى. جەسەتلەر، يارىدارلار، خارابىلىك، يىغا - زار …… بۇ ئاۋازلار ئىچىدە قىزىم بىلەن كۈيئوغلۇمنىڭ نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى، نېمىلەرنىڭ سۇنۇپ، نېمىلەرنىڭ چېقىلغىنىنى ئاڭلىمىغان بولساممۇ، كۆزۈم تېلېۋىزوردا بولغىنى بىلەن، ھېسلىرىم، تۇيغۇلىرىم ئۇلارنىڭ ھۇجرىسىدا بولغان جېدەلنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى، بېيىتاتتى، رەڭ بېرەتتى. ئويلىغانچە يۈرىكىم مۇجۇلاتتى، ۋۇجۇدۇم ئاچچىق ئەلەمدىن تىترەيتتى. كۈيئوغلۇم يەنە قىزىمنى: «ئۇرۇق ئۆيىنىڭ پوقى تورلۇق دەپ، ئوڭدا يېتىپ يوغان گەپ قىلىسەن‑غۇ؟!» دەپ تىللاۋاتامدىغاندۇ؟ نەۋرەمنى ئاياپ كۆزۈمدىن ياش چىقارماي ئولتۇرغىنىم بىلەن، كۆز ياشلىرىم يۈرىكىمگە ئېقىۋاتاتتى. مېنىڭ كۆز ياشلىرىمنى مۇشۇ تەرزدە يۈرىكىمگە ئاقتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىمغا 33 يىل بولدى.

ئۇ مېنىڭ تازا تولغان چوكان ۋاقىتلىرىم ئىدى. سالامەتلىكىم ياخشى، روھىم كۆتۈرەڭگۈ، خىزمەتتە ئاكتىپ ئىدىم. توپلەينى پارقىرىتىپ مايلاپ، غاچىلدىتىپ دەسسەپ ماڭاتتىم.

شۇ كۈنى ئەمدىلا سەككىز ئايلىق بولغان قىزىم كېچىچە قىزىتىپ چىقتى. كېچىسى تۈزۈك ئۇخلىمىغىنىمغا قارىماي سەھەر تۇرۇپ بالىنى قېيىنئانامغا تاپشۇرۇپ مەكتەپكە ماڭدىم. مەكتەپكە كېلىپ ئالدىراشلىق ئىچىدە قىزىمنىڭ مىجەزىنىڭ يوقلۇقىنى بىر ئاز ئۇنتۇغاندەك بولدۇم. ئۈچىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىپ كېتىۋاتاتتىم، قوشنىمىزنىڭ 13 ياشلاردىكى ئوغلى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— سىلىمىخان چوڭ ئاپام بالا قىزىتىپ كېتىۋاتىدۇ، شېرىنگۈل كېلىپ بالىنى دوختۇرغا ئاپارغان بولسا دەيدۇ، — دېدى.

دەماللىققا قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. كۆزۈم قولۇمدىكى بور بىلەن كونسپېكت دەپتەرگە چۈشتى-دە:

— مەن مۇشۇ بىر سائەتلىك دەرسنى ئۆتۈپ بولۇپلا باردىمەن، — دەپ سىنىپقا كىرىپ كەتتىم. دەرسنى دىققىتىم چېچىلغان ھالدا ئۆتكەن بولسامۇ، ئاخىر سائەت توشتى. يۈگۈرگەندەكلا ئۆيگە باردىم. ئىشىكتىن كىرىشىمگە قېيىنئانام: «سىزمۇ ئانىمۇ!؟» دېدى. قېيىنئانامنىڭ غەزەپ بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزى ئۈچۈن شۇ چاغدا رەنجىگەنىدىم، كېيىنكى 33 يىلدا شۇ بىر ئېغىز سوراق جۈملىنى يۈرىكىمدە بىرى توختاۋسىز تەكرارلاپ مېنى بىر ئۆمۈر خاتىرجەم ياشاتمىدى.

دوختۇر «ۋاقتىدا ئەكەلمەپسىز، ساقىيىش ئېھتىمالى ئاز، ساقايسىمۇ مېيىپ بولۇپ قالىدۇ» دېگەن سۆزنى قىلغاندىن كېيىن مېنىڭ تۇرمۇشۇم پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇرۇنقى جۇشقۇنلۇقۇم، تېتىكلىكىم قاياقلارغىدۇر يوقالدى. قاچانلا قارىسا پالەچ قىزىمنى يۈدۈپ مەكتەپكە ئاپىرىۋاتقان، ئەكېلىۋاتقان، تەرىتىنى تۆكۈۋاتقان ...... ئۆزۈم ھەققىدە خىيال سۈرۈشمۇ ئېسىمگە كەلمەيتتى. قاچانكى بىرەر يېرىم ئاغرىسا، بىئارام بولسام ئاندىن بۇ ئالەمدە ئۆزۈمنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقۇمنى ھېس قىلاتتىم.

«ئاشۇ بىر سائەتلىك دەرسنى ئۆتمەي كېلىپ مېنى دوختۇرغا ئاپارغان بولساڭ مەن بۇنداق بولۇپ قالمايتتىم، سېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىڭ ئاشۇ بىر سائەت دەرس ئاڭلىمىغانغا ئالىم بولۇپ كېتەتتىمۇ؟! ئادەم دېگەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىسىمۇ، خىزمەتچى بولمىسىمۇ بولىدۇ. بىراق، ماڭا ئوخشاش پالەچ بولۇپ ئورنىدىن تۇرالماي ياتسا بولمايدۇ!......» دەپ چېچىنى يۇلۇپ يىغلىغانىدى قىزىم 14 ياشقا كىرگەن يىلى. شۇ كۈندىن تارتىپ تاكى 19 ياشقا كىرگۈچە بولغان بەش يىلنى ئۇ مېنى ئەيىبلەش، رەنجىش، قېيداپ تاماق يېمەي يېتىۋېلىش بىلەن ئۆتكۈزدى.

ئۇنىڭ ئاشۇنداق بولۇپ قېلىشىغا راستتىنلا بىر سائەت كېچىكىپ بارغىنىم سەۋەب بولغانمىدۇ؟ دوختۇر ئېنىق دېگەن، بالا دوختۇرخانىغا پەقەت بىر سائەتلا كېچىكىپ ئاپىرىلغان ئەمەس. بىراق، شۇ بىر سائەتلىك دەرسنى ئۆتمەي، قېيىنئانام چاقىرغاندىلا بارغان بولسام قىزىم مۇشۇنداق بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ، قىزىمغا ھەم ئۆزۈمگە يۈز كېلەلىگەن بولار ئىدىم. بالا قىزىتىپ قالغانغا ھېچنېمە بولمايدىغۇ، دەپ ئويلىغانىكەنمەن. ئەينى چاغدا قېيىنئانام: «بىر ئوبدان بالىنى پالەچ قىلىپ ئولتۇردى بۇ شۇم خوتۇن» دەپ ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرگەنىدى. قىزىممۇ ئاشۇ گەپلەرنى تالاي ئاڭلاپ چوڭ بولغاچقا، ماڭا زەھەرلىك قاراپ، ھە دېسىلا مېنى سىلكىپ ئاچچىقىنى چىقىراتتى.

— ئون نەچچە يىل بولدى، سېنى يۇدۇپ، تەرتىڭنى تۆكۈپ يۈرۈۋاتىمەن، يەنە خىجىل بولماي مېنى سىلكىيسىنا، — دېدىم زەردەم تاشقان بىر كۈنى.

— مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان كىم؟ مەن پالەچ بولمىغان بولسام ساڭا ھاجىتىم چۈشەتتىمۇ؟! — ئۇ شۇنداق دەپ بېشىغا قويغان ياستۇقنى ئېلىپ تامغا قارىتىپ ئاتتى.

ئۇ مېنى ئۆزىگە زىيانكەشلىك قىلغان دەپ قارايتتى. ماڭىچۇ؟! ماڭا كىم زىيانكەشلىك قىلدى؟ بىر پالەچ قىزنى كۈتۈش بىلەن ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزۈش مېنىڭ ئارزۇيۇممىدى؟!

ئۇنىڭ يېشى چوڭايغانچە بۇرۇنقىدەك ساراڭلىق قىلمايدىغان بولدى، بىراق ئۇ جىممىدە ئولتۇرۇپ كەتسە مەن تېخىمۇ ئازابلىناتتىم. مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالار؟ ئەگەر ئۇنىڭ ئائىلىسى، بالىسى بولغان بولسا...... شۇ خىيال بىلەن ئۇنىڭغا لايىق ئىزدەشكە باشلىدىم. تونۇش - بىلىشلەرگە: «قورۇ - جايىم بىلەن ئىشىك ئالدىدىكى ئالتە دۇكان مۇشۇ قىزىمغا قالىدۇ. يىگىتكە بىر تىيىن خەجلەتمەي تويىنى قىلىپ قويىمەن. ھاياتلا بولسام بارلىق خىراجىتىنى ئۆزۈم قىلىپ بېرىمەن. قىزىمغا لايىق بىرەر يىگىت بولغان بولسا» دەپ ھال ئېيتتىم. بۇ گەپ قۇلاقتىن-قۇلاققا يېتىپ، بىر كۈنى بىرى: «شاپتۇللۇق يېزىسىدا بىر تۇغقىنىمىزنىڭ بالىسى بار ئىدى، ئاتا-ئانىسى كىچىكىدە ئۆلۈپ كېتىپ، تاغىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان، شۇ بالىنى قىزىڭىزغا لايىق كۆرۈپ گەپ ئاچقانىدىم، ئۇلار بوپتۇ دېدى. بالىغىمۇ دەپتىكەن قوشۇلۇپتۇ» دېدى. لايىقنىڭ مىجەز-خاراكتېرى، چىراي-تۇرقى دېگەنلەرنى سۈرۈشتۈرمىدىم. قىزىم ئۇ ئەھۋالدا تۇرسا، لايىققا يەنە قانداق تەلەپ قويالايتتىم. داقا-دۇمباق بىلەن تويىنى قىلىپ قويدۇم.

كۈيۈ ئوغلۇم خۇيلۇق چىقىپ قالدى. ئارىلاپ جېدەل تېرىپ تۇراتتى، قىزىمغا زەھىرىنى سانجىيتتى. شۇنداق بولسىمۇ «سىزنىڭ راست» دەپ چىشىمنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ يۈردۈم. بۇ قىز نەۋرەم تۇغۇلغاندا ھەر نېمە بولسا مەن ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئادەم بار بولدى، دەپ ئالەمچە خۇش بولدۇم. بالىنى ئۆزۈم بېقىپ مۇشۇنچىلىك قىلدىم.

— ماڭ، چىقىپ دېرىزىدىن ماراپ باققىنە، دادىڭ سىرتقا چىقىپ كەتتىمۇ؟— دېدىم نەۋرە قىزىمغا.

ئۇ بىر خىل كۆڭۈلسىز كەيپىياتتا سىرتقا قاراپ ماڭدى. كۈيۈ-ئوغلۇم ھەر قېتىم دەيدىغاننى دەپ، چاقىدىغاننى چېقىپ بولۇپ، ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ، ئاندىن مەن قىزىمنىڭ قېشىغا كىرەلەيمەن.

— نېمىدېگەن شور پېشانە مەن، پۈتۈم مۇشۇنداق بولمىغان

بولسا يىراق جايلارغا كېتەتتىم . بۇ خاپىلىقلارنىمۇ تارتىپ ئولتۇر-
مايتتىم ، — قىزىم ماڭا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى .
— ئۇنداق ئويلىما ، بىر ئۆي دېگەندە جېدەل - ماجىرا بولۇپ تۇرىدۇ . نى - نى تاقىلداپ دەسسەپ يۈرگەن ئاياللارمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ ، — قىزىمغا شۇنداق دەپ تەسەللى بەرگىنىم بىلەن دەردىمنى ئۆزۈم بىلەتتىم . ئۇلار جېدەللەشكەندە چىقىپ ئارىغا كىرەلمەيتتىم . چۈنكى ، ئانىلىق ھېسسىياتىم بىلەن قىزىمنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ كۈيۈ ئوغلۇمنى تەزدۇرۇپ قويغۇم يوق ئىدى . بۇرۇن مەن باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن كۈيۈئوغلىمىز بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىمىز دېگەنلىرىنى ئاڭلىسام ھەيران قالاتتىم . ئۆز بېشىمغا كەلگەندە ئادەمنىڭ ئامالسىز قالغاندا كۈيۈئوغلى بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم . ئۇلاردىن يىراقراق تۇراي دېسەم ، قىزىمنىڭ نۇرغۇن ھاجەتلىرىدىن كۈيۈئوغلۇم چىقالمايدۇ ، چىقىشنىمۇ خالىمايدۇ . خۇشى تۇتسا ئۇنى - بۇنى قىلغىنى بىلەن ، خۇيى تۇتقاندا ھېچ ئىش بىلەن كارى يوق ، قاپىقىنى سېلىپ كىرىپ - چىقىپ يۈرگىنى يۈرگەن . مەن يەنە دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، قىزىمنىڭ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ ، ئورۇن سېلىپ قىزىمنى ئورۇنغا ئالغاچ بوغۇزۇمدىكى ئاچچىق يىغىنى ناھايىتى تەستە يۇتۇۋەتتىم .



# قېيىنسىڭلىمغا يېزىلغان خەت

ھۆرمەتلىك قېيىنسىڭلىم ، مەن سىلەرنىڭ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن بېرى ماڭا ئانچە ياخشى مۇئامىلىدە بولمىدىڭىز . دېمەك ، سىزنىڭ قارشى ئېلىشىڭىزغا ئېرىشەلمىدىم . دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئازابلانغان ، ياش تۆككەنىدىم . چۈنكى ، بۇ چاغلاردا مەن ھەممە ئادەم مېنى ئەتىۋارلىسا ، دەپ ئارزۇ قىلاتتىم . كىچىكىمە-دىن تارتىپلا ئاشۇنداق ئەتىۋارلاش ئىچىدە چوڭ بولغاچقا ، ھەممىلا ئادەمگە شۇ تەلەپنى قوياتتىم . ئۆزۈمنى ھەممە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇتاتتىم . سىزنى بولسا كۆڭلۈمدە ئۆزۈمگە تەڭ قىلمايتتىم . چۈنكى ، سىز ماڭا قارىغاندا ياشتا چوڭ ئىدىڭىز . سىزدىن كۆڭلۈم رەنجىگەن چاغلاردا : «ئەرگە تېگىپ يوقالمىدى بۇ قېرى قىز» دەپ غۇدۇرىغان چاغلىرىممۇ بولغان . بەلكىم سىز مېنىڭ مۇشۇ مىجەزىمنى ياقتۇرمە-غان ياكى بولمىسا ئاكىڭىزنىڭ مېھرىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتەلىكىدىن ئازابلىنىپ ، ماڭا يامان كۆزدە قارىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن . سىز ماڭا تۇنجى قېتىم جەڭ ئېلان قىلغان ئادەم . بۇنىڭ ئۈچۈن سىزدىن مىننەتدارمەن . سىز شۇنداق قىلمىغان بولسىڭىز ، مەن ئۆزۈمگە قايتا باھا بەرمىگەن ، ھازىرقىدەك مىجەزىمدىكى يېتەرسىزلىكنى ئېتىراپ قىلمىغان بولاتتىم . لېكىن ، بۇنىڭلىق بىلەن سىزنى ھەممىنى توغرا قىلدى ، دەپ قارىمايمەن . سىزنىڭ ھاۋا رايىدەك ئۆزىچىلا ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مىجەزىڭىز بار ئىدى . ئېچىلىپ قالغىنىڭىزدا ئاغزىڭىز بېسىقماي سۆزلەپ گەپدانلىق قىلاتتىڭىز ، تۇتۇلۇپ قالغىنىڭىزدا گەپ سورىسىمۇ جاۋاب بەرمەيتتىڭىز . چۈمۈچنى قازانغا ئۇرۇپ تاراڭشىد-تىپ ھەممە ئادەمنى بىئارام قىلاتتىڭىز . چوڭ- كىچىك دېمەي ھەم-مىنى سىلكىپ كۆڭلىگە ئازار بېرەتتىڭىز . بارا - بارا ماڭا دۈشمەنلە-

گىزدەك مۇئامىلە قىلىدىغان بولدىڭىز .

مەن بارلىق قىزلارغا ئوخشاش نىكاھىمدىن نۇرغۇن ئۈمىدلەرنى
كۈتۈپ ، سىلەرنىڭ ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرگەنىدىم . لېكىن ،
ئويلىغانلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى بولمىدى . مەن باشقىلارنى مەن ئۆ-
چۈن بەدەل تۆلەپ ، قۇربان بېرىپلا ياشايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم . شۇ
چاغدىكى خىياللىرىمدا شۇنداق بولغاندىلا مەن بەختلىك بولاتتىم .
گەرچە خىياللىرىم شۇنداق بولسىمۇ ، تەقدىر ماڭا باقمىدى . بارلىق
ئانىلارغا ئوخشاش ئۆزۈم قۇربان بېرىشكە ، بەدەل تۆلەشكە باشلىدىم .
بىراق ، سىزگە بۇلارمۇ يەتمىگەندەك ، مېنىڭ پۇتۇمغا بىرەر يېڭى
پايپاق چىقسىمۇ قاپىقىڭىز كۈنلەپ ئېچىلمايتتى ، مەن ھەتتا بىر
پايپاق كىيگەنلىكىم ئۈچۈنمۇ بەدەل تۆلەيتتىم .

ئاخىر سىزنىڭ تويىڭىز بولدى . توي قىلىپ بولۇپ پەتىگە كەل-
گىنىڭىزدە ئالدىمغا پەرتۇق تارتىپ سىلەرگە تاماق ئېتىۋاتقان ماڭا
شۇنداق بىر نەزەردە قارىدىڭىزكى ، مەن بۇنىڭدىن «قارا ، مەن ئاخىر
توي قىلدىم» دېگەن مەنىنى چۈشەندىم . سىز مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى
بىر چاغلاردىكى ناباب ئويلارنى بىلىۋالغاچقا شۇنداق قىلدىڭىز . لې-
كىن ، ھازىر مەندە ئۇنداق خىيالنىڭ يوقلۇقىنى ، توي قىلىشنىڭ
ئۇنچىلىك كۆرەڭلەپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالغانلى-
قىمنى سىز تېخى ھېس قىلمىغانىدىڭىز . مەن ھازىر بۇرۇنقى ھاكا-
ۋۇر قىز ئەمەس . بىر پاخما باش ئانىدىكى قەلب بىر گۈزەل قىزدا
بولماسلىقى مۇمكىن . بالاغەتكە يەتكەن چاغلاردا بالىلىق ئويۇنلارنى
ئويىنىغۇسى كەلمىگەندەك ، قىز ۋاقتىدىكى خىياللار ئانا بولغاندا ئۆز-
لۈكىدىن تاشلىنىپ قالىدىكەن . مېنىڭ ئىلگىرىكى نۇرغۇن گۈزەل
ئارزۇلىرىم بولسۇن ياكى شەخسىيەتچىلىك ئارىلاشقان ئىستەكلىرىم
بولسۇن ، ھەممىسى ماشىنىنىڭ ئارقىنى كۆزىتىش ئەينىكىدىكى مەن-
زىرىلەردەك مەندىن بارا-بارا يىراقلاپ كەتتى . قىز چاغلىرىمدا كۈن-
لەپ كىيىم-كېچەك دۇكانلىرىنى ئارىلايتتىم ھەم بۇنىڭدىن خۇشاللىق
تاپاتتىم .ھازىر بازارغا چىقساملا ئۆزۈمچە بالىلار كىيىم - كېچەكلىرى
ئېسىلغان يەرلەرنى ئارىلايمەن . ھاياتلىقنىڭ بۇ قانۇنىيىتىگە ئۆزۈم-

نىڭ قاچانلاردىن بېرى بويسۇنۇپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن .

سىز نىكاھتىن ئاجراشماقچى بولۇپ قايتىپ كەلدىڭىز . ئائىلە-ڭىزدىكى نۇرغۇن ئىشلارنى مەندىن يوشۇرۇپ ، ئاپىڭىزغا كۇسۇرلاپ سۆزلەپ بەردىڭىز . بەلكىم مېنى كېلىن دېگەن پۇلغا سېتىۋالغان دۇشمەن ، «خوپ بوپتۇ» دەپ ئويۇن كۆرىدۇ ، دەپ ئويلىغانسىز . لېكىن ، مەن بىر ئايال ، ئايال بولۇشنىڭ ئالىم ، دوكتور بولۇشتىنمۇ قىيىنلىقىنى ياخشى بىلىمەن . بىز ئاياللار ھەممىمىز شۇنداق ، مەلۇم چاغلاردا ئايال بولۇشنى قاملاشتۇرالمايمىز . ئايال بولۇشنىڭ ئۆلچە-مى ، قېلىپى يوق . ھەربىر ئادەمنىڭ ئاياللارغا قويىدىغان تەلىپىمۇ ھەر خىل . ھەممىگە چىداشقا ، ھەممىگە ئېغىر- بېسىق مۇئامىلە قىلىشقا ، بەدەل تۆلەشكە ، قۇربان بېرىشكە ، كۆڭلىڭىز ئازار يېگەندە ئۇنىسىز شىكايەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ . ئايال بولۇشتىن ئىبارەت بۇ مەسئۇلىيەتتىن بىر ھەپتىلىك بولسىمۇ دەم ئېلىش قەغىزى تاشلاپ بېرىپ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ . بەلكىم سىزمۇ بەزى چاغلاردا بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا كۆڭۈلسىزلىككە يولۇقۇپ تۇرى-سىز . بىر ئايال ئالىم بولمىسىمۇ ، دوكتور بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ . ھېچكىم نېمىشقا مۇنداق بولمىغان دەپ سورىمايدۇ . لېكىن ، چوقۇم ئايال بولۇشى كېرەك .

يۇقىرىقىلارنى دېيىش ئارقىلىق مەن سىزنى خاتا قىلدىڭىز دې-مەكچى ئەمەس . مەن بىلىمەن ، بىزگە قويۇلىدىغان تەلەپ ئېغىر بولۇپ كەتتى . يەنە كېلىپ زامان ، ماكانغا ماسلىشالمىدى . بىز ئۆيدە ياخشى ئانا بولمىساق ، ئىدارىدە ياخشى خىزمەتچى بولمىساق ، يەنە تۇرلۇك ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىنى ۋاقتىدا ئادا قىلىپ ماڭمىساق بولمىدى . بىز بۇ ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرەلمىگەندە شىكايەت قىلىپ بىر نېمە دەپ سالدۇق . شۇ دەپ قويغانلىرىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىز ئازار يېدۇق . ھېچكىم بۇ يۇك بەك ئېغىر بولۇپ كەتتى ، يېرىمىنى بىز كۆتۈرەيلى دېمىدى . بولسا تېخى ئارتۇقدەكلا يۇك بولسا بىزگە تۆپلەپ ئارتىۋەردى . سىزمۇ قىز ۋاقتىڭىزدا ئېرى بۇزۇلغان بىر دوستىڭىز-نى : «ئەرنى جايلاپ تۇتالمىدى» دەپ ئەيىبلىگەنىدىڭىز . بۇ دەۋردە

بۇزۇلغان ئەرلىرىنىڭ گۇناھى ئۇچۇنمۇ ئاياللار ئەيىبلەنگىلى تۇردى . تۇرمۇشىمىز ياخشىلانغانسېرى ئاپال بولۇشنىڭ شەرتلىرى كۆپىيىپ باردى . بۇ شەرتلەر بىزنىڭ قانچىلىك ماسلىشالايدىغانلىقىمىز بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمىدى .

سىز ئاجرىشىش قارارىڭىزدىن يېنىپ ، ئېرىڭىزنىڭ ئۆيىگە كەتتىڭىز . مەن سىزنى ئالغىلى كەلگەن ئاياللارغا ئاپامنىڭ : «كېلىن بار ئۆيدە يامانلاپ كېلىپ ئولتۇرسا سەت تۇرىدىكەن» دەۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم . بۇ گەپ كۆڭلۈمگە كەلگەن بولسىمۇ چاندۇرمىدىم . سىز كەتكەندىن كېيىن ، مېنى دەپ كۆڭلى رەنجىگەن ئۆيگە كەتكەنمىدۇ ، دەپ بىئارام بولدۇم . بىز كۆپ ھاللاردا باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەنلا ھېسابلىشىپ ، ئۆزىمىزنىڭ نېمە بولۇشىمىز بىلەن ھېسابلاشمايمىز .

سىز كەتتىڭىز ، بۇ خەتنى يېزىپ سىزگە دېمەكچى بولغىنىم : ئائىلىڭىزدە ئەپۇ قىلغۇدەكلا ئىش بولسا ئەپۇ قىلىپ ، سىز قىلىشقا تېگىشلىك ، قۇربان بېرىشكە تېگىشلىك ئىش بولسا ، گەرچە نارازىلىقىڭىز بولسىمۇ ، ھامان قىلىدىغان ئىش بولغاندىكىن خۇشاللىق بىلەن ئۆز مەسئۇلىيىتىڭىزنى ئادا قىلىشىڭىز كېرەك . بۇنىڭدىن كۆڭلىڭىز خۇش بولسىلا ، تۆلىگەن بەدەل ھېچنېمە ئەمەس . لېكىن ، ئاخىرى تۆلىگەن بولىدىغان قۇربانلىقنى بەرمەڭ . ئادەمنىڭ ئەڭ ئاۋۋال ئۆزى ئۈچۈن ياشاش ھوقۇقى بار . سىز قايتىپ كېلىڭ . مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ئائىلىدىكى قۇربان بېرىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ئورنۇمغا تايىنىپ سىزنى قارشى ئېلىپ ، خاتىرجەم تۇرۇشىڭىزغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىمەن . ئاپىڭىزغا دەردلىرىڭىزنى كۆسۈرلاپ دېمىسىڭىزمۇ بولىدۇ . سىز ئۈچۈن مەن گاس - گاچا بولۇشقا رازى . سىز بۇ ئۆيدە ئارتۇق ئادەم ئەمەس . بۇ ئالەمدە ئەزەلدىن ئارتۇق ئايال بولۇپ باقمىغان .

# ئېپپىتىنى يوقاتقان ئەر

گازىر-پۇرچاق تىزىلغان تەنزە ئالدىدىن بىر ئايال ئۆتتى. ئاجا-يىپ تولغان يۇمشاق ساغرا بىلەن پايپاقسىز ئاپپاق پاقالچاق ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى غىدىقلاپ، تەپەككۇرىنى بوغدى. تومۇرلىرى چىڭقى-لىپ، كىرىچى تارتىلغان يادەك كىرىشكەن بەدىنىنى تەستە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، گېلىغا كەپلەشكەن بىرنەرسىنى كۆچەپ يۇتۇپ، بىرھازا سۆزسىز، ھېسسىز، تەپەككۇرسىز ئولتۇرۇپ كەتتى. كۆزنىگە ئالدى-دىن ئۆتكەن شۇنچە كىشىلەر كۆرۈنمەيتتى. كۆز ئالدىغا ھېلىقى ساغرا بىلەن پاقالچاق كېلىۋېلىپ، باشقا نەرسىلەرنى كۆرۈشتىن توساتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانچىلىك ئۇزاق ئولتۇرغىنىنى بىلمىدى. بىر چاغدا «خۇدا ئۆزۈڭ بېرەرسەن دەپ» ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، بوشاشقان ھالدا ئاستىغا قويۇپ ئولتۇرغان كىچىك ئورۇندۇقتىن تۇردى. شۇندىلا ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقان ئادەملەرنى كۆردى. ئاشۇ ھەر-خىل سىياقتىكى ئادەملەر ئارىسىدا بەدەنلىرى سىلىق، نازۇك كەلگەن ئاياللار ئۇنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ ئېچىلىپ قالغان بويۇن، بىلەك، يوتا، پاقالچاقلىرىغا سەپسېلىپ قاراشقا باش-لىدى. ئۇنىڭ چوڭ دادىسى دائىم ھېلىقى ياقا يۇرتلۇق شوپۇر بىلەن قېچىپ كەتكەن ھامىسىنى ئۇزۇن كۆڭلەك كىي، ئەرلەرنىڭ ئالدى-دىن توغرا ئۆتمە دەپ ئەيىبلەيتتى. چوڭ دادىسىنىڭ دېيىشىچە، ئىسلامدا يەتتە ياشتىن ئاشقان ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشى مەنئى قىلىنغانىكەن. ئۇ چوڭ دادىسىنىڭ بۇ گېپىنىڭ مەند-سىنى بۇگۈنلا چۈشەندى. چوڭلارنىڭ گېپى ئىنتايىن توغرا ئىكەن. ئۇ بايىدىن بېرى ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن نۇرغۇن نەرسە-لەرنى چۈشەندى. ئاشۇ ئاپپاق بىلىقتەك پاقالچاقلار ئۇنىڭغا ناھايىتى

يېقىندىن كۆرۈنۈپ يىراقلاشقاندا ئۇ ۋۇجۇدىدا قۇترىغان تەلۋە ، ساراڭ تۇيغۇلارنى ناھايىتى زور چىدام - غەيرەت بىلەن باستى . ئەگەر ئايال ئۇنىڭغا ئادەملەر ئۆتۈشۈپ تۇرغان قىزىق بازاردا ئەمەس ، يېزىسىدىكى چىغىر يولدا ئۇچراپ قالغان بولسا ئۇ ئۆزىنى مۇشۇنداق تۇتۇۋالالارمىدى . دېمەك ، ئۇ ئايالنى ئەمەس ، ئۆزىنى ئويلىدى . تۇرمە ئازابىدىن ئادەملەرنىڭ نەپرەتلىك قاراشلىرىدىن «مۇشۇ زاماندىمۇ مۇشۇنداق ئەخمەق بەندە بولىدىكىنە» دەپ كۇلۇشلىرىدىن قورقتى . ئۆتكەندە غەيرەت چارباشنى «قىرى تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاراكەندە قىلغان» دەپ تۇتۇپ كەتكەندە ، ئاۋۇ قېرى موزدوز جىنىدا «تازا ئەخمەق بالىكەنغۇ ئۇ ، 50 كويىنىڭ مېھرىدىن كەچسە نى سەتەڭلەر كۇلۇپ كېلىدىغان زامان تۇرسا ، بىر قېرى خوتۇننى دەپ نەچچە يىل كېسىلىپ كېتىدىغان بولدى-دە» دەپ ئېچىنغانىدى .

ئۇ كەچتە يايمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ماڭغاندىمۇ كۆز ئالدىدىن بايىقى مەنزىرە كەتمىدى . خىيالىدىكى كۆرۈنۈشلەر ئۇنى يەنە بىئارام قىلدى . ئۇ بۇ بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇشنى قانچە ئويلىغانسېرى خىيالىغا شۇنچە كىرىۋالاتتى . ئۇ ئاستىغا غالتەك بېكىتىلگەن چاققان هارۋىنى سۆرەپ ، سۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن كونا قورۇغا كىرىپ كەتتى .

ئۆيگە كىرىپ تەييار چۆپنى چىلاپ ئىچكەچ كونا رەڭسىز تېلېۋىزورنى ئاچتى ، يېرىم يالىڭاچ مودېل قىزلار سەھنىدە ئۇيان - بۇيان مېڭىۋاتاتتى . گۆشسىز ، ئەتسىز ، ياغاچتەك ساغرا - پاقالچاقلىرىنى تولغاپ ، باشلىرىغا ھەرەڭ- سەرەڭ لېنتىلارنى تاقىۋېلىپ ، چىرايىدا تەبەسسۇم دېگەن نەرسىدىن ئەسەر يوق ، سوغۇق بىر سۇر بىلەن پولاڭلاپ ماڭغىنىنى ماڭغانىدى . «ئايال كىشىمۇ شۇنداق بولامدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە . ئۇنىڭچە بولغاندا ئايال كىشى دېگەن چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان ، ئادەم بىر قارىسا ئارامبەخش تۇيغۇلارغا چۆمۈلىدىغان خۇش پىچىم بولۇشى كېرەك ئىدى . ئاۋۇ ئادەملەر ھېسسىياتسىزمۇ ، ئاشۇ چاپانشالدەك ئاۋاقلارغا قاراپ ئولتۇرۇپ زېرىكمەمدىكىنە .

ئۇنىڭ خىيالىدا شۇنداق بىر ئايالنىڭ سىماسى بارئىدى . ئۇ
كىچىكىدىنلا شۇنداق بىر ئايالنى ئويلايتتى . ئۇ شۇنچە كىچىك چاغلى-
رىدىمۇ خىيالىدىكى كەلگۈسىدە ئۆزىگە ھەمراھ بولىدىغان ئايالنى
كىچىك قىز ياكى بويىغا يەتكەن قىز ھالىتىدە ئەمەس ، بىر پىشقان
ئايال ھالىتىدە خىيالىغا كەلتۈرەتتى . ئۇ خىيالىدا قۇراشتۇرۇپ چىق-
قان ئاشۇ ئايالغا پۈتۈنلەي ئوخشايدىغان ئايالنى ھېچ يەردە ئۇچراتمى-
دى . قايسىبىر ئايالنىڭ چېچى ، قايسىبىرىنىڭ كۆزى ، قايسىبىرى-
نىڭ بۇرنى ئوخشاپ قالاتتى . ئۇنىڭ خىيالىدىكى ئايالنىڭ چىرايىدىن
ئاپتاپتەك تەبەسسۇم كەتمەيتتى . ئۇ ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئانىلارغا
خاس مېھرىبانلىق ، كۆيۈمچانلىقنىمۇ ، ياش قىزلارغا خاس قايناق
ھېسسىيات ، قىزغىن مۇھەببەتنىمۇ تاپقىلى بولاتتى . ئۇنىڭ خىيالى-
دىكى ئايال مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆزىنى پەسلەشتۈرۈپ ، سۆلەتۋاز ئەر-
لەرنىڭ كەينىدىن قاتراپ يۈرمەيتتى . ئاۋۇ دۇكاندىكى تۇرسۇنئاي
قورچاقتەك ئۆزىنى سۆيگەن ئەرلەرنى جېدەلگە سېلىپ قان تۆكمەيت-
تى . ئۇ ئايال قەلبىدىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ئېسىل ، رومانتىك
ھېسسىياتلىرىنى قانداق ئادەمگە بېغىشلاشنى ، ئۆزىنى سۆيگەن ئادەم-
نى قانداق قەدىرلەشنى بىلەتتى . سۆيگۈسىنى ، مۇھەببىتىنى ئاز-
ئازدىن سەرپ قىلىپ ، بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى نۇرغا ، گۈزەل-
لىككە ، خۇشاللىققا تولدۇرالايتتى .ھاممىسىدەك يەڭگىللىك قىلىپ
ئاتا - ئانا ،ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ قېچىپ كەتمەيتتى .

بۈگۈن خىيالىدىكى ئۇ ئايالنىڭ تۇرقىغا يەنە بىر يېڭى سىن
كىردى . ئۇ بۇرۇن خىيالىدىكى ئايالنىڭ چىرايىنىلا ئويلاپ ، بوي-
تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى . ئۇ ئاياللارنىڭ بوي -
تۇرقى ھەققىدە خىيال سۈرسىلا كۆز ئالدىغا كىچىكىدە مەھەللىسىدى-
كى نېرىقى قاشتىكى بۇلاقتىن سۇ ئەكېلىدىغان رىزۋانگۈلنىڭ كەڭ
ئېتەكلىك گۈللۈك يوپكا سۆيۈپ تۇرغان نازۇك پاقالچاقلىرى كېلەت-
تى . مانا بۈگۈن ئۇ خىيالىدىكى ئۇ نازۇك پاقالچاق ، قوشۇقتەك
ساغرىلارنىڭ ئورنىغا بايىقى تولغان پاقالچاق ، تولغان ساغرىلارنى
ئالماشتۇردى . شۇندىلا مۇشۇنداق بوي - تۇرقىنىڭلا ئۇنىڭ خىيالىدىكى

پىشقان ئايالغا ماس كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى .

ئۇ ئۆزى ئۇچراتقان ، باشقىلاردىن گېپىنى ئاڭلىغان ئاياللارغا ھەيران ئىدى . ئۇلارنى چۈشەنمەيتتى . ئاشۇ ئاياللار ئۆزىدەك پاك مۇھەببىتىنى ، مول ھېسسىياتىنى قوش قوللاپ سۇنۇپ تۇرغان يىگى-تىنى كۆرمەي ، ھاراقكەش ، ئويۇنچى پاھىشىۋاز ئەرلەرنىڭ كەينىدە يۈرۈشەتتى . بىر قېتىم بۇرنىغا يېگەن تورۇپمۇ يەنە ئۆزلىرىنى كۆي-دۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىدىغان ، بىر ئۆمۈر ئاۋارىچىلىككە ، باش قېتىن-چىلىققا سالىدىغان سۆيگۈ ئۈچۈن شاپاشلايتتى . ئۇ ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى شۇ كوچىدا قاتراپ ، ئاخىر كۆرگىلى ، تۇتقىلى بولمايدىغان بىر ھېسسىيات ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاپ بۇ ئالەمدىن زارلاپ ، قاقشاپ ئۆتۈپ كېتىدىغان دەردمەن سەتەڭ ئاياللارنى چۈشەنمەيتتى . ئاشۇ ئاياللارنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆيگۈ سۆزىدە قان تەپچىرەپ تۇرغاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ ئاياللار ئەگىپ يۈرگەن سۆيگۈ نەقەدەر بىچارە ، نەقەدەر مىسكىن-ھە !

ئۇ ئۆزى چۈسەنمەيدىغان ئاشۇ ئاياللارنى چۈشەپ قالاتتى . ئۇلار-نى قۇچاقلاپ سۆيەتتى . ئاشۇ ھاكاۋۇر ئاياللار ئۇنىڭ چۈشىدىلا ئۇنىڭغا كۈلۈپ باقاتتى . ئۆزلىرى بەك چوڭ بىلىدىغان سۆيگۈسىنى ئۇنىڭغا بېرەتتى . ئەمەلىيەتتە بولسا ئۇ ئاشۇ ئاياللارغا بىر ئېغىز گەپ قىلماق تۈگۈل تىكىلىپ قارىيالمايتتى . ئۆزىنىڭ ئاجىز ، بىچارە ، مېيىپ ، گاداي تۇرقىدىن نومۇس قىلاتتى . ئۆزى بىلەن ئاشۇ ئېسىل كىيىم-لەرنى كىيىپ يۈرىدىغان ، يېنىدىن ئۆتسە مەززىلىك پۇراپ كېتىدىغان ئاشۇ ئاياللارنىڭ ئارىسىدا قېلىن ، ئېگىز بىر تام باردەك ، ئۇ ئاشۇ مېيىپ ، ئاۋارە تۇرقى بىلەن شۇ تامغا يامىشىپ چىقالمايۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ ئۇخلاشنى ، چۈش كۆرۈشنى ياخشى كۆرەت-تى . ئۇنىڭ بىر كۈنلۈك پائالىيەتلىرى ئىچىدە ئەڭ خۇش بولىدىغان ئىشى چۈش كۆرۈش ئىدى . چۈشىدىلا ئۆزىگە نېسىپ بولىدىغان ئاشۇ شېرىن تۇيغۇلاردىن ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى . شۇڭا ، ئۇ ئۆزى-نىڭ رېئاللىقتا ئەمەس ، چۈشىدىلا ياشايدىغان بولۇپ يارىلىپ قالدى-غىنىغا ئۆكۈنەتتى . رىۋايەتلەردىكى بىر ئۇخلىسا قىرىق كېچە - كۈن-

دۇز ئۇخلىيالايدىغان دۆڭلەرگە ھەۋەس قىلاتتى.

ئۇ ئاشۇ كېلىشتۈرۈپ گىرىم قىلغان، لېكىن قەلبى قاغجىراپ چاك - چاك يېرىلغان، ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ئاڭلىسا مۇھەببەت دېگەن سۆز پارچىلىنىپ ھەرپلىرى پارە - پارە بولۇپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدىغان ئاشۇ ئاياللارغا، ئاشۇ پاخپاق ئەرلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرىدىغان، «سىزنى سۆيىمەن» دېگەن بىر ئېغىز گەپ ئۈچۈن ناھايىتى زور بەدەللەرنى تۆلەيدىغان ئاشۇ ئاياللارغا بەك ھەيران ئىدى. «چىرايىغا لايىق ئەقىل بەرمەپتىكەن خۇدايىم» دەپ ئويلايتتى ئىچىدە. «سۆيىمەن»، «ياخشى كۆرىمەن» دېگەنگە باج ئالمىغاندىكىن ئېغىزدىن خالىغانچە چىقىرىدىغان، ھەقلەپ ، نىكاھلاپ ئالىدىغان چاغدا تىل چايناپ ئولتۇرىدىغان ئاشۇ لامزەللە ئەرلەرنىڭ نېمىسىنى ئارزۇلايدىغانلىقىنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ كېتەتتى. كوچىدا ئاشۇنداق ئاياللارنى ئۇچراتسا، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بەرگىلىرى تىتىلغان ئەتىرگۈل ، يەرگە چۈشۈپ پارە - پارە بولغان بىر گۈل لوڭقىسى كېلەتتى. بۇ تۇيغۇلار ئۇنى ئاشۇ ئاياللاردەكلا ئازابلايتتى. ئۇ ئۆزىنى پايانى يوق قوقاسلىققا يىقىلغاندەك، بۇ قوقاسلىقنىڭ چېكى يوقتەك ھېس قىلاتتى. قەلبىدىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئېسىل، ئەڭ گۈزەل تۇيغۇلىرىنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىدىغان بىرىگە نېسىپ بولماي ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئۆكۈنەتتى. ئۇنىڭ سىرتقى تۇرقىنىلا كۆرۈپ، قەلبىنى كۆرەلمەيدىغان دىلى كور ئاياللاردىن ئاغرىناتتى. ھەر كۈنى قەلبىدىكى ئاشۇ گۈزەل تۇيغۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئۇخلاشقا مەجبۇرلىغاندا خۇددى رېستوراندىكى شىرەلەردە ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان تاماقلارنىڭ يۇندى چېلىكىگە تۆكۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، رەھمەتلىك ئاچىسىنىڭ داغ سۇغا نان تۇگۈرۈپ يەپ ئولتۇرغان تۇرقىنى ئەسلىگەندىكىدەك تۇيغۇدا ئازابلىناتتى. ئۇ شۇنچە كۆپ ئادەملەر ئارىسىدا يەككە-يېگانە، غېرىب ياشايتتى. ئۇنىڭ قەلبى سۆيگۈگە تەشنا ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىن خۇددى ئوسا قىلغان ئېتىزلىقتىكى چاك - چاك يېرىقلاردىن ئاپپاق ھور كۆتۈرۈلگەندەك ئازاب، ھەسرەت بۇقسۇپ چىقاتتى.

ئۇ چۈش كۆردى . چۈشىدە ھېلىقى ئايال ، ئۇ ئارقا تەرىپىنىلا
كۆرۈپ قالغان ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى . چىرايىدىن
ئاپتاپتەك تەبەسسۇم پارلاپ تۇراتتى . ئۇ ئايالغا قاراپ يۈگۈردى .
بىراق ، يېنىدىلا پەيدا بولغان بىر توك ھەرە تەلۋە بۇقىدەك نەرە
تارتىپ ئۇنىڭغا قاراپ كېلىشكە باشلىدى . ئۇ قاچماقچى بولدى ،
لېكىن پۇتلىرى يۆتكەلمىدى . ئۇ يوتقان ئىچىدە تېپىرلاپ بىرھازادىن
كېيىن قارا تەرگە چۆمۈپ ئويغاندى . ھاسىراپ بىرھازا ئولتۇرۇپ
سېزىملىرى ئەسلىگە كەلگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى . ئۆي
ئىچى ۋاللىدە يورۇپ ، ۋۇجۇدىدىكى چۈشى پەيدا قىلغان قورقۇنچ
پەسەيدى .

ئۇ ئەسلىي تۇتقاننى يۆلىۋالىدىغان ، تاش يەپ ، قۇم چىقىرىدىغان
بىر يىگىت ئىدى . ئاشۇ لەنىتى توك ھەرە ئۇنىڭ بىر قولىنى بېغىشىدـ
دىن ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن ، ئۇ مانا مۇشۇنداق غېرىب ، بىچارە ،
مىسكىن ، يار - يۆلەكسىز بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ دەردىدە قان يىغلاپ
ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىسى ، ئۇنىڭ بىلەن مىراس تالىشىپ مۇشۇ
كونا ئۆينى ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتكەن ئاكىسى ئۇنىڭ
خىيالىغا كەلدى ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىر قىزنىڭ : «ماڭا قىلماسـ
سەن ئىلاھىم ، ئاجىزنىڭ ئاھى تۇتار» دېگەن غەزەپ - نەپرەتلىك ،
ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى . شۇ چاغدا ئۇ قىزغا «ئۆـ
زۈڭدە بار ، مەست ئادەمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىپ نېمە قىلاتـ
تىڭ» دەپ قويۇپ پەرۋاسىز كەتكەن ، تېخى ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا
«ماڭا كۆيۈپ قاپتىكەن» دەپ پىچىرلاپ پو ئېتىپ بەرگەن ، ئۇنىڭ
نەزىرىدە بىر قىزنىڭ ئىپپىتى ، بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قېلىشى
ھېچنېمە ئەمەس ئىدى . ئۇ ئاشۇ قىزنىڭ يەنە بىرىنى تېپىپ تېگىپ
ئۆينى تۇتۇپ ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . ئاتام زامانىدىن
بار ئىشكەنغۇ بۇ دەپ قېتىغا ئالماي يۈرەتتى . ئۇ بىلىدىغان قىزلار
ئىپپىتىنى يوقىتىپ بولۇپمۇ بىر ئوبدان يىگىتلەر بىلەن توي قىلىۋالـ
غانىدى . ئۆزىنىڭ قىزلارنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىپ يۈرىدىغان چاغلىـ
رىنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى . بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ قورۇلۇپ

يىگلەپ قالغان بىلىكىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئېزىلىپ ـ ئېزىلىپ يىغلىدى .

— دەرۋازىنى ئېچىڭ ، تېز بولۇڭ .

ئايال كىشىنىڭ يېلىنىش ئىچىدىكى ئايانچلىق ئاۋازى ئۇنى يىغىدىن توختاتتى . ئۇ يۈگۈرۈپ قوپۇپ ، ساپما كەشىنىمۇ ساپماستىن بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى . دەرۋازا ئېچىلىش بىلەن بىر ئايال ئالاقزادىلىك بىلەن يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى . ئايال ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭغا :

— توكنى ئۆچۈرۈۋېتىڭە ، ئۇ مۇشۇ ئۆيىنىڭ توكى يورۇق تۇرسىمۇ گۇمان قىلىپ مېنى تېپىۋالدۇ ، — دېدى .

ئۇ توكنى ئۆچۈرۈۋەتتى . ئايال كېرىم ئىسىملىك ئوقەتچىنىڭ ئايالى ئىدى . بىرنەچچە يىل بۇرۇن ئۇلار نېرىقى مەھەللىدىن جاي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ كەتكەن . باشقىلاردىن ئايالنىڭ ئېرى ئاق تاماكا چېكىپ يۈرگەچكە ئاجرىشىپ كەتكىنىنى ئاڭلىغانىدى .

كىچىك ئۆيىنى ئايال كىشىنىڭ ھىدى ، ئۇنىڭ قېنىپ ـ قېنىپ پۇرىغۇسى كېلىدىغان يېقىملىق بىر ھىد قاپلىدى . گەرچە چىراغ ئۆچۈك بولسىمۇ ، ئۇنىڭغا ئۆي يورۇپ كەتكەندەك بىلىندى . ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ غېرىب ، نامرات كۆلبىسىگە مۇشۇنداق لاتاپەتلىك بىر ئايالنىڭ كىرىپ كەلگىنىدىن خۇشال ئىدى . ئۇنىڭ بوسۇغىسىدىن ئايال كىشى ئاتلاپ باقمىغانىغا قاي زامان . ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ تا مۇشۇ كۈنگىچە بىر ئايال زاتى بىلەن كېچىدە مۇشۇنداق يېقىن ھالدا بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ باقمىغىنىنى ھېس قىلدى . ھېلىقى چاغدا ئۇنى قارغاپ كېتىپ قالغان قىز بىلەن ئۇ خۇدىنى بىلمىگۈدەك مەست ھالدا بىللە بولغان بولغاچقا ، ھازىرقىدەك تۇيغۇلاردا بولۇپ باقمىغانىدى . ئايال ھاسىراپ نەپەس ئالاتتى . قارىغاندا ئۇ نېرىقى كوچىدىن يۈگۈرۈپ كەلگەندەك قىلاتتى .

— نېمە بولغان ، — دېدى ئاخىر ئۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ .

— گەپ قىلسام گەپ تولا . ھېلىقى ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىمىنىڭ خاپىلىقى . نەدىنمۇ ئۇچراشقان بولغىيتتىم ئۇنىڭغا ، — ئايال ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى . بىر ئايال كىشىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا بۇنداق

ئېزىلىپ يىغلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى . ئايالنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ
يۈرىكىنى ئېرىتىۋەتتى . ئۇ شۇ تاپتا ئايالدىن قىلىشقۇسىز دەرىجىدە
ئازابلىنىۋاتاتتى . مۇشۇنداق بىر ئايالنى يىغلاتقان ھېلىقى خۇمسى
ئەرنى ئۇرۇپ يەرگە چاپلىۋەتكۇسى كېلىپ كەتتى . ئاستا سۇرۇلۇپ
بېرىپ ساق قولى بىلەن ئايالنىڭ كۆز يېشىنى ئېرتتى . ئايال ئۇنىڭغا
ئېسىلىپ ھېقىقداپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ خىيالىدىكى ھېلىقى ئاپتاپ
چىراي ئايال ، بايا كۆرگەن ساغرىلىق ئايال ۋە باشقا ئۇ كۆرۈپ
تەلپۈنگەن بارلىق ئاياللار تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ بۇ ئايالنىڭ جىسمى-
غا سىڭىپ كەتتى . ئايالنىڭ ئىسسىق تېنى ، ئىسسىق نەپسى ، ئىس-
سىق يېشىدىن ئۇنىڭ تېنى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى . ئايالنى
چىڭ قۇچاقلىغۇسى ، سۆيگۈسى كەلدى . بىراق ، بۇ تەڭ كېچىدە
ئۆزىدىن پاناھلىق تىلەپ كىرگەن بىر ئايالغا يامان نىيەتتە بولۇش ،
بىچارە ئايالنى بۆرىدىن قېچىپ يولۋاسقا تۇتۇلغاندەك قىلىپ قويۇشنى
ۋىجدانى كۆتۈرمىدى . ئايالنى ئۆزىدىن نېرى ئىتتىرىپ ، ۋۇجۇدىدا
قۇتراۋاتقان تۇيغۇلارنى ئاز-تولا باساي دېسىمۇ ، ئايالنى ئىتتىرىۋېتىش-
كە قولى بارمىدى . ئۇ شۇنداق زىددىيەتلىك خىياللار قاينىمىدا قىينى-
لىپ تۇرغاندا ئايال ئۇنىڭغا دەرد تۆكۈشكە باشلىدى .

قەيسەر ئايال دېگەن نېمە ، بىلەمسىز ؟ قەيسەر ئايال دېگەن بېشى-
غا دەرد- ئەلەم كەلسىمۇ بىرىگە شىكايەت قىلمىغان ، كۆز يېشىنى
باشقىلارغا كۆرسەتمىگەن ئايال . بۇنداق ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىدا قەيسەر-
لىكتىن كۆرە نومۇس تۇيغۇسى كۈچلۈك بولىدۇ . ئۇنى قەيسەر قىلغان
ئاشۇ نومۇس تۇيغۇسى بۇنداق نومۇسچان ئاياللارنىڭ قەيسەر بولماقتىن
باشقا ئامالى يوق . ئايال ئېرىنىڭ يەنە بۈگۈن كېچىدە كېلىپ دەرۋازى-
سىنى مۇشتلاپ ئارام بەرمىگىنىنى ، ئۆزىنىڭ ئارقا تامدىن ئاتلاپ
بۇياققا قاراپ قاچقىنىنى ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ چىرىغى يېنىق تۇرغىنىنى
كۆرۈپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرغىنىنى دەپ ئۆتتى . ئايال سۆزلەۋات-
قاندا ئۇ ئايال بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا خىيالىدىكى ھېلىقى
ئاجايىپ چىرايلىق ئەتىرگۈل ئۈنۈپ چىققاندەك ، ھېلىقى نەپىس گۈل
لوڭقىسىنى بىرى لەرزان پۇلاڭلىتىپ ئەكېلىپ ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا

قويۇپ قويغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى . ئۆزىنىڭ بۇ ئايالنى قوغداش ، پاناھىغا ئېلىش مەجبۇرىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلدى . بايا ئۇ ئاڭسىز ھالدا ئايالغا دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەرگەن بولسا ، ئەمدى ئايالنى بىر تۇغقىنىدەك كۆرۈپ قوغدىماقچى ، ئۇنى بۇ كېچىدە يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈپ يات ئەردىن پاناھ تىلەشكە مەجبۇر قىلغان نامەرد خۇمسى ئەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالماقچى بولدى . بىراق ، كۆچى يېتەرمۇ ؟ ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ ئىشىكنى ئىلىۋەتتى . مېيىپ قولىنى يەنە بىر قولى بىلەن سىلاپ بېقىپ ، ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقى-دىن ، ئاجىزلىقىدىن نەپرەتلەندى . ناھايىتى كېتىدىغىنى بىر جان ئىكەنغۇ . بەربىر بىر ئۆلۈم . دۇنيانىڭ ئاھالىسى ھەر 50 يىلدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ ، ئۇ 44 كە كىردى . دېمەك ، تارتىنىشقۇدەك چوڭ ئىشى يوق . ئاياللار ئىپپىتىنى قوغدايمەن دەپ قۇربان بولسا ، كىشىلەر ئۇلارنى ھۆرمەت بىلەن ياد ئېتىدىغۇ ؟ نوزۇگۇمنى كىم ياد ئەتمەيدۇ . ئۇ ئەگەر مۇشۇ ئايالنى قۇتقۇزىمەن دەپ ئۆلۈپ قالسىچۇ ؟ ئۇ چاغدا كىشىلەر ئۇنى ئاجايىپ پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن ياد ئېتەر . ئۇنىڭ يېنىدا ئالما ساتىدىغان باققال دوستى بەلكىم «ئۇ مېنىڭ دوستۇم ئىدى» دەپ ھەممە يەردە سۆزلەپ يۈرەر . جەمئىيەت-نىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى بىر مېيىپ كىشى ئۆيىدە كارىۋاتتا جىمجىت ئۆلۈپ قالسا ، ئۇنى كۆمۈپ قويىدىغانغا تۆت ئادەم چىققىنى بىلەن ، كىشىلەر ئۇنى بىرەر يىل ئۆتمەيلا ئونتۇپ كېتىدۇ . ھېچكىم ئۇنىڭدىن پەخىرلەنمەيدۇ . ئۇ شۇلارنى ئويلاپ يۈرىكى توختىغاندەك بولدى . ئۇ شۇندىلا بۇ ئالەمدىكى بارلىق ياخشى- يامان ئىشلارنىڭ پەقەت ياشاش ئۈچۈنلا بولىدىغانلىقىنى ، جېنىدىن تويغان ئادەمنى ھېچنېمە بىلەن گوللىغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدى .

دەرۋازا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشقا باشلىدى . ئايال ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى . ئۇنىڭ قوللىرى تىترەيتتى . ئۇمۇ ئايالدىن قېلىشقۇسىز دەرىجىدە قورقۇپ تۇرسىمۇ ، غەيرىتىگە ئېلىپ :

— كىم ؟— دېدى دەرۋازىنى ئاچماي تۇرۇپ .

— ئاۋۇ پاتىگۇل دېگەن قانجۇق مۇشۇ ياققا قاچقان ، ئىزدەپ

تاپالمايۋاتمەن . سىنىڭ ئۆيۈڭگە مۆكۈۋالمىغاندۇ .

— ياق ، ھېچكىم كىرمىدىغۇ بۇ ئۆيگە .

— ئەگەر يالغان سۆزلەپ ئۇنى مۆكتۈرۈپ قويىدىغان بولساڭ كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرىسەن جۇمۇ ؟

ئاۋاز يىتتى . ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆمدى . ئۇنىڭغا يۈرىكىنىڭ سوقۇشى يېنىدا بىرى بازغان ئۇرۇۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى . ئۇنىڭ خىيالىدا يەنە دەرۋازا ئۇرۇلاتتى . ھېلى بىرى ئىتتىلىپ كىرىپ ئۇنى دەسسەپ ، چەيلەپ ، يەر بىلەن يەكسان قىلاتتى .

جان دېگەن ھەممە ئادەمگە تاتلىق . ۋاقتى كەلگەندە قېنى كىم بىر كۈن كەم ياشىغىن دېسە ئۇنايدىكىن ؟ ھېلىقى يۇگوسلاۋىيەنىڭ «كۆۋرۈك» دېگەن فىلىمىدىكى بىرى پۇتىغا ئوق تېگىپ دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالاي دېگەندە قانداق ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ كەتكەن . ئۇنىڭ «گاۋاردونى» دەپ چاقىرغاندىكى ئاۋازىدىكى ، چىرايىدىكى ئادەم تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز ئېچىنىشلىق مۇڭ كىمنىڭ دىلىنى ئەزمىگەن . ئۇ مۇشۇ كىنودىن ئۇرۇش ۋاقتىدىكى كىشىلەرنىڭمۇ ئوخشاشلا جېنى تاتلىق بولىدىغانلىقىنى ، ھەممە ئادەمنىڭ دۈشمەنگە تىك قاراپ تۇرۇپ مەردلەرچە قۇربان بولمايدىغانلىقىنى بىلگەن . ئايالنى چىقىرىۋېتىش كېرەك . ئەگەر ئۇنىڭ تەلۋە ئېرى كىرىپ قالىدىغان بولسا ، ئۇ مۇشۇ تۇرقى بىلەن ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەرمىدى ؟

— قاراڭ ، — دېدى ئۇ ئايالغا يۈزلىنىپ ، مەن بىر مېيىپ ئادەم . ئۇ كىرىپ قالسا ئىش چاتاق بولىدۇ . سىز ئاستا چىقىپ ماۋۇ ساۋۇتكاملارنىڭكىگە مۆكۈۋېلىڭ ، ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تېلېفونمۇ بار ، ساقچىغا خەۋەر قىلىسىڭىزمۇ بولىدۇ .

ئۇ گەرچە توكنى ياقمىغان بولسىمۇ ، ئايالنىڭ چىرايىدىكى نەپرەت ، ئېچىنىش ، كەمسىتىش تۇيغۇسىنى كۆردى . ئۇنى باشقىلار «ھۇ چولاق » دەپ ھاقارەتلىگەندىمۇ ئۇ بۇنداق خورلۇق ھېس قىلمىغانىدى .

ئايال چىقىپ كەتتى . ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ قىلغىنىنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىنى

ئويلىنىشقا باشلىدى .
— ھۇ سېسىق چولاق ، تېخى مېنىڭ خوتۇنۇمنى ئۆيۈمگە تىقد-
ۋالغۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ ئۇ قۇلاق تۈۋىگە تەگكەن مۇشت بىلەن سەنتۇ-
رۇلۇپ يىقىلدى . يىقىلغان جايىدىن قولىغا چىققان بىر كالتەكنى
ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى . كالتەكنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەرنى بىرنى
سالدى . بىراق ، بىر قولى بىلەن ئۇرغان كالتەكنىڭ تازا تورى
بولماي ، ئەر كەينىگە ئازراق داجىغاندەك بولدى-دە ، ئېتىلىپ كېلىپ
ئۇنىڭ قولىدىكى كالتەكنى تارتىۋالدى . ئۇ كالتەكنى ئەمەس ، ئىشەن-
چىسىنىمۇ تارتقۇزۇپ قويغاندەك بوشىشىپ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقاندا
ئۇنىڭ بېشىغا بىر كالتەك تەگدى . ھېلىقى گۈل لوڭقىسى جاراڭلاپ
چېقىلدى . چىرايلىق ئەتىرگۈلنىڭ بەرگىلىرى تىتما - تىتما بولۇپ
كەتتى . مۇھەببەت دېگەن سۆزنىڭ ھەرپلىرى باشتا ئاجراپ ، كېيىن
ھەربىر ھەرپىمۇ پارە - پارە بولۇپ ، قايتا قۇراشتۇرغىلى بولمايدىغان
بولۇپ كەتتى .

ئۇ ھوشىغا كېلىپ كۆرگىنى باش ئۈستىدە خۇددى بومبىلاردەك
ساڭگىلاپ تۇرغان ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسى بولدى . پۈتۈن بەدىنى
سىرقىراپ ئاغرىيتتى

— پاتىگۈل ئۆلدى . ئۇنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەن ئېرىنىڭ دېيىشىد-
چە ، ئىككىڭلارنىڭ مۇناسىۋىتى بار ئىكەن . سەن ئۇلارنىڭ ئاجرىشىپ
كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان ئىكەنسەن ، شۇنداقمۇ ؟

— ئۇ كۈنى پاتىگۈلنى ئۆيۈڭگە سەن چاقىرغانمۇ ياكى ئۇ ئۆزى
كىرگەنمۇ ؟

ئۇنىڭ ھېچقايسى سوئالغا جاۋاب بەرگۈسى يوق ئىدى . ئۇنىڭ
قۇلاق تۈۋىدە «پاتىگۈل ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن بىر ئېغىز سۆز تەكرار-
لىناتتى . ھېلىقى لەنەتتەگكۇر ئەبلەخ ئۆزىگە كېلىدىغان جازانى يې-
نىكرەك بولارمىكىن دەپ ئاشۇنداق ئاغزىغا كەلگەنچە سۆزلىگەن
گەپ .

ئۇ ئايالنى چىقىپ كېتىڭ دېمىگەن بولسا ، بەلكىم ئۆلۈپمۇ
كەتمەستى . ئايال ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتكەن . ئۇنى قوغداپ قالد-

دۇ، يوشۇرۇپ قويىدۇ دەپ ئويلىغان ئەمەسمىدى، بىراق ئۇ ئايالنى قوغدىماق تۈگۈل، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنىمۇ لەنەت - نەپرەتكە قويدى. «بىر چولاق بىلەن تۇتۇۋېلىپ ئېرى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن گەپ ھازىر يۇرتقا بىر كەلگەندۇ؟

ئۆز ۋاقتىدا ھېلىقى قىز «مەن بىر ئاجىز قىز تۇرسام، ئۆزىڭىز تارتىپ ئەكىردىڭىزغۇ؟ سىزگە مېنىڭ قانداق كۈچۈم يېتەتتى» دېگەندە ئۇ ئىشەنمىگەن، قىزنى ئۆزى بوشاڭلىق قىلغان دەپ ئويلىغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ بۈگۈن بىلدىكى، جىسمانىي ئاجىزلىق روھىي ئاجىزلىق پەيدا قىلىدىكەن. ئۇ ئۆزى جىسمانىي ئاجىزلىقى تۈپەيلى بىر ئايالنى قوغداپ قالالمىغاندىلا، قىزنىڭ ئىپپىتىنى يوقىتىشقا جىسمانىي ئاجىزلىقى سەۋەبچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.

ئۇ بۇرۇن ئىپپىتىنى يوقاتقان قىزلارنى ئۆلۈۋالسا توغرا بولىدۇ دەپ قارايتتى. ئۇ بىلىدىغان ئىپپىتىنى يوقاتقان، لېكىن ئۆلۈۋالمىغان قىزلارغا يىرگىنىش، كەمسىتىش نەزىرىدە قارايتتى. ھالا بۈگۈنكى كۈندە ئۆزى شۇنداق قاراشلارغا بەرداشلىق بېرەلەرمۇ؟!

ئۇ بېشىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىغا قارىدى. سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇق بىر تامچە - بىر تامچىدىن ئۇنىڭ تومۇرلىرىغا ئېقىپ كىرىۋاتاتتى. مانا مۇشۇ سۇيۇقلۇق ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىنى پەسەيتىپ، ئۇنى ئادەملەر ئارىسىدا يەنە قايتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلماقچى، ئۇنىڭ چىرايلىرى پۈرۈشۈپ كەتتى. قولىنى سىلكىپ ئوكۇل يىڭنىسىنى چىقىرىۋەتتى. سۇيۇقلۇق يەرگە تامچىلاشقا باشلىدى.

# بەخت كىرمىگەن بوسۇغا

ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا قارا باساتتى. ئۇخلاپ قالماي دەپ شۇنچە تىرىشسىمۇ مۇگدەپ قالاتتى، چۈشىدە ئۆتكەن يىلى سويۇۋەتكەن، مۈڭگۈزلىرى يۆگىشىپ تۇرىدىغان بۇدۇر يۇڭلۇق قوچقار خۇددى ئىتتەك ئۇنىڭغا خىرىس قىلدى. قوچقارنىڭ كۆزلىرىدىن چاچراپ تۇرغان سوغۇق نۇر ئۇنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈۋەتتى.

— ھېلىقى قورسىقىدىن بالىسى چىققان قارا ساغلىق ئېسىڭدىمۇ؟— دەپ سورىدى قوچقار زۇۋانغا كېلىپ، — شۇ مېنىڭ بالام ئىدى. بالام تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا سەن ئانىسىنى سويۇۋەتكەن. سەن ئاشۇ قىپقىزىل گۆش بالامنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن ئېلىپ بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ئانىسىنىڭ گۆشىنى پارچىلاش بىلەن بولۇپ كەتتىڭ، شۇ چاغدا سېنى ئۇسۇپ ئۆلتۈرۈۋېتەي دەپ ئويلىغانىدىم.

ئۇ قورقتى. شۇنچە يىل قاسساپلىق قىلىپ، قويلارنىڭ قېنى، كېسىلگەن باشلىرىنى كۆرۈپ كۆنۈپ كەتكەن ئادەم بىرچاغلاردا سويۇۋەتكەن، مۈڭگۈزىنى سەنئەت بۇيۇمى ياسايدىغان بىرىگە سېتىۋەتكەن قوچقاردىن قورقتى. قوچقار خىرىس قىلغىنىچە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ئۇ قاچاي دەپ قاچالمىدى. پۇتلىرى ئىزىدىن يۆتكەلمەيتتى. قوللىرىمۇ جېنى يوقتەك كارغا كەلمەيتتى. ئۇ ۋارقىرىدى، ئايالىنىڭ، بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپ ۋارقىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ ۋارقىرىغىنىنى قايناۋاتقان شورپىغا چامغۇر سېلىۋاتقان ئايالىمۇ، مەشىنىڭ يېنىدا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغان بالىسىمۇ ئاڭلىمىدى، پەقەت بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ، يوتقان ئىچىدە تېپىرلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئايالى ئاستا بېرىپ ئۇنى تۇرتۇپ ئويغىتىۋەت-

تى . ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ئانىسى «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندەك ئادەم بولارسەن !» دەپ دۇئا قىلىدىغان . بىراق ئۇ ، مەھەللىدىكى ئۆمەر قاسساپتەك قاسساپ بولۇپ قالدى . ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا مۇئەللىمى سىنىپتىكى بالىلاردىن : «چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولىسىلەر ؟ » دەپ سورىغاندا ، ھېچكىم قاسساپ بولىمەن دېمىگەن ، لېكىن ئاشۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ بەزىلىرى ھازىر قاسساپمۇ بولالماي ، «بىر جىڭ گۆشنى نېسى قىلىپ تۇرساڭ» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا سارغىيىپ كېلىدۇ . ھەر نېمە دېگەنبىلەن ئۇ شۇ ھۈنىرى بىلەن بىر ئۆينى چۆرگۈلىتىپ يۈرۈۋاتىدۇ . تېخى ئەينى چاغدا ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلىغاندا : «قانداق قىلىمىز بالام ، مەندىمۇ ئامال يوق» دەپ ئۇنىڭ مەكتەپتىن چىقىپ كېتىشىگە قاراپ تۇرغان كېرىم مۇئەللىم گۆش ئالغىلى كېلىپ ، ئەتراپتىكىلەرگە : «بۇ مېنىڭ ئوقۇغۇچۇم بولىدۇ . ئۇستا قاسساپ بولۇپ كەتتى» دەپ ماختىنىپ كېتىدۇ . خۇددى قاسساپلىقنى ئۇ مۇئەللىم ئۆگىتىپ قويغاندەك .

ئۇ كىچىك چاغلىرىدا ئەتراپتىكى نۇرغۇن ئادەملەردىن رەنجىگەن . قار ياغقان بىر كېچىسى ئۇلارنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ : «ھەي خوتۇن ، قاچقۇن ئېرىڭ قايتىپ كەلمەيدۇ ، مەندىن ئاياپ نېمە قىلىسەن......» دەپ ۋارقىراپ ئۇلارنى ئۇخلاتمىغان ھاشىم بويتاقتىن ؛ دەرسلىك كىتابتىكى «لاڭياشەندىكى بەش قەھرىمان» بولۇپ ئويناۋاتقاندا ، قاچقۇننىڭ بالىسى تاغ چوققىسىنى ئىگىلىۋالسا بولمايدۇ ، دەپ ئۇنى قىغ دۆۋىسىدىن ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتكەن ساۋاقداشلىرىدىن ؛ ئاپىسىغا نان ياققىلى تونۇرنى ئۆتنە بېرىپ تۇرمىغان قوشنىسى ئايشەمخاندىن ؛ ئۆي ئىچىدە قاراپ تۇرسا ھويلىدىكى سۇپىدا ئاپىسى يۇغۇرۇپ قويۇپ قويغان خېمىرنى ئىتىكىگە يۆگەپ چىقىپ كېتىپ : «ھۇ شۇم ، داداڭدەك ئەسكى نېمە بوپسەن ، قاراپ تۇرۇپ مېنى خېمىر ئوغرىسى دەۋاتامسەن ؟ مەن سەندەك گېزەندىلەرنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلامدىم ؟ مەن كىم ، سەن خەق كىم ؟» دەپ ئۆكتەملىك قىلغان نۇسرەت بۇۋىدىن ؛ ئاپىسى ئەترەت ئەزالىرىغا تاماق ئەتكەندە ،

ئاش سۇزگەن چوڭ جاۋۇرنىڭ ئاستىدا قالغان، ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئاشلارنى ئۇنىڭغا سېلىپ بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ قېلىپ: «ئۈزۈلۈپ كەتكەن ئاش بولسىمۇ، ئەزالارنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە كەلگەن. ئاشپەز بولدۇم دەپ بۇ يەردە بالاڭنى باقامتىڭ» دەپ ئاپىسىنى دادۇيجاڭغا چېقىشتۇرۇپ، قوناق ئۈزگىلى سالغان مەرەمگۈلدىن...... ھەممىدىن رەنجىگەن، ئۇنى ۋە ئاپىسىنى يەكلەپ ئارىغا ئالمىغان، بوزەك قىلغان ئادەملەردىن، ئۇ دىدارىنى كۆرۈپمۇ باقمىغان، لېكىن ئۇ ۋە ئاپىسىغا كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئازابلارنى ھەدىيە قىلغان دادىسىدىن رەنجىگەن، «خەپ چوڭ بولسام» دەپ مۇشتلىرىنى تۈگكەندى. بىراق، شۇ مۇشتلىرى كۈچكە تولغاندا ئۇ ھېچكىمنى ئۇرمىدى. ھېچكىمدىن ئۆچ ئالمىدى. چوڭ بولۇپ چۈشەندىكى، نادان، قورسىقى تويمىغان شۇ ئادەملەردە گۇناھ يوق ئىكەن، گۇناھ ئاشۇ يىللاردا ئىكەن. ئاشۇ يىللار بىرچاغلاردىكى قەددى - قامەتلىك كېرىم مۇئەللىمنى ئېگىشىپ ماڭىدىغان دۈمچەككە ئايلاندۇرۇپ قويدى، كىشىلەر ئۇنىڭ بويىنىغا تاش ئېسىپ قويۇپ جازالىغان، دەيدۇ. ئاشۇ يىللار بىرچاغلاردا يىگىتلەرنى قايرىلىپ قاراشقا مەجبۇر قىلغان ساۋاقدىشى تۇنىسا قىزنى كوچىلاردا كىيىملىرىنى سېلىپ تاشلاپ، ئالدىغا كەلگەننى تىللاپ يۈرىدىغان سارڭ خوتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

— ۋاي غوجام بالام، قانداقراق تۇرىلا، ئاللا بۇ كېسەلنى مېنىڭدەك ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىغا بەرمەي، سىلىدەك تاش يېسە قۇم چىچىدىغان تېرەكتەك ئەرگە بەرگىنى نېمىسى، — ئاپىسى شۇنداق دەپ كالىچىنى سېلىپ سۇپىغا چىقىپ، ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مۇگدەك بېسىپلا تۇرىدىغۇ تاڭ، ئۇخلاپ قالساملا قارا باسقان......

— چارچاپ قالغان ئوخشايلا بالام، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن بىكار تۇرمايلا ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاپىسى.

— شېئىر ئوقۇپ بېرەيمۇ دادا؟ — دېدى بالىسى.

— ھەئە، ئوقۇغىنا، — دېدى ئۇ يەنە ئۇخلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ.

ئۇ كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى . قەلبىگە تالاي يىللار بۇرۇن كۆمۇ-
ۋەتكەن شائىرانە تۇيغۇلار خۇددى توخۇ سامانىنى تاتىلاپ دان ئىزدىگەن-
دەك تاتىلىنىشقا باشلىدى .

ئاشۇ يىللار ئاجايىپ يىللار ئىدى . داستىخان قوناق نېنىدىن
بۆلەكنى كۆرمەيدىغان شۇ يىللاردا ئۇنىڭ ئاجايىپ بۇيۇك غايىلىرى ،
ئارزۇلىرى بولىدىغان . قورسىقى ئاچ ، ئۇيقۇسى كەلمىگەن ئاخشاملى-
رى ئۇ كەلگۈسى ھەققىدىكى گۈزەل خىياللىرىغا بۆلىنىپ ياتاتتى .
خىياللىرىدا ئۇ داڭلىق يازغۇچى ئىدى . چوڭ شەھەردە يوپيورۇق ،
ئازادە ئىشخانىدا كۆزئەينەك تاقاپ ئولتۇرۇپ ئەسەر يازاتتى . بالىلىق
خىياللىرىدا يازغۇچى ، ئەدىب دېگەنلەر چوقۇم كۆزئەينەك تاقايتتى .
تالاي ھەۋەسكارلار ئۇنىڭغا خەت يازاتتى . ئىشخانىنىڭ ئىشىكىنى
يېنىك چېكەتتى . ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە سۆيۈملۈك ئايالى ئۇنى
قىزغىن قارشى ئالاتتى . ئالدىغا گۆش بېسىلغان پولۇنى قوياتتى .
ئۇنىڭ ئېچىپ كوركىراپ كېتىۋاتقان قورسىقى پولۇنى ئويلاش بىلەن
تېخىمۇ ئېچىپ كېتەتتى . ئۇ كوركىراۋاتقان قورسىقىنى سىلاپ قو-
يۇپ خىيالىنى داۋاملاشتۇراتتى . شۇنداق بىر كۈن كېلەتتىكى ، دادى-
سى قايتىپ كېلەتتى . خىيالىدا دادىسى ئەتراپتىكى ھېچقانداق بىر
ئادەمگە ئوخشىمايتتى . ئۇ ئۇچىسىغا مۇنۇ ئادەملەردەك توپا ئۆرلەپ
تۇرىدىغان كونا كىيىملەرنى كىيىپ ، ئالدىغا ئېڭىشىپ دۈگدىيىپ
يۇرمەيتتى . ئۇنىڭ دادىسى ئېسىل پەلتو كىيىپ ، چاچلىرىنى رەتلىك
تاراپ ، قولىدا چامادان تۇتقان ھالدا مەھەللىگە كىرىپ كېلەتتى ۋە
كىشىلەردىن : «ئايگۈلنىڭ ئۆيى قايسى ؟» دەپ سورايتتى . ئۇ ئوينا-
ۋاتقان ئويۇننى تاشلاپ يۈگۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، « مەن
ئايگۈلنىڭ بالىسى» دەيتتى......

نەۋرىسى ئوقۇپ بەرگەن شېئىرنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ ئانىمۇ خى-
يالغا كەتتى .

*　　　*　　　*

سوۋېت بىلەن جۇڭگو چېگرالىنىدىغان يەردىن 100 مېتىرچە
يىراقلىقتا بىر ئەر بىر ئايالنى سۆرەپ كېتىۋاتاتتى ، ئايال شېغىللىق

دالىدا ئۇنۇپ قالغان چاتقاللارغا ئېسىلىۋالاتتى . چاتقال يۇلۇنۇپ ئايال-نىڭ قولىغا چىقاتتى .

— قويۇۋەت مېنى ، ئاتا-ئانام بۇ يەردە تۇرسا ، سەن بىلەن كېتىپ نېمە قىلىمەن . قويۇۋەت دەيمەن ، قويۇۋەت ، — ئايالنىڭ ئېچىنىش-لىق ۋارقىراشلىرى چەكسىز شېغىللىق دالىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى .

— ئۇنى قويۇۋەت ، كەتكۈڭ بولسا ئۆزۈڭ كەت ، — ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئاتلىق ئادەم ۋارقىرىدى .

— خوتۇن مېنىڭ تۇرسا ، سېنىڭ نېمە چاتىقىڭ ؟

— مانا چاتىقىم ، — ئاتلىق ئادەم ئەرنى قامچىلاپ ئۇرۇشقا باشلىدى . ئەر تاياقتىن قېچىپ يۇگۇرۇپ چېگرا سىزىقىغا بېرىپ قالدى . ئۆزىنىڭ يەنە ئازراق ماڭسىلا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئەر كەينىگە ئۆرۈلۈپ ، قولىنى كانايچە قىلىپ ئاغىزىغا ئاپىرىپ :

— خوش ئايگۈل ، كۆرۈشكۈچە ئامان بول ، — دەپ ۋارقىرىدى . ئايال چۆلدەرەپ قالغان ئۆيىگە كېلىپ كۈنلەپ - كۈنلەپ يىغلىدى ، لېكىن ئىش ئورنىغا كەلمىدى . يىل ئۆرۈلۈپ ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى . ئوغۇلغا يادىكار دەپ ئىسىم قويدى .

بالىغا سۈت چىقسۇن دەپ ئاپىسى ئۇنىڭغا ئەتكەنچاي ئېتىپ بەردى . سىنچايغا زاغرا ناننى چىلاپ يەپ ئولتۇرغان ئۇكىلىرى ئۇنىڭ قاچىسىغا تەلمۈرۈپ قارايتتى . ئۇكىلىرىنىڭ بۇنداق قاراشلىرىدىن كۆڭلى بۇزۇلغان ئايگۈل ئاغزىغا ئاپارغان بىر قوشۇق چاينى يۇتالماي تۇرغاندا بىلىكىگە قىزىل بەلگە تاقىۋالغان مىنبېگىلار ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ ، ئۇنى يالاپ باشلانغۇچ مەكتەپ مەيدانىغا ئېلىپ كەلدى . ئۇ بۇ يەردە ئۆزىگە ئوخشاش تەتۈر قىسمەتكە دۇچار بولغانلار بىلەن ئات هارۋىسىغا ئولتۇرۇپ يىراق بىر يېزىغا ئېلىپ كېلىندى .

ئايگۈل ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق كۈنلەرگە قېلىۋاتقانلىقىدى-نى چۈشەنمەيتتى . ئۆمرىدە بىرەر ئېغىز سىلىق گەپ قىلىپ باقمىغان دادۇيخاڭ خوددى ئايگۈلنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان-دەك ، قوپاللىق بىلەن :

— ھەي ، سەن ئاۋۇ ئىتىنى دېكى بۇغدايلارنى ئورۇسەن ، — دەپ ئىتىنى كۆرسىتىپ قويۇپ لوڭ ـ لوڭ دەسسىگەنچە كەتتى . ئەتىسى يەنە ئىتىز بېشىدا جىندەكلا ئۈنۈپ :

— ھەي خوتۇن ، تېخى بىر سولمۇ ئورماپسەنغۇ ؟ سەن تېخى قاچقۇن ئىرىم تۇلپارغا مىنىپ كېلىپ مېنى ئىلىپ كېتىدۇ ، دەپ خام خىيال قىلىپ يۈرەمسەن ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ ، ئىپادەڭنى ياخشى قىلىپ ئورماڭنى ئور ، — دەپ يەنە تۇنۇگۇنكىدەك لوڭۇلداپ مېڭىپ كېتىپ قالدى .

كەچتە ئۆگە ـ ئۆگىلىرى ئاجراپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ ، سۇت تولغان كۆكسى چىڭقىلىپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئايگۈلگە ھېلىقى قوپال دادۇيجاڭ بىر كونا پاختىلىق پىنجىكنى تەڭلەپ :

— ھەي خوتۇن ، بۇنى كىيىپ ئىشلە ، — دېدى .

— كۆن ئىسسىق تۇرسا ، — دېدى ئايگۈل ھەيران بولۇپ .

— سېنى توڭۇپ كېتىپتۇ ، دەپ كۆيۈنىدىغانغا سەن مېنىڭ خاناچامىدىڭ ، كىي دېگەندىن كېيىن كىيمەمسەن ، بۇ جازا ساڭا يېنىكلىك قىلىدۇ . ئەتە ئۇچاڭدا كۆرمەيدىغان بولسام مەندىن ياخشى-لىق كۈتمە ! — دەپ ۋارقىرىدى .

پاختىلىق پىنجىك كىيىپ ئىشلەۋاتقان ئايگۈلنىڭ ئۈستىبېشىدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى . كۆكسىگە سىغمىغان سۈتلىرى ئېقىپ چىقىپ پىنجىكنىڭ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتكەنىدى . ئۇچىنچى كۈنى ئايگۈل كۆكسىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي ئىتىز بېشىدا ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى . نەدىندۇر پەيدا بولغان دادۇيجاڭ :

— ھەي خوتۇن ، نېمە پوتلاڭنى ئېقىتىپ ئولتۇرىسەن ، ئىشنى ئاقساتماي ئورماڭنى ئورمامسەن ، — دەپ ۋارقىرىدى .

— جېنىم ئاكا ، سىلىنىڭمۇ ئانىلىرى ، قىزلىرى باردۇ ؟ ئەم-چەكتە بالام بارئىدى . كۆكسۇم چىڭقىلىپ ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ . ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن ، — ئايگۈل گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي ئىسە-دەپ يىغلاپ كەتتى . ئۇنىڭ يىغىسىغا قاراپ دادۇيجاڭنىڭ ئىچى ئاغرى-دى بولغاي مۇلايىملىشىپ :

— گېپىڭ بولسا گۆڭشىغا دە ، مەن سېنى ئىشلىتىشنى بىلمەن شۇ ، — دېدى .

تۆتىنچى كۈنى ئايگۈلنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئېتىز بېشىدا يىقىلىپ قالدى . بىر قىزىل قوغدىغۇچى باشلاپ كەلگەن يالاڭ ئاياغ دوختۇر ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ :

— بالا ئەممىگەچكە سۈت كۆكسىدە ئۇيۇپ قاپتۇ . ناھىيەگە يۆتكەپ داۋالاتمىسا بولمايدۇ ، — دېدى .

ئايگۈل ئات هارۋىسىغا سېلىنىپ ناھىيە دوختۇرخانىسىغا ئەكېلىندى . بىرنەچچە كۈن ئوكۇل قىلغان بولسىمۇ كۆكسى يەنىلا ئاغرىۋەردى . كۆكسى دەسلەپكى قىزىل رەڭدىن قارىداپ بۇزۇلۇپ قالغان گۆشتەك رەڭگە كىرىپ ، تېرىسى سويۇلغىلى تۇردى . دوختۇرلار : « ئېغىز ئالدۇرمىساق بولمىدى » دېدى . بىر كۈنى بىر سېستىرا قارا رەڭلىك بىر دورىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە سۈركەپ تېڭىپ قويدى . بۇ كۈنلەر ئايگۈل ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇزاق ھەم ئازابلىق ئىدى . ئاغرىق دەستىدىن ئۇخلاي دەپمۇ ئۇخلىيالمايتتى . ئاش- تاماقتىنمۇ قالدى . ئىككى كۆكسىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىقى ئۇنىڭغا مىنۇت ئارام بەرمەيتتى . كۆز ئالدىغا ئاپىسىنىڭ «يېلىنى ئاغرىپ قاپتۇ » دەپ چېلەكتە سۇ ئاپىرىپ يېلىنىنى يۇغان ئالا ئىنەكنىڭ ئېچىنىشلىق مۆرەشلىرى كەلدى . ھايۋان بولسۇن ، ئادەم بولسۇن ، ئانا بولماق نېمىدېگەن تەس - ھە ! ؟

— ئاپام كۆكسى ئاغرىمىغان ئايال ئەمەس دەيدىغان ، سەن ئەجەب تۇنجى تۇغۇتۇڭدىلا بۇنداق بولدۇڭ ، — دەيتتى ئاپىسى بېشىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپ . ئۇ ئاشۇ ياداپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن تۇرقى ، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرى ، رەتسىز كىيىملىرى بىلەن ئاپىسىدىنمۇ چوڭ كۆرۈنەتتى . ئۇ كۆكسىنىڭ ئاغرىقىغا چىدىماي يىغلاپ تۇرۇپ ، ئۆزىنى مۇشۇ كۈنلەرگە قويغان ئېرىنى ، چېگرادا ئۇنى تۇتۇۋالغان ئاتلىق ئادەمنى ، ئىسسىقتا ئورما ئورغىلى سالغان دادىۋىجاڭنى دۇنيادىكى ئەڭ سەت تىللار بىلەن تىللىدى ، ئېرى بىلەن كەتمىگىنىگە پۇشايمانمۇ قىلدى .

— ئەمدى ئوپېراتسىيە قىلساق بولىدىكەن ، — دېدى بىر كۈنى
دورا ئالماشتۇرغىلى كىرگەن سېسترا ۋە ئۇنى يۆلەپ باشقا بىر ئۆيگە
ئېلىپ كىردى . قولىدا پىچاقتەك بىر ئەسۋابنى تۇتقان دوختۇر ئۇنىڭ
كۆكسىنىڭ يۇمشاپ ئېسىلىپ كەتكەن يېرىگە ئەسۋابنى ئۇدۇللاپ
تۇتۇپ ئۇردى . كۆكسىنىڭ تۆۋەن ئۇدۇلىغا توغرىلاپ جاۋۇر تۇتۇپ
تۇرغان سېسترا يۈزىنى ئەپقاچتى . ئىككى سېسترا ئايگۈلنىڭ ئىككى
قولىنى چىڭ تۇتۇۋالغان بولۇپ ، يىغلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئايگۈلنىڭ
ئوچۇق تۇرغان ئىككى كۆكسىدىن قان - زەرداب بولۇپ كەتكەن ،
تۇگۇر - تۇگۇر يېشىل رەڭگە كىرگەن سۈتلەر بۇلدۇقلاپ چىقىپ
جاۋۇرغا چۇشۇۋاتاتتى . ئۆينىڭ ئىچى ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز سېسىق-
چىلىققا تولدى . ئېچىغان سۈتنىڭ پۇرىقىدىن كۆڭلى ئايىنىغان دوختۇر
يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى .

ئايگۈل يىغلايتتى . بېشىغا كېلىۋاتقان بۇ قىسمەتلەرگە ئېچىنىپ-
مۇ ، نارازى بولۇپمۇ يىغلايتتى ، شۇندىن كېيىن ئۇ ئېتىزغا ھەيدەپ
چىقىلمىغان بولسىمۇ ، موھتاجلىق ، كەمسىتىلىش ، يەكلەشلەرگە
ئۇچراپ ، ئۇنلۇكرەكمۇ گەپ قىلالمايدىغان بولۇپ كەتتى . بالىسىنى
قاتارغا قوشقۇچە جاھاندىكى بار كۆرگۈلۈكنى كۆردى . مانا ئاشۇ يىللار
ئۇنى 20 ياشتىن 30 ياشقا ئاپىرىپ قويدى . پەقەت بىرلا نەرسە
ئۇنىڭغا ئۇمىد بېغىشلاپ كەلدى . ئۇ يولدىشىنىڭ ھامان بىر كۈنى
كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى . قايسىبىر يىلى بىر پالچى : «ناھايىتى
ئۇزاق يىللاردىن كېيىن يولدىشىڭىز بىلەن كۆرۈشىسىز » دېگەنىدى .
ئۇ بالىسىدىن رازى ئىدى . بالىسى چوڭ بولۇۋىدى ، ئۇ موھتاجلىقتىن
قۇتۇلدى . بالىسى گۈلدەك ھۈنىرى بىلەن پۇل تاپتى ، يۈز تاپتى .
ھازىر يادىكار قاساپ دېسە بىلمەيدىغان ئادەم يوق .

* * *

ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ، بېشىدا دۈرۈت ئوقۇپ تەسۋى سىيرىپ
ئولتۇرغان ئاپىسىنى كۆردى . ئاپىسىغا ئۇزاق قاراپ تۇردى . ئاپىسى-

نىڭ چىرايىدىكى يول - يول قورۇقلار ئۇنىڭغا يەنە ئۆتمۈشنى ئەسلەتتى . ئۇ كەينىگە قوشلاپ قويۇلغان ياستۇققا يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمدى . ئۇنى يەنە مۈگدەك باستى .

شىنجاڭ ئەزەلدىن بىر ياخشى ماكان ،
بايلىقلىرى مول ، تۇرمۇش پاراۋان……

بوران قېقىۋەتكەن توك ئالمىلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ چاچ قىلىپ ئېسىۋالغان تۇنىساقىز ئۇ گۆش ئاسقان كانارىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى . ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ كۈلۈشتى . تۇنىساقىز :

— ھۇ ھېجىقىزلار ، كىرىپ خوتۇنۇڭنىڭ ئوسمىسىنى سىقىپ بەرمەي ھىجىيىپ تۇرۇشىسەنغۇ ، — دەپ تىللىدى . ئەرلەر :

— ماڭە ساراڭ ، ناخشاڭنى ئەسكى تاملىقتا بېرىپ ئېيت ، — دەپ قويۇپ تۇرۇۋەردى .

— پىچاق چاقلايمەن ، پىچاق چاقلايمەن ، — داۋاملىق مەھەللە ئارىلاپ پىچاق چاقلايدىغان قېرى چاقچىنىڭ ئاۋازى ئۇنى چۈش قوينىدىن رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى .

— ماڭ ، پىچاقلارنى چاقلىتىپ كىر .

— ئاۋۋال بىر ساقىيە دادا ، — بالىسىنىڭ مەشنىڭ يېنىدىن قوپقۇسى كەلمەي دېگەن گېپى ئۇنىڭ زەردىسىنى قايناتتى .

— تۇر دەيمەن نان قېپى ، — ئۇنىڭ ۋارقىرىشى بىلەن بالىسى پىچاقلارنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

«تۇنىساقىز يۇرتنىڭ گۈلى ئىدى ، بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرۇۋېتىپ ئاشۇنداق بولۇپ قالدى . خۇداغا شۈكۈر ، ئۇنىڭغا قارىغاندا بىز ھېچ كۈن كۆرمىدۇق» دېگەنىدى ئاپىسى ئۇ ئاچ قورساق ئۇخلىيالمايۋاتقان بىر ئاخشىمى . ئۇ تۇنىساقىز ھەققىدە بۇرۇن ئويلاپ باققانىدى . بايىقى چۈش بىلەن ئۇنىڭ خىيالىغا تۇنىساقىز كىرىۋالدى . ئۇلار مەدەك ، تېزەك قالاپ قىشنى چىقارغان ئاشۇ چاغلاردا تۇنىساقىز

قانداق قىلغان بولغىيدى؟ ئۇنىڭ تاملىرى شورا بولۇپ كەتكەن، قوراي باسقان هويلىسىغا هاشىم بويتاقتەك ناكەس ئەرلەر كىرگەن. دەپسەندە قىلغان. ئۇنى ئەرز قىلالمايدۇ، قىلغان ـ ئەتكىنىمىزنىڭ سورىقى بولمايدۇ، دەپ كوچىلاردا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى سۆزلەپ يۈرگەندى.

ئەگەر تۇنىساقىز كالىلىسىدىن كەتمەي، توكۇر ياكى چولاق بولۇپ قالغان بولسا، هازىرقىدەك زامان ئوڭشالغاندا ئۇمۇ ئوڭشىلىپ قالار ئىدى......

ئۇ تولۇقسىزغا چىققان يىلى مەكتەپكە تاپشۇرىدىغان يەتتە يۈەن ئوقۇش پۇلى بۇ ئائىلىنىڭ چوڭ غېمىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدە پۇلغا يارىغۇدەك هېچ نەرسە يوق ئىدى.

ئەتىسى ئاپىسى ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭكىگە بېرىپ پۇل ئەكېلەلمىگەن، پەقەت بىر كاللەك ئۈيۈتۈلغان قوي مېيىنى كۆتۈرۈپ كەلگەندى. ئاپىسىچېچىنى قامال-لاپ ئولتۇرۇپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق هۆكرەپ يىغلىدى. ئاپىسىنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ئۇ شۇ كۈنى بارلىق ئارزۇلىرىدىن، غايىلىرىدىن ۋاز كەچتى.

— بولدى، ئوقۇمايمەن!— دەپ ئاسمانغا قاراپ ۋارقىرىدى ئۇ.

«قاسساپلىق ياخشى هۈنەر بالام، پايدا ئالمىساڭمۇ، بىر جىلىڭ گۆش يەيسەن» دېگەندى ئۇنىڭ ئۇستىسى ئۆمەر قاسساپ. ئۇ تۇنجى قېتىم قوي سويغاندا ئۆمەر قاسساپ ئۇنىڭغا قوينىڭ ئۈچىيىنى بەردى، ئۇ ئۈچەينى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاپىسىنى خۇش قىلىۋەتتى. ئاپىسى ئۈچەينى چاناپ ئەتكەن گۆشنانىنى يەپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى بىر ئۆينىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغاندەك، زورىيىپ، يوغىناپ كەتكەندەك هېس قىلدى. شۇندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيى گۆش ـ ياغسىز قالمىدى. قازاندا كۈن ئارىلاپ سۆڭەك قايناپ تۇردى. ئۇ بۇلارنى ئويلىسا ئۆزىگە هۈنىرىنى ئۆگىتىپ قويغان ئۆمەر قاسساپقا ئالەمچە رەهمەت ئېيتىدۇ.

ئۇ: «دادام بىلەن هامان بىر كۈنى كۆرۈشىمەن» دەپ ئويلايتـ

تى . ئۇ بۇ تۇيغۇسىغا 40 يىل ئىشىنىپ كەلدى . ئۇ ئەقلىنى تېپىش
بىلەن كاللىسىغا كىرىپ كەلگەن بۇ تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنچىلىك
چىڭ يىلتىز تارتقانىدى . ئۇ كىچىك ۋاقتىدىكى بىر ئىشنى ئۇنتۇيال-
مايدۇ . بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ، ئاپىسىنىڭ بىر ئەركە-
شى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ئەركىشىنى ئۇ
بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغانىدى . چىرايىدىن توپا ئۆرلەپ ، ئۈستىبېشى
تۆكۈلۈپ تۇرغان ئادەم ئۇنىڭ خىيالىدىكى چىرايىدىن نۇر يېغىپ
تۇرىدىغان دادىسىغا پەقەت ئوخشىمايتتى . ئۇ شۇ كۈنى دۇم يېتىۋېلىپ
يىغلاپ ، ھېچ نەرسە يېگىلى ئۇنىمىدى . ئەگەر دادىسى كېلىپ ئۆيدە
بۇ ئادەمنى كۆرسە ، ئۆيگە كىرمەي بوسۇغىدىنلا كېتىدۇ . ئۇ شۇلارنى
ئويلىغانسېرى ئېسەدەپ يىغلايتتى . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىنى كۆرگەن ئاپى-
سى ئۇھ تارتقىنىچە بولدى قىلدى . ھازىر ئويلىسا ئۇ ئۆزىنى ئاپىسىغا
ئادالەتسىزلىك قىلغاندەك ھېس قىلىدۇ ، بىراق ، ھازىرمۇ ئۇ ئاپىسى-
نىڭ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇشىنى خالىمايدۇ .

ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندا پەقەت ئىشەنگۈسى
كەلمىدى . ئۆيلەنگەنلىكى ، بالىلىق بولغىنىغىمۇ ئىشەنگۈسى كەلمى-
دى . ئۇنىڭچە بولغاندا دادىسى ئاپىسىدەك ئۆمرىنى كۈتۈش ، سېغى-
نىش بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك ئىدى . چەت ئەلدىن كەلگەن ئۇ ئادەم
ئېلىپ كەلگەن خەۋەر بىلەن ئۇنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بۇيانقى قىلغان
ئەقىدىسى ، ئارزۇ-ئارمانلىرى يوقالدى . ئۇ ئەقلىنى تاپقاندىن بېرى
شۇ ئەقىدە ، ئارزۇلىرى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ياشاپ كەلگەنىدى . ئۇ
دادىسى بىلەن كۆرۈشىدىغان ئاشۇ كۈننى تەسەۋۋۇر قىلاتتى . ئۆزىنى
ئاشۇ بىر كۈن ئۈچۈن ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئەمدى دادىسى
كەلمەيدۇ ، كەلمەيدىغان بولدى . ئۇنىڭ بۇ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىشى
بەك مۈشكۈلگە توختىدى . ئاپىسىنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندا قانداق
بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتى . ئاپىسىغا قانداق
ئېيتىشنى تېخىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ ئۆزىنى قىيناۋاتقان ئازابلىق خىيال-
لاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇخلاپ قالماقچى بولدى . كۆزىنى يۇمۇپ

تۇرۇپ : «ئاپام ھەرگىز ئۆلمىسۇن» دېدى . ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان ئاپىسى ئاڭلىمىدى . ئاپىسى ئىشىكتىن ھازىرلا بىرى كىرىپ كېلىدىغاندەك ، تۇرۇپ - تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ قوياتتى .



# هاراقكەشنىڭ خوتۇنى

«سۆيۈملۈك ئاپا ، بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن » دېگەن خەتلەر يېزىلغان ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان قىزىم سوۋغا قىلغان ئادىيلا بىر پوچتا ئاتكرىتكىسى ئۇزاقتىن بېرى سۆيۈنۈشكە چۆمۈپ باقمىغان قەلبىمنى ئىللىق بىر سىيپاپ ئۆتتى . ئۆزۈمنىڭ پەقەت ئۆي تازىلاپ ، تاماق ئېتىپلا ئۆتىدىغان ئايال ئەمەس ، بايرام ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك ئايال ئىكەنلىكىم بىردىنلا ئېسىمگە كەلدى .

چۈشتىن كېيىن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرگەچكە ، ئۆيگە قايتىپ كىرىپ ئەتىگەنلىك ناشتىدىن قالغان شىرەنى يىغىشتۇرۇپ ، قاچىلارنى يۇيۇشقا باشلىدىم . ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ هويلا-ئارانىنى تازىلاپ ، ئىككى قىزىمنى كىيىندۈرۈپ ، بىرىنى مەكتەپكە ، بىرىنى يەسلىگە ئاپىرىمەن ، ئاندىن ئۆزۈم ئىشقا بارىمەن . ئالدىراشچىلىقتا چېچىمنى ئۇيان - بۇيان تاراپلا ئۆيدىن چىقىمەن . تولا ھاللاردا ئەتىگەنلىك چاينىڭ شىرەسىنى يىغىشتۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيمەن .ئېرىم بولسا ئاخشىمى يېرىم كېچىگىچە نەلەردىدۇر ئىچىپ كىرگەن هاراق تۇپەيلى ئەتىگەن تۇرالمايدۇ . ئەتىگەندە باللار بىلەن قانچىلىك ۋاراڭ-چۇرۇڭ بولۇپ كەتسىمۇ ، ئۇ يوتقانغا بېشىنى پۈركەپ ئۇخلاۋېرىدۇ . دەم ئالغان چاغلىرىمدا ئۇنىڭ سائەت 10لار بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، كۆزىدىن توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ياشلارنى سۈرتكەن ھالدا بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ تەرەتخانىغا كىرىپ كەتكىنىنى كۆرىمەن ، ئاندىن ھاراق پۇرىقى سىڭىپ كەتكەن يوتقان - كۆرپىنى سەسكىنىپ تۇرۇپ يىغىشتۇرىمەن .

كەچتە ئىككى قىزىم بىلەن ئۆيىمىزدە بار تاتلىق - تۈرۈملارنى شىرەگە تىزىپ بايرام ئۆتكۈزدۇق . ئېرىم تېخىچە يوق . ئىككى قى-

زىمنى ئۇخلىتىپ قويۇپ ، يوتقانغا يۆلىنىپ ئۇزاق ئولتۇردۇم .
بىرچاغدا ئۇيقۇم كەلگەندەك بولۇپ كۆزۈمنى ئەمدىلا يۇمۇۋىدىم ،
دەرۋازا ئەنسىز ئۇرۇلدى . مەن بۇنداق ئىسسىق ئورۇندىن چىقىپ ،
تاتلىق ئۇيقۇمنى بۇزۇپ تالاي قېتىم ئىشىك ئاچقان ، يەنە ئۇنىڭ
مەستلىكتە تەتۈرلۈك قىلىشى بىلەن تالاي كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئازاب-
لىنىپ ، يىغلاپ ئۆتكۈزگەن . بۇلار مېنىڭ تۇرمۇشۇمنىڭ تەركىبىي
قىسمىغا ئايلىنىپ كەتتى .

توكنى يېقىپ سايما كەشمىنى كىيىپ بولغۇچە خۇددى مەدەنىيەت
ئىنقىلابى تەسۋىرلەنگەن كىنولاردىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار « سېسىق
زىيالىيلار »نىڭ دەرۋازىسىنى داراڭلىتىپ ئۇرغان كۆرۈنۈشلەردەك
دەرۋازىنى مۇشتلاپ كېتىۋاتقان ئېرىم بىر تەرەپتىن تىل سېلىشقا
باشلىدى . مەن كىتابتىن «بىر ئادەمنىڭ ئىشىك چېكىشىگە قاراپ
بۇ كىشىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگى-
لى بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئوقۇغانىدىم . دەرۋازىنى مۇشتلاپ تىللاپ
ئادەم ئويغاتقان ئادەمنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى قانچىلىك بولىدۇ .
بۇلارنى مەن ھەر قېتىم دەرۋازىنى ئاچقۇچە ئۆي بىلەن دەرۋازا ئوتتۇ-
رىسىدىكى 3 مېتىر ئارىلىقتا كېتىۋېتىپ ئويلايمەن .

— ئاناڭنى ، ئاشناڭ بىلەن ياتقانمىدىڭ ، نېمانچە چىقىپ بولال-
مايسەن ؟ — ئۇ دەلدەڭشىگىنىچە دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى .

— ھە ، بۈگۈن كىمنى مېھمان قىلغان ، — دېدى ئۇ ئۆيگە
بېشىنى تىقىپلا ئۈست - ئۈستىگە قويۇلغان تەخسىلەردىكى ئېشىپ
قالغان تاتلىق - تۈرۈملارغا قاراپ .

— بۈگۈن «ئاياللار بايرىمى» ئىكەن ، شۇڭا باللار بىلەن بايرام
ئۆتكۈزگەن .

— ھە ، بۈگۈن قانجۇقلار بايرىمى ، شۇڭا رېستورانغا ساپلا قان-
جۇقلار توشۇپ كېتىپتىكەن-دە ، سەن ئۆزۈڭچە بايرام قىلىپ كەت-
تىڭ ؟ !

ئۇنى قانداق ئادەم ئېغىزلاندۇرغان بولغىيتتى . ئۇ سىلىق- سىپا-
يە قىلىشقا تېگىشلىك گەپلەرنىمۇ قەستەن شۇنداق قىلىدۇ .

ئۇ ئايغىنى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ سالدى ـ دە ، كىيىملىرى بىلەنلا ئورۇنغا موك چۈشۈپ خورۇلداپ ئۇخلاپ كەتتى . ئۇنىڭ قوپال ئاۋازى- دىن ئويغىنىپ كەتكەن چوڭ قىزىم ئۇنىڭغا نارازىلىق بىلەن قاراپ قويۇپ ، كۆزىنى يەنە يۇمۇۋالدى .

ئۇ هاراقنى بۇگۈنكىدەك كۆتۈرەلمىگۈدەك ئىچكەن چاغلاردا كى- رىپ ئۇخلاپ قالمىسا ، سەل ئېسىنى بىلسە ، سەن پالانى چاغدا ئۇنداق دېگەنىغۇ ، پوكۇنى چاغدا مۇنداق قىلغانىغۇ دەپ بىر گېپىنى قايتا- قايتا تەكرارلاپ تاكى ئۆزى ئۇخلاپ قالغۇچە گەپ قىلسام نارازى بولۇپ ، گەپ قىلمىسام گەپ قىل ، سۆزلە دەپ كۆزۈمگە كىرىۋېلىپ ئۇخلات- مايدۇ . ئۇنىڭ هاراق ئىچكەندە جېدەل چىقىرىدىغان ئەڭ چوڭ باهانى- سى ئىككى بالىنىڭ قىز بولۇپ قالغىنى . «مېنىڭ دەردىم بار ، شۇڭا ئىچىمەن ، سەن بىلمەيسەن» دەپ سۆزلەپ كېتىدىغان بولسا ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى دەردمەن بىچارە تۇرقىغا قاراپ ئەهۋالنى بىلمىگەن ئادەم- نىڭ ئىچى سىيرىلىپ كېتىدۇ .

كىچىك قىزىمنى تۇغۇپ ياتقاندا ئۇ خۇددى ئۇتتۇرۇۋەتكەن قى- مارۋازدەك بىر ئېغىز ياخشى گېپى يوق ، كۇنبويى پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپلا ئولتۇردى . ئۇ ئاشۇ قاپىقى چۈشكەن سۈرۈن تەلەتى ، هەر قېتىم كالپۇكىنى سوزۇپ پۈۋلىگەندە ئەتراپقا تارقىلىۋاتقان كۆكۈچ تاماكا تۇتۇنى بىلەن ئۆي ئىچىگە بىر خىل ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز بۇرۇقتۇرما كەيپىياتنى تولدۇراتتى . مەن ئۇنىڭ ئاغزىدىن يۆگىشىپ چىقىپ ، ئۆيگە ئاستا ـ ئاستا تارقىلىپ تام ـ تۈرۈسقا سىڭىپ كېتى- ۋاتقىنى تاماكا تۇتۇنى ئەمەس ، ئۇنىڭ ئىچىگە پاتمايۋاتقان ئىككىنچى بالىسىنىڭمۇ قىز بولۇپ قالغانلىقىدەك «ئادالەتسىز» لىككە بولغان نارازىلىق ، ئىسيان ، غەزەپ ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ ياتكەنىدىم . يەنە ئاشۇ تاماكا تۇتۇنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ مەنمۇ ئۆز هاياتىمنىڭ ئۇنىڭ قولىدىكى ئاشۇ تاماكىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى ، ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ ئاچچىق قىسمىتىمنى ئاشۇ تاماكىنى شورىغاندەك شوراپ ئۆتتۇ- ۋاتقانلىقىمنى سېزىپ ئېچىمۇ ئازابلاندىم . مەن بۇ قېتىمقى تۇغۇتۇمدا ئوپېراتسىيە بولۇپ ، ئانامدىن ساق ـ سالامەت تۇغۇلغان ئادەم قورسى-

قىمنى يارغۇزۇپ، تاغارنى تىككەندەك تىكىپ قويسا ئاغرىقىغا چىداپ ئۇن چىقارمىدىم. مەن كىم ئۇچۇن شۇنداق قىلدىم، ئۇ بۇلارنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ.

— بۇنداق قىلىپ ئادەمنى قىيىنغۇچە قورسىقىڭدىكى گېپىڭنى دېسەڭ بولمامدۇ، — دېدىم بىر كۈنى غەزىپىم تېشىپ.

— ھۇ، قىلغاننى بىلمەيدىغان دۆت. ئاله ئۆيۈڭنى، ئۆزۈڭ ئوڭچە ئولتۇرۇۋال، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتى. كەچتە ئۆيگە مەست كىرىپ:

— ھەي، سېنىڭ قورسىقىڭ ساپلا قانجۇق بىلەن توشقانمۇ؟ باشقىلارنىڭ خوتۇنىدەك ئەركەك تۇغۇپ باقساڭ بولمامدۇ، — دەپ گۇركىرىدى. ئەتىگەندىن بېرى ئىچىمگە پاتمايۋاتقان غەزىپىم بىردىنلا تېشىپ:

— ئوغۇل، قىز بولۇش مېنىڭ ئىشىم ئەمەس. سەن مۇشۇنداق ھاراق ئىچىپ يۈرۈپ بالا تاپالىغىنىڭغا خۇش بولساڭ بولىدۇ، — دېيىشىم بىلەن ئۇ مېنى يېڭى تۇغۇلغان دېمەي ئۇرۇپ كەتتى.

بىز مۇھەببەتلىشىپ يۈرگەن چاغلاردىمۇ ئۇ ھاراقنى كۆپ ئىچەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ئادىتىنىڭ ئائىلىگە بۇنچىۋالا بالايىئاپەت بولىدىغانلىقىنى بىلمىگەنىكەنمەن. بىر قېتىم بىرنەچچە قىز - ئوغۇل ئولتۇرغان سورۇندا ئۇ ھاراقنى كۆپ ئىچىۋەتتى. مەن نارازى بولۇپ قاپىقىمنى سۈزۈپ قويۇۋىدىم، ئۇ قولىغا رومكىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭا قاراپ تۇرۇپ:

ئىچتى دەپ ئەيىب ئەتمە مېنى گۈلۈم،
تەكتىگە يەتمەي تۇرۇپ بۇ ئەيىبنىڭ.
قانداق ھېس، قانداق قىسسە باش كۆتۈرگەن،
بىلسەڭ سەن تەكتىدە بۇ كەيپنىڭ.

مەيخۇمار بولۇپ قالدىم، يوشۇرمايمەن،
بار مېنىڭ مەيىنى ساڭا قوشۇپ ئىچكۈم.

بار مېنىڭ زۆرۈر بولسا مەيىنى سەنچۈن ،
ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدىن توشۇپ ئىچكۈم .

دەپ شېئىر ئوقۇغاندى ، سورۇندىكى ھەممە چاۋاك چېلىپ ئالقىشلاپ كەتتى . قىزلار ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراشتى . زەررىچە نارازىلىقىم ئالەمچە خۇشاللىققا ئالماشتى . مەن كېيىن ئۇنىڭ ماڭا يادلاپ بېرىدىغان ئۆمەر ھەييامنىڭ ھاراق ھەققىدىكى رۇبائىيلىرىنى خاتىرەمگە يېزىۋالغان ، ئۇنى ھەممىدىن خەۋىرى بار بىلىملىك ، مەدەنىيەتلىك ياش ئىكەن دەپ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم تېخىمۇ كۈچەيگەندى .

ئۇ مەيلى ساق ۋاقتىدا ياكى مەست ۋاقتىدا بولسۇن ، ئۇنىڭ ھاراق ئىچىشىنى ئەيىبلەيدىغان ھەرقانداق گەپنى ئاڭلاشنى خالىمايمەن . بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا بىزنىڭ ئۇرۇش - جېدىلىمىزنى تولا ئاجرىتىپ كەتكەن بىر قوشنىمىز ئۇ ھاراق ئىچمىگەن بىر كۈنى ئۇنىڭغا نەسى— ھاراقكەشلىك يامان ئىللەت بالام ، ھاراقكەشنى ھۆكۈمەت تۇتۇپ سولاپ قويمىغان بىلەن ھاراق تۈپەيلى نۇرغۇن جىنايەتلەر يۈز بېرىدۇ دېيىشىگە :

— ۋاي ، ماڭا تولا تەلىم بەرمەڭە ، ئىچسەم ئۆزۈمنىڭ ئاشقازىنىغا ئىچتىم . سىز بىلەن مېنى بىر گۆردە قويامتى ، — دېدى . شۇندىن بېرى ھېچكىم ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلمىدى . ئۆتكەن ئايدا ئۇ ھاراق ئىچىپ كىرىپ :

— مېنىڭ ئىزىم يوق ، يىلتىزىم يوق ، بۇ قانجۇقلار ئەرگە تېگىپ كېتىدۇ . ئۆلسەم چىرىغىمنى يورۇتىدىغان ئادەم يوق ، — دەپ جېدەل قىلغىلى تۇردى .

— سەن تېخى سەن ئۈچۈن چىراغ ياقىدىغان ئادەمگە باش قاتۇرۇۋاتامسەن ، — دېيىشىمگە ئۇ باغلاقتىن بوشانغان ئىتتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئۇرۇپ كەتتى . ئەتىسى ئاجرىشىش دەۋاسى قىلىپ سوتقا باردىم . ئۇ سوتتا ئىككىنچى ھاراق ئىچمەيمەن ، ئۆيۈمنى تۇتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى . سوتتىكىلەر بۇندىن كېيىنكى ئىپادىسىگە قارايلى دەپ

بىزنى كېلىشتۇرۇپ چىقىرىۋەتتى. مۇشۇ بىر ئايدەك ۋاقىتتا ئۇ تۈزەلگەندەك قىلىپ هاراق ئىچمىدى. بۈگۈن ئۇ هويلا-ئارانى يىغىشتۇرۇپتۇ، ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرۈپتۇ. بۇنى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا ئولتۇرىدىغان ئايال ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆرگەندىكەن، مېنى كۆرۈپلا :

— ئاجرىشىمەن دېگەنلىرى نېمىسى خېنىم، بىر ئوبدان ئەرلىرى باركەن. «باشتا كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دەپ، مەندەك بولۇپ قالىلا. مېنىڭ ئېرىم مېنى ئېلىپلا كىگىز-كېچەكنى تاشلاپ قويغاندەك تاشلاپ قويۇپ يوقاپ كەتكەنچە ئىككى يىلنى قىلىپ بالامنىڭ ئايىغى چىققاندا كېلىپ، بالىنى بىر قولىغا ئېلىپ قويۇپ يەنە يوقاپ كەتتى. بالا بىلەن تۇرمۇشتا قىينىلىپ كېتىپ، بېشىمنى سىلىغان بىرىگە قاپاق ئېچىپ قويۇپتىمەن. ئېرىمگە بىرى خەۋەر قىلغان چېغى، كېلىپ مېنى سوراققا تارتتى.

— كىگىز-كېچەكنى قارىماي تاشلاپ قويسىمۇ ئوغرى ئالىدۇ، مەن دېگەن بىر ئادەم. قورسىقىم ئاچىدىغان، ئۇچام يىرتىلىدىغان، — دېۋىدىم، ئۇ مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ قولىغا چەيدو ئېلىپ مېنى قوغلىدى. قوشنا-قولۇملار ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئۇ قوشنا-قولۇملارنىڭ ئالدىدا «تەنتەنىلىك هالدا ئوغۇل بالىچىلىق» بىلەن مېنى قويۇۋېتىپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈردى. تېخى بالىنىمۇ مېنىڭ ئەمەس دەپ تۇرۇۋالدى. شۇندىن كېيىن ئالتە ئەرگە تەگدىم، زادى تەلىيىم كەلمىدى. بۇ ئەر كىشى دېگەنچۇ ئۆزى پۈتۈن دۇنيادىكى ئاياللار بىلەن بىللە بولۇپ بېقىشنى ئويلايدۇ. يەنە خوتۇنىدىن سادىقلىق تەلەپ قىلىدۇ. مەن شۇ كۈنلەرگە قالسام مەن ئۈچۈن ھەق گەپ قىلىدىغان بىر مۇسۇلمان چىقمىدى. ئاجرىشىپ باشقا ئەرگە تەگسىلىرى ئىككى بالىلىرىلا قىز ئىكەن، يات ئەر كىشىنىڭ يېنىدا مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈندە قىز بالىنى قويغىلى بولامدۇ. بىر ئوبدان ئۆينىڭ ئىشىنى قىلىپ قوللىرىنى سوۋۇتىدىكەن. ئەرنىڭ ئوبدىنى يوق، ئۆز ئەرلىرىنى ياساپ-جابدۇپ ئۆي تۇتسىلا، — دېدى.

ئۇ ئايالنىڭ گېپى بىلەن كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ، بۇندىن

كېيىن ئاجرىشىش دەۋاسى قىلمايمەن دەپ ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم . ئەگەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن قىزلىرىم پېشكەللىككە ئۇچرىسا مېنىڭ ياشىغىنىمنىڭ نېمە ئەھمىيىتى .

ئۆيگە قايتىپ كىرىپ تاماق ئېتىۋېتىپمۇ ئۇ ئايالنىڭ سۆزلىرى ئېسىمگە كېلىۋالدى . بۇ ئەسىردە ئەرلىرىمىزگە نېمە بولدى ؟ بىرلىرى هاراقكەش ، بىرلىرى پاھىشىۋاز ، يەنە بىرلىرى قىمارۋاز…… «ئەرلەر پەسكەش جەمئىيەتتە ئاياللار بىچارە بولىدۇ . ئاياللار پەسكەش جەمئىيەتتە ئەرلەر ئۆلۈمتۈك بولىدۇ .» مەن بۇنى ئەرلەرنىڭ لاتىللىقى ئاياللارنىڭ پەسكەشلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ ئۆزگەرتسە بولىدۇ دەپ قارايمەن . ئىقتىسادىي مەنبەسى يوق ئاياللارنى ئېلىپ تاشلاپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ بۇزۇقچىلىقىنى نوچىلىق دەپ كوچىلاردا كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپ ، ئۆز ئايالىنى نابۇت قىلىدىغان ئەرلىرىمىز كۆپەيگەنسېرى ئاياللار دەسلەپ هازازۇل ، بىشەم ، كېيىنچە پەسكەش بولۇپ كەتتى . مېنىڭمۇ مۇشۇ خىزمىتىم بولمىغان بولسا ، ئېرىم بولغان ئادەمنىڭ بولارى ئۇ تۇرسا ، مەنمۇ ئاشۇ قوشنامدەك…… ئاخىرىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىدىم . دەل شۇ چاغدا چالا مەست ئېرىم كۆزلىرى ئېلىشقان هالدا كىرىپ كەلدى-دە :

— بۇ ئۆيدە ئۈچ قانجۇق تۇرۇپ مەن هويلا سۈپۈردۈم . مەن نېمىدېگەن بىچارە ، سەن قانجۇقنىڭ هىيلە - مىكرىڭ تولا ، ئاجراشمايدىغان نېمەڭگە مېنى خەلقئالەم ئالدىدا ئۇسال قىلدىڭ . مېنى سىزغان سىزىقىڭدىن چىقارمايمەن دەپ قىلغىنىڭما بۇ ؟ سېنىڭ چوڭچىلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ . مەنمۇ بىر لاتا ، ساڭا هويلا سۈپۈرۈپ خۇشامەت قىلىپ كېتىپتىمەن . مېنى ئەر قىلماي قالارمۇ دەپ قورققان يېرىمما ، ۋاي لاتا ، ۋاي لاتا ، خوتۇنىدىن قورقىدىغان لاتا دەپ ئۆزىنى كاچاتلاشقا باشلىدى . ئۇنىڭ جېدەل چىقىرىشى ئۈچۈن بۈگۈن يەنە بىر باهانە تېپىلغانىدى . مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرغاندا ئۇنى تۇيۇقسىز هۆ تۇتۇپ ئۆيگىلا قۇسۇۋەتتى . قۇسۇقنىڭ بەتبۇي پۇرىقىدىن كۆڭلۈم ئېلىشىپ ، بۇرنۇمنى ئەتكەنچە قۇسۇقنى تازىلاشقا باشلىدىم .

— تېخى مەندىن يىرگىنىۋاتامسەن، پايتىمامنى تەتۈر ئۇرىسامۇ مەن دېگەن ئەر كىشى، سېنىڭ ئېرىڭ، شۇ قىلغىنىڭغا قۇسۇقنى يىگۈزۈۋەتمەيدىغان بولسام، — ئۇ شۇنداق دەپ بېشىمدىن تۇتۇپ قۇسۇققا يۈزۈمنى پاتۇرۇۋەتتى. قورقۇپ تۇگۇلۇپ بۇلۇڭغا كىرىپ كەتكەن قىزلىرىم كېلىپ كىچىك مۇشتلىرى بىلەن ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ھۇ، كىچىك قانجۇقلار، تېخى مېنى ئۇرغۇدەك بولۇشتۇڭما؟! — ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىر ھۆرپىيىۋىدى، قىزلىرىم قورققىنىدىن چىرقىرىشىپ كەتتى. مەن شۇ پۇرسەتتە ئۆزۈمنى تالاغا ئاتتىم.

ئەگەر مېنى كوچىدىكى بىرەر لۈكچەك بوزەك قىلغان بولسا نۇرغۇن ئادەملەر كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ئادالەتنى ياقلىغان، مېنى قوغدىغان بولاتتى. ھازىر ئۇنىڭ قىلىقلىرى ھەرقانداق بىر لۈكچەكنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىۋاتسىمۇ ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. ئادالەت ئۇقۇمى ئائىلىگە كەلگەندە سۇسلىشىپ كەتسە كېرەك، مانا ئۆزۈممۇ ئۆزۈمنى قوغدىيالمايۋاتىمەن.

ئاشۇنداق قىرتاق خىياللار بىلەن سىرتتا ئۇزاق تۇرغان بولسام كېرەك، كېچىنىڭ سوغۇقىدا مۇزلاپ كەتتىم. ئىسسىقراق بىر جاينى تېپىشىم كېرەك.

ئاپامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئاپامغا قىزىنىڭ بىتەلەيلىكىنى بىلدۈرۈپ ئازابلىغۇم يوق. قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ پاناھلانغۇممۇ يوق. چۈنكى، مەن باشقىلارغا ئائىلەم توغرۇلۇق دەرد تۆكۈپ، شىكايەت قىلىپ بېرىشنى خالىمايمەن. دادىسىنىڭ ھاراقكەشلىكىنى سىرتقا يېيىپ، قىزلىرىمنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغۇم، ئۆزۈمنى باشقىلار ئىچ ئاغرىتىدىغان ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغۇم يوق.

دەسلەپ توي قىلغان چاغلاردا ئۆيدە تارتقان خاپىلىقلىرىمنى دەپ خىزمەتداشلىرىمغا ھال ئېيتىپ بەرگەنىدىم. بىر كۈنى مېنى كۆرسە پاراڭچى بولۇپ كېتىدىغان بىر خىزمەتدىشىم ئۆزىچىلا:

— سىرتقا چىقىپ تاماق يەپ كىرمەيلىمۇ ، — دېدى .
— خوش ، بولدى ، ئىشىم بار ، — دەپ رەت قىلدىم .
— ۋاي يۇرۇڭە ، ئىش دېگەن تۈگەپ كېتىدۇ ، — دېدى ئۇ ماڭا غەلىتە بىر نەزەردە قاراپ . ئۇنىڭ ئۇ قاراشلىرىدىن مەن بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن نۇرغۇن مەنىلەرنى ھېس قىلدىم . ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ چاندۇرماي :
— سىز بىلەن تاماق يەپ يۈرسەم ئەتىلا پالانى بىلەن پوكۇنى بىللە تاماق يەپ ئولتۇرىدۇ دەپ پۈتۈن جاھانغا پۇر كېتىپ باشقىلار خاتا چۈشىنىپ قالار ، ئۇ ئاھانەتنى نەدە كۆتۈرۈپ يۈرەي ئەمدى ، — دېدىم .
— ۋاي ، تاماق يېگەن ئادەم خەققە كۆرسىتىپ يەمدۇ .رېستوران دېگەندە ئايرىم خانىلار بار ، خەق ئۇقۇپ كەتسە ئاجرىشارسىز شۇ ئۇ هاراقكەشتىن ، ئۇنىڭسىزمۇ پىكىرىڭلار بىر يەردىن چىقمايدىكەنغۇ ؟ !— دېدى .
— ھە ، شۇنىڭغا ئېرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمىگەن بۇ بىچارىنىڭ بېشىنى سىيلاپ قويااي دەپ ئالىيجانابلىق قىلغان ئىكەنسىز -دە .
خىزمەتدىشىم بىلەن بولغان بۇ دىيالوگلار ئىچىمگە ئاچچىق بىر نەرسىنى تۆكۈۋەتكەندەك نەچچە كۈن ئىچىمنى ئېچىشتۇردى . بۇ خورلۇق ئېرىم كەلتۈرگەن خورلۇقتىنمۇ ئېشىپ كەتتى . مەنغۇ ئايال خىزمەتداشلىرىمغا ھال ئېيتقان ، ئۇ قانداق بولۇپ بىلگەندۇ . 32 چىشتىن قۇتۇلغان سۆز 32 قۇلاققا تارايدۇ . ئۆزۈم ساقلىيالمىغان سىرىمنى باشقىلار قانداق ساقلايتتى . مۇشۇ ساۋاقتىن كېيىن مەن ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەس بولدۇم .
پۈتۈن بىر كېچە بولغان ، بولۇۋاتقان ئىشلارنى ئويلاپ ئاخىر بىر قارارغا كەلدىم . ئەتىگەن تۇرۇپ قىزلىرىمنى كىيىندۇردۇم . ئىككى قىزىمنى ئىككى قولۇمدا يېتىلەپ دوزاختىن جەننەتكە قاراپ ماڭغاندەك ئۈمىد بىلەن سوتقا قاراپ ماڭدىم . دەرۋازىدىن چىقىشىمغا ئاخشام ئېرىم يانچۇقىغا سېلىپ كەلگەن ، ئىشىك ئالدىغا چۈشۈپ قالغان ئازراق ھاراق ئېشىپ قالغان بوتۇلكا ئۇچرىدى . يىللاردىن بېرىقى

بارلىق ئاچچىقىمنى بۇ بوتۇلكىدىن چىقارماقچى بولغانىدەك بۇ بوتۇلكى-
نى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ، خۇددى ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىمدا
چويۇن توپ ئاتقاندەك يانتۇ بولۇپ كۈچەپ تۇرۇپ يىراققا ئېتىۋىدىم ،
بوتۇلكا پىرقىراپ بېرىپ يولغا چۈشۈپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى .



# لەڭمىنى ئوخشايدىغان ئادىلە

ئىشتىن چۈشۈشكە يېرىم سائەت قالغاندا تامدىكى سائەتكە تولا قاراپ ئولتۇرالماي قالىمەن . سائەت ئىسترېلكىسى خۇددى پۈتىغا تۈگمەن تېشى باغلىۋالغاندەك ناھايىتى ئاستا ئايلىناتتى . بىچارە بالام ، ئەمگۈسى كېلىپ كېتىۋاتامدىغاندۇ ؟ بالامنى ئويلاش بىلەن سۈت يىغىد- لىپ چىڭقىلىپ كېتىۋاتقان كۆكسۈمدىن سۈت تامچىلاپ كىيىملىرىم- نىڭ ئالدىنى ھۆل قىلىۋەتتى . سائەتكە قارىغىنىمدا ئىشتىن چۈشۈش- كە يەنە بەش مىنۇت قالغانىكەن . ئوھۇش ، بەش مىنۇت بۇرۇن كەتكەنگە نېمە بولاتتى ؟ قول سومكامنى ئالدىم - دە ، تالاغا ئۆزۈمنى ئاتتىم .

بالامنى بېقىپ بېرىۋاتقان قوشنا ئايال تىللاقىز ھەدەمنىڭ دەرۋا- زىسىغا قەدەم بېسىشىم بىلەن تىللاقىز ھەدەمنىڭ قولىدا تۇرغان بالام مەن تەرەپكە قاراپ تەلپۈنۈپ قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى .

— بولدى ساقام ، يىغلىما-ھە ! مەن كەلدىم ، — بالىنى قولۇمغا ئېلىپ مېڭىشقا تەمشىلىشىمگە تىللاقىز ھەدەم :

— بالىنى مۇشۇ يەردىلا ئېمىتمەمسىز ، بەك يىغلاپ كەتتى ، — دەپ قالدى . راست ، دېمىسىمۇ بالامنى ھەر كۈنى مۇشۇنداق قىرقىرى- تىپ يىغلاتقانچە ئېلىپ ماڭىمەن . بىر قولۇمدا بالىنى كۆتۈرۈپ ، بىر قولۇمدا دەرۋازىغا سېلىنغان قۇلۇپقا ئاچقۇچ سالغۇچە جىددىيلى- شىپ تەرلەپ كېتىمەن . ئەمگۈسى كېلىپ كەتكەن بالىنىڭ تېپىرلاپ يىغلاشلىرى بىلەن بالىنى قولۇمغا ئالغاندىن تارتىپ ئۆيگە كىرگۈچە بولغان ئىككى-ئۈچ مىنۇت ماڭا ئىككى-ئۈچ يىلدەك تۇيۇلۇپ كېتىد- دۇ . تىللاقىز ھەدەمنىڭ بۇ تەكلىپى ماڭا ياغدەك ياقتى . كوپتامنى قايرىپ بالامنى ئېمىتىشكە باشلىدىم .

— ھەقاچان قورسىقىڭىز ئېچىپ كەتتى . تاماقمۇ پىشقان ، يەپ

چىقىپ كېتىڭ، بىر جېنىڭىزغا تاماق ئېتىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ،— دەپ تىللاقىز ھەدەم ئالدىمغا بىر تەخسە تاماقنى قويدى.
ئادەم ئۇچۇن ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە ئالدىغا بىر قاچا ئىسسىق تاماق قويىدىغان بىرسىنىڭ بولۇشىمۇ بىر بەخت ئىكەن. بۇ ئالەمگە ئەر بولۇپ تۇرىلىش نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ئەرلەر قاچانلا بولسا ئۆيگە «تاماق پىشتىمۇ» دەپ كىرەلەيدۇ. ئالدىمدىكى بىر قاچا تاماقنى شۇنداق خىياللار بىلەن يېدىم.
مەن بۇ ناھىيەگە توي قىلغاندىن كېيىن يۆتكىلىپ كەلگەن بولغاچقا، بۇ يەردە ھېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم يوق ئىدى. ھېلىمۇ تەلىيىمگە مۇشۇ تىللاقىز ھەدەم بالامنى بېقىپ بېرىشكە ئۇنىدى، بولمىسا بالا باققۇچى تاپماق تەس بولۇپ كېتىۋاتقان مۇشۇنداق كۈنلەر- دە بالىنى ئەمچەكتىن ئايرىپ يۇرتۇمغا ئاپىرىپ ئاپامغا باقتۇرماقتىن باشقا ئامالىم يوق ئىدى.

*　　　*　　　*

كېچىچە نەچچە رەت ئورنۇمدىن تۇرۇپ بالىنى ئېمىتكەچكە ئۇيقۇ- غا قانمىغانىدىم. قارىسام تاڭ سۈزۈلۈپتۇ. ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولۇپ ئۆرە بولۇشۇمغا بۈگۈن شەنبە ئىكەنلىكى ئېسىمگە كەلدى. خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، بۈگۈننىڭ ئارام ئېلىش كۈنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىكى بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئىچىدە قايتا يوتقانغا ئوراندىم. مائاشلىق بىر خىزمەتچى بولۇش ئۈچۈن ئون نەچچە يىل جاپا تارتىپ ئوقۇغىنىمغا قارىماي ھازىر بىرەر كۈن بولسىمۇ ئىشقا بارماي ئارام ئېلىۋېلىشقا، بالامغا ئۆزۈم قاراشقا ئام- راق ئىدىم. شەنبە، يەكشەنبىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتىم.
بىر كۈن بولسىمۇ ئۇيقۇغا قېنىۋالغىنىمغا خۇش بولۇپ، بىر تاتلىق ئۇخلاپ ياتقان بالامغا مېھرىم بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، تاماققا تۇتۇش قىلىشقا باشلىدىم. ئېرىم مۇشۇ ناھىيە- گە قاراشلىق بىر يېزىدا خىزمەت قىلاتتى. شۇڭا، ھەپتە ئاخىرىدىلا

ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى . ئادەتتە ئۆينىڭ بارلىق ئىغىرچىلىقى مېنىڭ زىممەمدە ئىدى . ھارسامىمۇ ، ئاچسامىمۇ قاقشاپ ، دادلاپ بەرگۈدەك ئادىمىم يوق ئىدى . ئېرىم كەلگەندە تارتىۋاتقان جاپالىرىم توغرۇلۇق ئېغىز ئاچىدىغان بولسام ، ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ كۆڭ-لۈمنى ياساشنىڭ ئورنىغا :

— بۇ جاھاندا بىر سەنلا بالا بېقىۋاتىسەن ، باشقىلار ئويناۋاتىدۇ ، شۇنداقمۇ ؟ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمە ،مېنىڭ ئاپاممىچۇ قارا ،توققۇز بالىنى «ئۇھ» دەپ ئۇندىنى چىقارماي بېقىپ قاتارغا قوشۇپتى-كەن ، — دەيتتى .

مەن ئۇنىڭ مەن بىلەن تەڭ ئىشتىن كېلىپ ، مەن تاماق ئەتكەندە بالىغا قاراپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم . بىراق ، ئۇ يولنىڭ يىراقلى-قىنى باھانە قىلىپ ھەپتىدە بىرلا قېتىم قايتىپ كېلەتتى . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلەيدىغان يەنە بىر ئايال خىزمەتدىشى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ، ئەتىسى يەنە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ بېرىپ ئىشقا ئۈلگۈرەتتى . ئۇ ئۆيدە بولغان كۈنلىرى بالا يىغلىسا : «نېمانداق يىغلاۋېرىدۇ ، ئۈننى ئۆچۈرگىنە بىر» دەيتتى . ھەر قېتىم ئاشۇ گەپ ئېسىمگە كەلسە ، تارتىۋاتقان جاپالىرىمنى ، بېرىۋاتقان قۇربانلىرىمنى چۈشەنمەسلىك ، ھۆرمەت قىلماسلىق ، يەنە ئۆكتەم-لىك ، بىشەملىك ، شەخسىيەتچىلىكتەك ئۇقۇملار ماڭا تەڭلا ھۇجۇم قىلىپ مەنئۇۋىيىتىمنى تىتما - تىتما قىلىۋېتەتتى . ئۆيدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆينىڭ كۈندىلىك چىقىملىرىغا يەنە ئۆز يېنىمنى كولايتتىم . ھەر قېتىم ئۆزۈمگە ئۇۋال بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدا : «بول-دىلا ، ئويلىمايچۇ ، پۇل دېگەننى خەجلىگىلى تاپىدىغان نەرسىغۇ ؟ ئەرنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇرمايدىغان ئايال بولىمەن دەپ ئوقۇغان ئەمەسمىدىم» دەپ ئۆزۈمگە تەسەللى بېرەتتىم . ئېرىم خۇددى بۇ ئائىلە تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئادەمدەك ، ئۆيگە كەلگىنىدە تاماقنىڭ باش بۇرنىنى يەپ ، ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ تېلېۋىزور كۆرۈپ كۈن ئۆتكۈزەتتى .

مەن ئاچچىق تولغاق ئازابىنى تارتىپ ، مىڭ ئۆلۈپ ، مىڭ تىرى-

لىپ بالىنى تۇغۇپ بەش سائەت بولغاندا ئۇ ئۆزىنىڭ دادا بولغىنىغا ئىشەنچ قىلالمىغاندەك بىر تەرزدە ھىجىيىپ كىرىپ كەلگەنىدى . ئاشۇ ئىغىر ئاياغ كۈنلىرىمدە كېچىسى يالغۇز تۇرۇپ قورقۇپ تىللاقىز ھەدەمنىڭ قىزىنى ئەكىرىپ ياتاتتىم . مېنى تولغاق ئازابى قىيناۋاتقاندىمۇ ئاشۇ تىللاقىز ھەدەملەر دوختۇرغا ئېلىپ بارغانىدى . بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنى تىللاقىز ھەدەمگە قەرزداردەك ھېس قىلاتتىم . خىيال بىلەن تاماقنىمۇ پىشۇرۇپ بولدۇم . بىر قاچىغا تاماق ئېلىپ تىللاقىز ھەدەمگە سۇنۇپ بەرگىلى ماڭدىم .

— ئادىلەنىڭ لەۋلىرى بەك ئوخشايدۇ جۇمۇ ، — دېدى تىللاقىز ھەدەمنىڭ ئېرى رەھمانكام تاماقنى كۆتۈرۈپ كىرىشىم بىلەن . بۇ گەپنى ئاڭلىغان تىللاقىز ھەدەمنىڭ چىرايى بىلىنەرلىك ئۆزگەردى .

— سىزنىڭ لەۋلىرىڭىز نېمىشقا ئوخشايدۇ ، بىزنىڭ خوتۇننىڭ نېمىشقا ئوخشىمايدۇ ، — دېدى رەھمانكام ئايالىنىڭ چىرايىغا دىققەت قىلماي .

— تۆشۈك دېگەننىڭ قېلىپى يوق رەھمانكا ، مېنىڭمۇ تامىقىم ئارىلاپ ئوخشاپ قالمىسا ، ئادەتتە خام قالمىسىلا بولدى دەيمەن ، — دېدىم تىللاقىز ھەدەمنىمۇ ، ئۆزۈمنىمۇ ئوسال ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن .

* * *

— ھەي ، سېنىڭ ماۋۇ رەھمان قاتتىق بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىڭ بار زادى ! — ئۆيگە غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كىرگەن ئېرىم ماڭا دېۋەيلەپ تۇرۇپ شۇ گەپنى قىلغاندا ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي ، كۆزلىرىمنى پارقىراتقانچە :

— كىم دېدىڭىز ، قايسى رەھمان قاتتىقنى دەيسىز ، قايسىنى ؟— دەپ گاچىلىشىپ كەتتىم .

— قايسى رەھمان بولاتتى ؟ سەن بىر قاچا تاماقتىن ئايرىمايدىغان رەھمان قاتتىق بولمامدۇ ، — ئۇ قولىنى جونۇپ تىللاقىز ھەدەمنىڭ

ئۆيى تەرەپنى كۆرسەتتى ، — مەن بۇرۇنلا بىلگەن ، سەن بەك ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتكەن بۇ خەق بىلەن . مانا خۇلاسىسى چىقتى ، ئەمدى مەن ئەل - يۇرتقا قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن . ئال ئۆيۈڭنى ، ماۋۇ ئارا تامنى ئۆرۈپ ھويلىنى بىرلەشتۈرۈپ ئاۋۇ تىللاقىز ئىككىڭ رەھمان قاتتىققا تەڭ خوتۇن بولۇپ ئولتۇرۇش ، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ۋارقىراشلىرىدىن قورقۇپ كۆزى چەكچىيىپ كەتكەن بالىنى قولۇمدىن يۇلۇپ تارتىپ ئېلىپ ماڭدى .

— بالىنى نەگە ئاپىرىسىز ، ئەكېلىڭ ، — ئۇنىڭ قولىغا ئېسىلدىم . ئۇ مېنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ چىقىپ كەتتى . يىقىلغان ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققۇچە ئۇ كېتىپ بوپتۇ . بالامنى ئەكېلەۋېلىش ئۈچۈن قېيىنئانامنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدىم .

— ۋىيەي ! ماۋۇ پاسكىنا ئىزا تارتماي يەنە كەپتىغۇ ! چىقە ھويلىنى بىزەپ قىلماي !— قېيىنئانام مېنى كۆرۈپلا تىل سالدى .

— مەن زادى نېمە قىپتىمەن ، گەپ بولسا ئېنىق دېمەمسىلەر ! — ئىچ - ئىچىمدىن قاپساپ كەلگەن يىغا بىلەن گېپىمنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي يىغلاپ كەتتىم .

— نېمە قىلغىنىڭنى بىز دەپ بېرەمدۇق تېخى ، رەھمان قاتتىق بىلەن تۇتۇلۇپ قاپسەنغۇ ؟

— توۋا ماۋۇ گەپنى ، كىم شۇنداق دەيدۇ ؟

— ئەنۋەر بايا دەپ كەلدىغۇ ؟

كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئاھانەت ، قۇرۇق تۆھمەتتىن مېڭىلىرىم زىڭىلداپ كەتتى . ئىختىيارسىز بىر ھەرىكەتلەر بىلەن چېچىمنى قامallap :

— ئاھ خۇدا ! — دەپ ۋارقىرىدىم - يۇ ، بىردىنلا ئېسىمگە كېلىپ :

— ئەنۋەر قېنى ، ئەنۋەر قېنى دەيمەن ! مەن بۇ ئىشنى ئېنىقلايمەن ، ئەنۋەر بۇگۈن مېنى ئاقلىمايدىغان بولسا ئۆلۈپ بېرىمەن ، — دېدىم جەھلىم بىلەن .

— ئوھۇش ، ئەنۋەر نېمە سېنى ئاقلاپ يۈرەتتى ! ئاۋۇ دېرىزەڭ-

دىن ماراپ سېنى تۇتۇۋالغان قوشنىلىرىڭ ئاقلىسۇن. ئالتۇندەك بالاڭ، بىر ئوبدان مائاشلىق ئېرىڭ تۇرۇپ شۇ ئىشنى قىپسەن. ئەقلى يوق كۆڭلى پەس بۇزۇق. ماڭ، چىق دەيمەن، ئۆزۈڭنى ئاقلامسەن - ئاقلىمامسەن مېنىڭ نېمە چاتىقىم!

— بالامنى بەر، بالامنى بەرسەڭ كېتىمەن، — دېدىم ۋارقىراپ تۇرۇپ.

— كوچىدا ئاشنا ئويناپ يۈرگەن سەندەك نېمىگە نېمە بالا، — قېيىنئانام ئىشىكنى جالاقلىتىپ يېپىپ ئىچىدىن ئىلىۋالدى.

— بالامنى بەر، بالامنى بەر دەيمەن، — ئىشىكنى جالاقلىتىپ ئۇرۇپ يىغلاپ ۋارقىراشقا باشلىدىم.

ئۆي ئىچىدىن بالامنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسى ئاڭلاندى. بۇ ئەن- سىز يىغلاپ ۋارقىراشلارنى ئاڭلىغان قېيىنئانامنىڭ قوشنىلىرى بىر- دىن - ئىككىدىن ھويلىغا يىغىلدى.

— تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغان بالىنى تارتىۋالغانلىرى توغرا بولماپتۇ شاراپەتخان، كېلىن بالىنىغۇ دېمەي تۇرايلى، كېچىچە ئۆز- لىرىمۇ قىينىلىلا، بالىنىمۇ قىيناپ قويىلا، ئانىسى يوق بالىنى باقماق ئوڭاي ئەمەس. بۇ قىزنى تۇتۇلۇپ قالدى دەيلا، كىم كۆرۈپ- تۇ، ئېنىقلاپ غېزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىپ ئاندىن بىرنې- مە دېمەملا. ئەنۋەرجانغۇ ياش، قېنى قىزىقلىق قىلسۇن، سىلىچۇ؟ باشلىرىدىن جاھاننىڭ بار ئىسسىق - سوغۇقى ئۆتكەن تۇرۇپ، مۇشۇ سويىمدەك بالىلارنىڭ جېدىلىنى ئاجرىتىشتا يوق، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچسىلىرى قانداق بولىدۇ، — دېدى قېيىنئانامنىڭ مەھەللىسىدىكە- لەر. باشقىلارنىڭ ئاشۇنداق سالا - سۇلھىسى بىلەن بالامنى قولۇمغا ئالدىم. ئەسلىي ئىش مۇنداق بولغانىكەن: ئاشۇ كۈنى مەن تىللاقىز ھەدەمگە تاماق ئەكىرىپ بېرىپ چىققاندىن كېيىن، تىللاقىز ھەدەم رەھمانكام بىلەن سوقۇشۇپتۇ. ئۇلار جېدەللىشىۋاتقاندا مەھەللىدىكى بىر ئايال كىرىپ قېلىپ، نېمە ئىشلىقىنى سورىغانىكەن، تىللاقىز ھەدەم: «بۇ ئادىلەنىڭ تامىقى ئوخشايدۇ، سېنىڭ ئوخشىمايدۇ، دەپ مېنى ئادىلەنىڭ ئالدىدا ئىزا تارتقۇزدى» دەپ تىللاپ بېرىپتۇ. ئۇ

ئايال بۇ گەپنى كوچىدا ئولتۇرۇپ ئايالالرغا : «تىلالقىز ئېرىنى ئادى-لەدىن كۆنلەپ سوقۇشۇپتۇ » دەپ يەتكۈزۇپتۇ . بۇ گەپ ئاشۇ ئاڭلىغان ئايالالرنىڭ ئاغزىدىن ئەرلەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ . ئېرىمگە شۇ كۈنى بىرى : «ماۋۇ تىلالقىز ئېرىنى سېنىڭ خوتۇنۇڭدىن كۆنلەپ سوقۇ-شۇپتۇ » دېيىشىگىلا ئېرىمنىڭ سەپراسى ئۆرلەپ ، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىماي پايپاسلاپ كىرىپ مەن بىلەن جېدەللەشكەنىكەن .

ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى بىلگەندىن كېيىن بىر كېچە يىغلاپ چىق-تىم . ئەتىسى بىر دوستۇمغا تېلېفون قىلىپ قانداق قىلىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىدىم .

— ئويلىنىپ ئىش قىلىڭ ، بۇ ئىشنى مۇشۇنداقلا بولدى قىلىس-ڭىز ، بىلگىنى بىرنېمە دېگەنىبىلەن ، بىلمىگىنى يەنە بىرنېمە دەيدۇ . بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە سىز بىر ئۆمۈر «رەھمان قاتتىق بىلەن تۇتۇلۇپ قالغان» بولىسىز . ئەڭ ياخشىسى سوتقا ئەرز قىلىڭ ، — دېدى دوستۇم .

سوتمۇ ئېچىلدى . مەن ئۇنى دېگەن ، بۇنى دېگەن ، ئۇنداق دې-گەن ، مۇنداق دېگەن دېگەندەك گەپلەر بىلەن بىر سائەتكە سوزۇلغان سوت ئاخىر ئاخىرلاشتى . ئېرىمگە «تىلالقىز ئېرىنى سىزنىڭ خوتۇ-نىڭىزدىن كۆنلەپتۇ» دېگەن كىشى ماڭا ناماقۇل بولغان بولدى . لېكىن ، بۇ سوت ماڭا تارتقان روھىي ئازابلىرىمنى ، سىقىلىشلىرىم-نى ، تاالاي كېچە تۆككەن ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىمنى تۆلىتىپ بېرەلمىدى . ئادەمنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن تارتقان زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمىسە كېرەك .

شۇ ئىشتىن كېيىن تىلالقىز ھەدەم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالساقمۇ قاراشماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بولدۇق . ئاشۇ چاغدا تاماق ئەكىرگەن تەخسەمنى تىلالقىز ھەدەم بىر كۈنى دەرۋازا ئاستىدىكى يوچۇقتىن كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ . دەرۋازىنى ئېچىپ تەخسىنى كۆرۈپ كۆلگەنچە تۇرۇپ قالدىم .

«ئەتراپىڭدا نادانالر قانچە كۆپ بولسا ، سەن يولۇقىدىغان قىس-مەتلەر شۇنچە پاجىئەلىك بولىدۇ .» تىلالقىز ھەدەمنىڭ ئېرى نادان-

لىق قىلىپ ئايالىنىڭ ئالدىدا مېنى تامىقى ئوخشايدۇ دېمىگەن بولسا ، تىللاقىز ھەدەممۇ ئاشۇ بىر ئېغىز گەپ ئۇچۇن ئېرى بىلەن سوقۇشۇپ يۈرمىگەن بولسا ، ھېلىقى ئاڭلىغۇچى ئايالمۇ «لەڭمىنى ئوخشايدۇ» دېگەن سۆزنى «كۇنلەپتۇ» دەپ ئۆزگەرتمىگەن بولسا...... كۇندىلا شۇنداق ئويلاپ يۈرۈپ ، ئاخىر ئەڭ نادان ئادەمنىڭ يەنىلا ئۆز ئېرىنى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم . مېنى قوغداشقا ، ئاسراشقا تېگىشلىك ئادەم تۇرۇپ «تىللاقىز ئېرىنى خوتۇنۇڭدىن كۇنلەپتۇ» دېگۈچىگە «نېمىشقا» دەپ بىر ئېغىز سوئال قويماي ، «تۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ جار سالغان ئېرىم ئەڭ نادان ئادەم ئىكەن . «نادان دوستتىن ئاقىل دۈشمەن ياخشى .» بۇنداق نادان ئادەم يېنىمدا قانچە ئۇزاق تۇرسا شۇنچە خەتەرلىك بولىدىكەن . بۇ ئۇزۇن تۇرمۇش مۇساپىسىدە يەنە ئۇقۇشماسلىق بولمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ ؟

بېشىمغا كۇن چۈشكەندە ھەممىدىن بەك داپ چېلىپ چىققان ئېرىمنىڭ يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغا پەرۋا قىلماي ئاجرىشىپ كەت- تىم . خىزمىتىمنىمۇ يۆتكەپ يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم .

— ئادىلە باشقا تاماققا قارىغاندا لەڭمەنگە ئۇستا ، قاراڭلار تارتقان ئېشىنىڭ ئىنچىكىلىكىنى ، — ئاپامنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۆتكەن ئىشلار يادىمغا يېتىپ ، تاماققا قارىغانچە ئولتۇرۇپ قالدىم .



# دېرىزە سىرتىدىكى ئازاب

ئېتىمنى قامچىلاپ ئۆتتۇم ،
بۆلۈكەي غولى بىلەن .
ئوينىساڭ تۈزۈك ئوينا ،
ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن .

رېستوراننىڭ ئۇيغۇرچە بېزەلگەن ئايرىم خانىسىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ پۈتۈن ئىشتىياقىم بىلەن تازا قىزىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتىم ، تۇيۇقسىز ئىشىك جالاقلاپ ئېچىلىپ ، يۈزلىرىگە قارا ، سېرىق داغلار ئىز سالغان ، چىرايىدىن سەپرالىقى چىقىپ تۇرىدىغان ئايالىم ئېتىلىپ كىردى . سورۇن ئەھلى داڭ قاتقىنىچە ، دۇتارچى دۇتىرىنى تۇتقانچە ، مەن ئاغزىمنى ئاچقانچە تۇرۇپ قالدۇق . ئۇ خۇددى ئەتراپتا ھېچكىم يوقتەك ، ماڭا قولىنى جونۇپ تۇرۇپ :

— پاھ ، ئېيتىۋاتقان ناخشاڭدىن ئۆرگۈلەي ، سەن ئويۇننى يولى بىلەن ئويناۋاتامسەن ، ئۆيدە يېگۈدەك نەرسە يوق بىزنى ئاچ تاشلاپ قويۇپ بۇ يەردە ئويۇنۇڭنى ئويناپ يۈرۈپسەن ، بىز بوران تۇتۇپ يەمدۇق .شۇ تاپتا باللار بىر پارچە نانغا زار تۇرسا ، ئالدىڭغا تىزىۋال-غان قورۇمىلىرىڭغا قار .سېنىڭ نەرىڭ ئەرگە ،نەرىڭ دادىغا ئوخشاي-دۇ .مانا ئەمىسە يېگىنىڭنى بىر كۆرەي ، — ئۇ شۇنداق دېدى- دە ، ئوتتۇرىغا قويۇلغان شىرەنى بىر تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ ئۆرۈۋەتتى . شىرەدىكى قورۇمىلار ، شورپىلار كىيىملىرىمىزگە تۆكۈلدى .

— قانداق دېگەن گەپ بۇ !؟

— ئايال كىشىمۇ مۇشۇنداق بولامدۇ ؟ !

سورۇندىكىلەر شۇنداق دەپ غوتۇلداشقىنىچە قول ياغلىقلىرىنى چىقىرىشىپ كىيىملىرىدىكى سەي ، شورپا يۇقۇندىلىرىنى ئېرتىشقىلى

تۇردى . شۇ چاغدا مېنىڭ قانچىلىك ئوسال بولغىنىمنى بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلمىگەن ھېچقانداق بىر ئادەم ھېس قىلالمايدۇ . ئاچچىقتىن ئىككى چېكەم چىڭقىلىپ ، تومۇرلىرىم يېرىلىپ كېتەي دېدى .

— قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ ، زۇلخۇمار ، نېمە گەپ بولسا ئۆيگە بارغاندا دېسىڭىز بولاتتىغۇ ، — دېدى ياشتا چوڭراق بىر ئۇلپە-تىمىز .

— ۋاي ، ئۆيدە دېيىلمىگەن گەپ دەمسىز . ئۆيدە تولا دەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتتى . بولارى شۇ بۇنىڭ . ئەتىگەن ئۇن يوق ، ئۇن ئەكېلىۋېتەمسىز دېسەم ، «ھە» دەپ چىقىپ كەتكەنچە يوق . ئىككى بالا بىلەن بىر كۈن ئاچ ئولتۇردۇم . بۇنىڭغا تەگكەندىن بېرى ئۆزىنى سوراپ ئۆيگە بىر جىڭ گۆش كۆتۈرۈپ كىرگىنىنى ، بىر كۈن ئۆيدە ئولتۇرغىنىنى بىلمەيمەن . ئاپىسىمۇ مۇشۇنىڭغا گەپ يېگۈزەلمەي تۇگەپ كەتتى . «مۇشۇكى ياخشى ئۆينىڭ تاغىرى پۈتۈن ، دادىسى ياخشى ئۆينىڭ ئاش - نېنى پۈتۈن» دېگەن گەپ بار . بىزنىڭ قورسىقىمىزنى تويدۇرۇپ ئاندىن ئويۇننى ئوينىسا بولمامدۇ ؟ !— ئۇ شۇنداق سۆزلىگىنىچە ئۆيدە بولغان ئىشلارنى ئەس-كى مازنى تىتقاندەك شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ تۈگەتتى .

* * *

— قويۇۋېتە ۋاي ، ساڭا خوتۇن چىقمامتى ! ؟

— شۇنى دەيمەن ، ئاشۇ بىشەم خوتۇن بىلەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قانداقمۇ بىللە ئۆتكەنسەن ؟

— ياپىر ، بىزنىڭ خوتۇن شۇنداق قىلىدىغان بولسا......

چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ مۇشتىنى كۆرسەتتى ۋەلى .

ئاغىنىلىرىمنىڭ شۇ گەپلىرى بىلەن ئاخشام يۈز بەرگەن ئىش تۇيەيلى ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغان نىيىتىم تېخىمۇ كۈچىيىپ ، ئۇدۇل سوتقا قاراپ ماڭدىم .

كىچىكىمدىنلا ناخشا - سازغا ھەۋىسىم بار ئىدى . ئوتتۇرا مەك-

تەپتە ئوقۇۋاتقىنىمدا مەكتەپتە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق پائالىيەتتە ناخشا ئېيتىپ چاۋاكلارغا كۆمۈلۈپ كەتتىم . شۇندىن بېرى سورۇن كۆرۈشكە باشلىدىم . ئالىي مەكتەپتىكى چېغىمدا ياتاقلار ئارا بولىدىغان ئولتۇرۇشلار مەنىسىز قىزىمايتتى . شۇ سەۋەبلىك ئۆگىنىش نەتىجەم ئانچە ياخشى بولماي قالدى . بىر قېتىم ئۆيگە پەخىرلىنىش ھېسسىياتى بىلەن «مەن شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە ئىككىنچى بولدۇم» دەپ خەت يازسام ، ئاپام «بالام ، ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ يەنە بۇلتۇرقىدەك سىنىپىڭدا قالما . مېنىڭ كۆزۈم يۇمۇلغۇچە ئوقۇشۇڭنى تۈگىتىۋال» دەپ خەت يېزىپتۇ . خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئولتۇرۇشلىرىم تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى . تۈن تەڭ بىلەن قايتىپ كېلىپ دەرۋازىنى ئۇرسام ، ئاپام كەشىنى شىپىلداتقىنىچە چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ :

— «نەغمىچىنى بالام دېمەڭ ، بۇقىنى كالام دېمەڭ» دەپ قايسى دانا ئېيتقان بولغىيتتىكىن ، يا ئادەمنىڭ ئۆيقۇسى ئۆيقۇ ئەمەس ، قېرىغاندا بېشىمغا بالا بولدىڭغۇ بۇ ، — دەپ سۆزلىسە ، يەنە ئۆيگە كەينىمدىن سوڭدىشىپ كىرىپ :

— قورسىقىڭ قانداق ؟ — دەيتتى .

— ئاچ ، — دېسەم ، تاماقنى ئىسسىتقاچ :

— تووۋا خۇدايىم ، تووۋا ، بىر كۈن كەچكىچە ناخشا تووۋلاپ يۈرۈپ قورسىقىڭنىمۇ باقالمىدىڭما ؟— دەيتتى .

— توق ، — دېگەن كۈنۈم :

— ھەئە ،خەققە ھارماي كاركىراپ بەردىڭ ،قورسىقىڭنى باقماي تى ئەمىسە ، — دەپ سۆزلەيتتى .سۆزلەپ - سۆزلەپ ئاخىرىدا ، — سېنى ئۆيلەپ قۇتۇلمىسام بېشىم ساقايمايدىغان بولدى . ھېلى كېلەر ، مانا كېلەر دەپ ئادەمگە يا كېچىسى ئۆيقۇ يوق ، قېرىغاندا نېمە تارتقۇلۇق بۇ ماڭا ، — دەپ قوشۇپ قويىاتتى .

ئاپامنىڭ ئاشۇنداق ئالدىرىتىشلىرى بىلەن بىر ئاغىنىمىزنىڭ تويىدا ئۇچرىتىپ ياقتۇرۇپ قالغان ھازىرقى ئايالىم بىلەن توي قىل-

دىم . ئۆز ۋاقتىدا ئۇ ئاجايىپ بىر قىز ئىدى . يەلكىلىرىگە چۇشۇپ تۇرىدىغان بوستان چاچلىرى ، تېگى - تېگىدىن سۇزۇك چىرايى بىلەن مېنى بىر كۆرۈشۈشتىلا ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى . ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغان ئولتۇرۇشلاردا بىز تىزىمىزغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۇ-لۇپ كېتىۋاتساق ، ئۇ مىيىقىدا كۇلۇپ قويۇپ ، پېتىنى بۇزماي ئولتۇ-رۇۋېرەتتى . مېنىڭ مىجەزىمنىڭ ئەكسىچە بولغان ئېغىر - بېسىق مىجەزى مېنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشىمغا سەۋەب بولغان يەنە بىر ئامىل ئىدى . ئۇنىڭ بانكىدا خىزمەت قىلىدىغانلىقى ئاپامنى بەك خۇش قىلىۋەتتى . «تويغا قوپۇپسىز ، مۇبارەك بولسۇن» دېگەنلەرگە : «بانكىدا ئىشلەيدىكەن ، بالامنىڭ تەلىيى كېلىدىغان بولدى» دەپ ئاغزى ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كېتەتتى .

مۇھەببەت ئادەمگە ئويلاپ باقمىغان نەرسىلەرنى ئاتا قىلىدىكەن . تازا قىزىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر كۇنى ئۇنىڭ تولغىقى تۇتۇپتۇ . ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ ، خۇددى كىنولاردىكىدەك تۇغۇت بۆلۇمىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ يەڭگىشىنى كۇتۇپ تۇردۇم . مانا شۇ كۇنى مەن دادا بولۇپ قالدىم .

ئاشۇ بانكىدا ئىشلەيدىغان ئايالىم بولغاچقا ، ئىككى بالىلىق بو-لۇپ قالغاندىمۇ مائاشىمنى ئۆيگە ئەكىرمەي ناخشامنى توۋلاپ ، ئويۇ-نۇمنى ئويناپ يۇرۇۋەردىم . شۇنداق كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئاپام تۇگەپ كەتتى . ئاپامنىڭ قىرىق نەزىرىنى ئۆتكۇزگەن كۇنى ئاخشىمى ئاغىنى-لىرىم قارامنى ئۇشتۇپ قويىمىز دەپ رېستوراندا ئولتۇردۇق . بۇنداق قىلىشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق قىل-دۇق . تېخى هاراق ئېچىپ مەست بولدۇق . مەست ئۆيگە كەلسەم ، ئاپامغا يەتتە يىل كېلىن بولغان ئايالىم ئاق ياغلىقىنى چېكىلەپ چىگىپ ئولتۇرغانىكەن . مېنى كۆرۇپلا : «قانداق تېتىقسىز قارا ئۇش-تۇشكەن ئۇ» دەپ سۆزلەپ كەتكەنىدى . ئاپام تۇگەپ ئۇزاق ئۆتمەي بانكا سىستېمىسى ئادەم قىسقارتتى . ئايالىم ئىشتىن قالدى . ئەزەل-دىن مائاشىمنى ئۆيگە خەجلەپ باقمىغان ماڭا ئۇن ، ماي ، گۇرۇچ ئېلىش ، سۇ ، توك پۇلى تۆلەش دېگەنلەر ئېغىر كېلىشكە باشلىدى .

بۇر ۇنقىدەك پۇلنى كەڭتاشا خەجلەيدىغان كۇنلىرىم تۇگىگەندى . يۇ-رۇشۇم تولا بولغاچ ، مائاشىمنى ئۇلاشتۇرالمايلا ئۇتۇپ كېتىۋاتاتتىم . شۇنداق چاغلاردا يەنە ئايالىم ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن ئۇنى - بۇنى كۆتۈ-رۇپ كېلىپ قىيىنچىلىقنى چاندۇرماي ئۆتكۈزۈۋېتەتتى . ئۇنىڭ بۇن-داق قىلىشى بىلەن مەن بىر ياخشى ئامال تاپقاندەك بولدۇم- دە ، يېنىمدا پۇل بولسىمۇ ئۆيگە خىراجەت قىلماي يۇرىدىغان بولۇۋالدىم . ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن توشۇۋېرىپ خىجالەت بولغان كۇنلىرى قايناپ سۆزلەپ كېتەتتى . ئۇ ئاشۇنداق قايناپ سۆزلەۋېرىپ بارا - بارا بىر بىشەم ، هازازۇل ئايالغا ئايلىنىپ كەتتى . بۇر ۇنقى بۇلۇتتەك يېيىلىپ تۇرىدىغان بوستان چاچلىرىنىڭ رەڭگى ئۇچۇپ ، چىرايىدىن جىلىخور-لۇق ، بىشەملىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر ئايالغا ئايلىنىپ قالدى . مەن ئىشىكتىن كىرىشىم بىلەنلا سۆزلەشكە باشلىسا ، ئۇنىڭ بۇنچە كۆپ سۆزلەرنى نەلەردىن تېپىپ دەۋاتقانلىقىغا هەيران قالاتتىم . مۇشۇ ئاي ، مۇشۇ كۇنلەردە ئۇنىڭ مەندىن رازى بولغان كۇنى يوق . كېچى-لەردە دەرۋازىنى ئېچىۋېتىپ سۆزلىگىلى باشلىسا ، كۆزىدە لىق ئۇيقۇ ياستۇقتا بېشىنى قويۇۋېتىپمۇ سۆزلەيتتى . بۇنداق كۇنلەر ئۇزارغان-سېرى ئۆيگە كېچىدىمۇ كەلگۇم كەلمەيدىغان ، كۇنلەپ - كۇنلەپ ئۆيگە قايتمايدىغان ، باللىرىمنىڭ نېمە يەپ ، نېمە ئىچىۋاتقىنى بىلەن كارىم بولمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ رېستورانغا بېرىپ جېدەل چىقىرىپ يۇزۇمنى تۆكۇشى بىلەن هەممىنى ئاياغلاشتۇر ۇش قارارىغا كەلدىم . بۇر ۇنقىدەك چىرايىمۇ يوق ، خىزمىتىمۇ يوق ئايالىم بىلەن ئېيتقان ناخشامغا كۆيۇپ يۇرگەن قىزلارنى سېلىشتۇر ۇپ ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزۇمگە ئۇۋال قىلغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدىم . ئۇنىڭ ئاج-رىشىش قەغىزىگە خۇددى تەڭسىز شەرتنامىگە قول قويۇۋاتقاندەك تىترەپ تۇر ۇپ قول قويۇۋاتقان بىچارە تۇرقى ، كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشلىرىنى كۆرۇپ دەردىم چىققاندەك بولۇپ قالدىم .

ئاجراشقان كۇنۇم چوڭ ئوغلۇم بىلەن ئۆيدە ئولتۇر ۇپ : «ئەمدى ئوينىسام ، كۇلسەم كوتۇلدايدىغان ئادەم يوق ،نېمىدېگەن ياخشى دەپ» ئويلىغانىدىم .بىراق ،يەتتە ياشلىق بالىنى ئۆيدە قويۇپ قويۇپ خاتىر-

جەم سىرتقا چىقىپ كەتكىلى بولمايدىكەن. ئەر كىشى تۇرۇپ بىر كىچىك بالىنى سورۇنمۇسورۇن ئەگەشتۇرۇپ يۈرۈش تېخىمۇ قولايسىز ئىكەن. بالىنى سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدۇم. بىر كۈنى بالىنى كۆرگىلى بارسام، سىڭلىم:

— يارىشىۋالساڭ بولاتتى، بالىغا مەن بىر ئۆمۈر قارىيالمايمەن، — دېدى.

— ئۇنىڭ گېپىنى قىلغۇچى بولما، باقالمىغان بولساڭ بالىنى ئەكېتەي، — دەپ بالىنى ياندۇرۇپ كەلدىم. ئىككى ئاخشام بالىغا قاراپ ئولتۇرۇۋىدىم، ئاغىنىلىرىم تەرەپ - تەرەپتىن تېلېفون قىلىپ ئارام بەرمىدى. ئۈچىنچى كۈنى بالىنىڭ ئالدىغا گازىر - پۇرچاقلارنى تۆكۈپ بېرىپ:

— سىرتقا چىقماي ئولتۇرۇپ تۇر، مەن ھازىرلا كېلىمەن، — دەپ ئىشىكنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ چىقىپ كەتتىم.

بالىدىن ئەنسىرەپ، بارغان يەردىمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم، ناخشىنىمۇ بۇرۇنقىدەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ توۋلىيالمىدىم. كاللامغا ھەرخىل ئەنسىز خىياللار كىرىۋېلىپ، ئۆيگە بالدۇرلا قايتىپ كەلدىم. بالا تولا يىغلاپ كۆزلىرى قىزىرىپ، يۈزلىرى ئىششىپ كېتىپتۇ. «سەن بولمىساڭ قورقىدىكەنمەن، ئاپامنىڭ قېشىغا كېتىدمەن.» ئۇنىڭ يىغا ئارىلاش چىققان ئاۋازى يۈرىكىمنى ئەزدى. ئاجراشقاندىن بېرى ئۆزۈمنى ناھايىتى توغرا قىلدىم دەپ ئويلايتتىم. پەقەت بۈگۈنلا پۇشايمانغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر سېزىم كۆڭلۈمگە سايە تاشلاپ ئۆتتى.

ئۆيدە بىر ئايال كىشى بولمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغىنىمدا، ئاران قولغا كەلگەن ئەركىنلىكىمنى يەنە تەرك ئېتىپ ئۆيلەندىم. ئۆيلەنگەندىمۇ رادىيو - تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان، مودىغا ئەگىشىپ كىيىنىپ يۈرىدىغان بىر قىزنى ئالدىم. ئۇنىڭغا كۆز تاشلاپ يۈرگىنىمگە بىر ئايچە بولغانىدى. بۇنداق تېزلا توي قىلىپ قېلىشىمغا ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم.

شېرىن ئايلاردا ئۇزاقتىن بېرى ھېس قىلمىغان تاتلىق ھېسسى-

ياتلارغا بۆلۈنۈپ يۈرۈپ، بۇندىن كېيىنكى كۈنلىرىم مۇشۇنداق لەززەتلىك ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ بالىنى كۆرسىلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرىدىغان بولۇۋالدى. «ئاپىسىغا بېرىۋېتىڭ» دەپمۇ باقتى. مېنى گەپكە كىرگۈزەلمەي، ھەپتە-ھەپتە قازان بېشىغا ئۆتمەي، ئىشتىن كېلىپلا: «بېشىم ئاغرىۋاتىدۇ» دەپ ياغلىقىنى چېكىلەپ چىگىپ ياتقىنى ياتقانىدى. ئۆزۈمنى دېمىسەممۇ، بالىنى دەپ قازان بېشىغا ئۆزۈم ئۆتەتتىم. بۇرۇن چايمۇ دەملەپ باقمىغان ئادەم خېمىرمۇ يۇغۇرىدىغان، لەڭمەنمۇ سوزىدىغان بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن تۆشۈك ئىشى ماڭىلا قالدى. تاماق ئېتىلمىگەن كۈنى ئايالىم سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تاماق يەپ كېلەتتى. بىرنەرسە دېسەم، «مەن بىر قىز تۇرۇپ، ئىككى بالىسى بار بىر ئادەمگە تەگدىم. مۇشۇمۇ ساڭا يەتمىدىمۇ، بىلسەڭ مېنى چېكەڭگە گۈل قىلىپ قىسساڭ بولىدۇ» دەپ بويىندا شاپتۇل قاقاتتى. بىر كۈنى ئاغىنىلىرىم بىلەن ئولتۇرۇپ كەچ قالدىم. ئۆيگە كىرسەم بالا سۇپىدا دۈم ياتقانچە ئۇخلاۋېتىپتۇ. غۇززىدە ئاچچىقىم كەلدى، شۇنداقتىمۇ چاندۇرماي:

— بالىغا بىرەر نەرسە يېپىپ قويساڭ بولماسمىدى. سوغۇق ئۆتۈپ ئاغرىپ قالسا قانداق قىلىمىز، — دېدىم. ئۇ يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ:

— دادىسى بولغان ئادەم كېچە-كېچىلەپ ئويناپ يۈرسە، مەن بالىغا قاراپ ئولتۇرىدىغان نېمە ئىدىم. مەنچۇ قارا، تەييار بالىغا ئانا بولۇپ كۆلدە كۆمەچ بولغىلى ساڭا تەگمىگەن. ياخشىراق يەمەنمىكىن، ياخشىراق كىيەرمەنمىكىن، ئەل قاتارى يۈرەرمەنمىكىن دەپ تەگكەن. شۇنداقلىقىڭدىن ئالدىنقى ئايالىڭنىمۇ زېرىكتۈرگەن نېمە ئىكەنسەن. سەن ئوينىغان ئويۇننى مەنمۇ ئويناليمەن. ئەتىدىن باشلاپ بالاڭغا ئۆزۈڭ قارا، مەن بالا باققۇچى ئەمەس، — دەپ سۆزلەپ، يوتقاننى بېشىغا چۈمكەپ يېتىۋالدى.

ئورۇن سېلىپ، بالىنى كۆتۈرۈپ ئورۇنغا ئالدىم. كۆز ئالدىمغا زۇلخۇمارنىڭ ماڭا دەرۋازىنى ئېچىپ بېرىپ، غوتۇلدىغانچە يوتقىنىنى

تېپىپ ئېچىۋەتكەن بالىنى يۆگەپ قويۇۋاتقىنى كەلدى . پۇشايمانلىق بىر ھېسسىيات يەنە قەلبىمگە سايە تاشلاپ ئۆتتى .

ئەتىسى ئىدارىنىڭ ئىشى بىلەن قوشنا ناھىيەگە باردۇق . ئىش پۈتمەي ۋاقچە قالدۇق . شەھەر بىلەن بۇ ناھىيەنىڭ ئارىلىقى تۆت سائەتلىك يول ئىدى . ئۆيگە كەلگۈچە كەچ سائەت 10 بولۇپ قالدى . ئۆيگە كەلسەم دەرۋازا داغدام ئوچۇق ، ئۆي ئىشىكمۇ ئوچۇق ، پەگاھ-تا قان ئىزلىرى ، ئۆيدە ھېچكىم يوق . نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي تىت - تىت بولۇپ تۇرسام قوشنا ئايال كىرىپ :

— ۋاي ، نەدە يۈردىڭىز دەيمەن ،بالا ئۆيدە يالغۇز قاپتىكەن ، توك كېتىپ قورقۇپ كېتىپ ، تالاغا چىقىمەن دەپ سۇپىدىن يىقىلىپ كېتىپ بېشى يېرىلىپ كېتىپتۇ .قادىركىڭىز دوختۇرغا ئەكەتتى ، — دېدى .

— رەشىدە نەگە كېتىپتىكەن ؟— دېدىم ئاچچىق يۇتقان ھالدا .

— ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىكەن . تېلېفون قىلساق ، «كەلسە دەپ قو-يۇڭلار ، مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە قاراپ ئولتۇرىدىغان قارانچۇق ئەمەس ، خېتىمنى بەرسۇن» دەيدۇ .

دوختۇرخانىغا بارسام كارىۋات بېشىدا زۇلخۇمار ئولتۇرىدۇ . ئۇنىڭ بىلەن كەتكەن كىچىك ئوغلۇمنى كۆرمىگىنىمگە خېلى كۈنلەر بولغانىدى . مېنى كۆرۈپ زۇلخۇمار ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەم-شەلگەنىدى ، كىچىك ئوغلۇم ئاكىسىنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ قويۇپ ، «خوش ئاكا» دەپ قولىنى پۇلاڭلاتتى . ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى ئوماق تۇرقىغا مەستلىكىم كېلىپ قولۇمغا ئالغانىدىم ، ئۇ تېپىرلاپ : «ئاپا ، ئاپا……» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇنى كۆرگىلى بېرىپ باقمىغان ، زۇلخۇمار بالىنى كۆرگىلى كەلسە سې-سىق گەپ قىلىپ ئۇلارنى بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشتۇرمىگەنىدىم . بۇ ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ تۇگىمەس قورساق كۆپۈكىنى چىقارماقچى ئىدىم . زۇلخۇمار ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ قارد-دى . ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى پەقەت ئانىلارغا خاس بولغان قىيالماسلىق ، بالامنىڭ مۆلدۈرلەپ ئىلتىجالىق قاراشلىرى يۈرىكىمنى تېشىپ ئۆتت-

تى. بىلىپ تۇرۇۋاتاتتىم، بالام مېنىڭ «پاچىقىڭنى چاقىمەن» دەپ
قورقۇتۇشلىرىم بىلەن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچكە، ئاپىسى بىلەن
كېتىمەن دېيەلمەيۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئاشۇ كۆزلىرى — تېگى-
تېگىدىن بىچارىلىك، مىسكىنلىك، دىلى سۇنۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغان
كۆزلىرى ھەممىنى دەۋاتاتتى. «ئالتۇن باش داداڭ بىلەن قالغۇچە،
پاخما باش ئاناڭ بىلەن كەت» دېگەن ماقالنى كىممۇ ئېيتقان بولغىيد-
تى. چوڭ ئوغلۇمنىڭ چىرايىدىكى سۇنۇقلۇق كىچىك ئوغلۇمنىڭ
چىرايىدا يوق ئىدى. مېنىڭ كىنولاردىكى كىچىك باللارنى گۆرۈگە
ئېلىۋالىدىغان لۈكچەكلەردىن پەقەت ئازراقلا پەرقىم باردەك قىلاتتى.
ئانىنى بالىدىن، ئىككى بىر تۇغقاننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتكەن
گۇناھىم ئۈچۈن بۇ كۈنلەر ماڭا ئازلىق قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ
تۇرقى ئىچىمنى نەچچە كۈن ئاچچىق قىلدى.

بالا دوختۇرخانىدىن چىقتى. مېنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق نىكا-
ھىممۇ ئاياغلاشتى. بۇ قېتىملىق مەغلۇبىيەتتىن كېيىن تۇرمۇشقا
بولغان ئىشەنچىم سۇسلىشىپ كەتتى. بىر مەزگىل ئويۇن - تاماشى-
دىن قول ئۈزۈپ بالا بىلەن بولدۇم. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى «ئۆيلىنى-
ۋال» دېگۈچىلەر كۆپەيگىلى تۇردى. ئۆيلىنىشكە رايىم قالمىغانىدى.
سىڭلىم يەنە «زۇلخۇمار ھەدەم بىلەن يارىشىۋال» دېگىلى تۇردى.
ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋېلىشنى كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى خالاپ تۇرسى-
مۇ، «ئاغىنىلىرىم نېمە دەر» دېگەن خىيال كاللامنى ئىگىلىۋالغاچقا:

— ئۇ دېگەن تۈكۈرگەن تۈكۈرۈك، قايتا ئاغزىمغا ئالماي-
مەن، — دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتتىم. ئاغىنىلىرىمگە:

— بالامنى ئۆگەيلىمەيدىغان، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆت-
كەن بىر چوكان بولسا بولاتتى، — دېۋىدىم، ئۇلار «بۇرۇنقى ئېرى
ئاق تاماكا چېكىپ، بەك ئازابلىغاچقا ئاجرىشىپ كەتكەن» دەپ بىر
چوكاننى تونۇشتۇردى.

ئۇ ئايال بىلەن ئۇچراشقان كۈنى «قىزىل كالا» ئىچىملىكى
ئىچكەچ ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. ئۇ تارتقان ئازابلىرىنى سۆزلەپ كې-
لىپ، «بالامنى يات كۆرمىسىڭىزلا خىزمىتىڭىزنى بېشىمچىلاپ قى-

لىمەن» دېدى. ئايالالارنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق يېقىملىق گەپنى ئاڭلىمىغىنىمغا ناھايىتى، ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولغانىكەن، تەسىرلەنگىنىمدىن:

— مېنىڭمۇ بىر بالام بار، سىزمۇ بالامنى يات كۆرمىسىڭىزلا سىزنى بېشىمدا كۆتۈرىمەن، — دېۋەتتىم.

مۇشۇ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئىش پۈتتى. ئۇرۇق - تۇغقانلار ئارا بىر قازان پولۇ ئېتىپ، نىكاھ قىلىپ توي قىلغان بولدۇق.

ئۇ ماڭا بالامنى ئۆز كۆرگەندەك، كۆيۈنگەندەك قىلاتتى. لېكىن، بالىنىڭ چىرايىدىكى سۇنۇقلۇق، مىسكىنلىك يەنىلا ئۆزگەرمىدى. بالا بارغانسېرى جىمغۇرلىشىپ، سائەتلەپ ھاڭۋۇقىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ كەتتى.

بىر كۈنى ئۈچىنچى ئايالىم قازاندىن تاماق ئۇسۇۋاتقاندا شويلىنىڭ گۆشلىرىنى ئىلغاپ ئېلىپ ئاشنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ ئۆز بالىسىنىڭ ئالدىغا، بىر پارچە گۆشنى ئۈستىگە كۆرسىتىپ بېسىپ مېنىڭ بالامنىڭ ئالدىغا قويغىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئاچچىقىم كېلىپ، چىرايىمغا چىقىپ كەتكەن چېغى:

— نېمە بولدىڭىز، قاپىقىڭىز چۈشۈپلا كەتتىغۇ؟— دېدى ئۇ.

— ھېچنېمە، — دېدىم ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ. ئىككى قېتىملىق نىكاھتىكى ئوڭۇشسىزلىق ماڭا مەكتەپتە ئۆگەنمىگەن نۇرغۇن ھەقىقەتلەرنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرمەسكە سالاتتىم. ئاچچىقىم كەلدى دەپلا ئالدىراپ مەيدانغا چىقمايتتىم. ئەگەر بۇنداق ئېغىر - بېسىقلىقنى بۇرۇنراق ئۆگەنگەن بولسام، ئۈچ نىكاھلىق بولمىغان بولار بولغىيتتىم. مەن ئۆز ۋاقتىدا نامەردلىك بىلەن «سەن كىچىكنى ئال، چوڭىنى مەن ئالىمەن. مەن چوڭىغا سەندىن خىراجەت تەلەپ قىلمىغاندىن كېيىن، كىچىكنى ئۆزۈڭ باق» دەپ ئۆز بالامغا خىراجەت بەرگىلى ئۇنىمىغان ئادەم ئۇنى بالامغا ياخشى قارامدىكىن دەپ، مەن بىلەن ھېچقانداق قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق بىر بالىنى ئۆز بالام بىلەن ئوخشاش كۆرۈپ، ئوخشاش كىيىندۈرۈپ، ئوقۇتۇپ كېلىۋاتسام، بۈگۈنكى بۇ ئىشنى كۆرۈپ كۆڭلۈم شۇنداق

غەش بولدى . ئۆزۈمچىلا قاچامدىكى گۆشلەرنى ئېلىپ ئۆز بالامنىڭ قاچىسىغا سېلىپ قويدۇم .

— بالىنىڭ قاچىسىدىمۇ گۆش بار ئىدىغۇ ؟ !

— يېگۈم كەلمىدى .

ئۇ مېنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرسىمۇ شۇنداق دېدىم . ئۇنىڭ بوزىرىپ كەتكەن چىرايىدىن ھەممىنى چۈشەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى . ئاشۇ ئىككى پارچە پىششىق گۆش بىلەن بالامنىڭ كۆڭۈل يېرىملىقىنى تولدۇرۇپ بېرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلەتتىم . لېكىن ، يەنىلا ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشنى قىلىپ سالدىم . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بالىغا بولغان ساختا مېھرىبانلىقى تېخىمۇ سۇسلاپ كەتتى .

يەكشەنبە كۈنى بازارغا لازىمەتلىك سېتىۋالغىلى كېتىپ قايتىپ كەلسەم ئىككى بالا ئۆيدە ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ . ئۆيگە كىرمەي تۇرۇپ ئۇلارنىڭ جېدىلىگە قۇلاق سالدىم .

— سەن جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى ، — دەپ تىللىدى ئۆگەي بالام مېنىڭ بالامنى .

— جالاپ خوتۇننىڭ بالىسى دېگەن ئۆزۈڭ ، — دېدى مېنىڭ بالام .

— ئەسكىلىكىڭدىن ئاناڭ تاشلاپ كەتكەن يېتىمەك ئىكەنسەن . قارنى يامان تويماس ، داداڭغا چېقىشتۇرۇپ تېخى ئارام بەرمەيسەن . ئاۋۇ تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئاشخانا ئېچىپ ، ئەرلەرنى ئەتراپىغا ئولاشتۇرۇپ ئولتۇرغان ئاناڭ جالاپ بولماي ، كىر - قېتىڭنى يۇيۇپ ، گېلىڭغا ئاش-تاماق ئېتىپ ئۆيدە ئولتۇرغان مەن قانداق جالاپ بولىدىكەن ، — دېدى ئايالىم .

ئۆيگە كىرىشىم بىلەن قولىغا لاخشىگىرنى ئېلىپ بالامنى ئۇرغىلى تەمشەلگەن ئايالىم مېنى كۆرۈپ جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قالدى .

— توغرا ، مەن خەقنىڭ بالىسىنى باققاننىڭ ئورنىغا ئۆز بالامنى باققان بولسام بالىلىرىم ھازىرقى كۈنگە قالمايتتى . ئۇلارنىڭ ئانىسىمۇ ئاشخانا ئېچىپ جان باقمايتتى . تىللىساڭ مانا مېنى تىللا ، مېنى

ئۇر ، كىچىككىنە بالىغا نېمە ئازار بېرىسەن ، — دېدىم تىترەپ تۇرۇپ .

— ھە ، كونا خامانىنىڭ ئوتى تۇتىشىپ قاپتۇ-دە ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېسىپ ئولتۇرغان نېمە ، ئەمدى بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپتىكەن ، ئىچىڭگە ئوت كەتتىما . مېنىڭ بالامنى باققان بولساڭ ، مەن ئاش-تامىقىڭنى ئېتىپ مالايلىق قىلدىم . ئۆي خىزمەتچىسى ئالساڭمۇ قارا ، ئىش ھەققى بېرىسەن . بۇ كۈندە بىكارغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ . مۇشۇنداقلىقىڭدىن قولۇڭدا خوتۇن توختىمىغان نېمىكەنسەن ، — دېدى ئايالىم . شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىمىزگە سېلىپ كەلگەن قورساق غۇمىمىز تېشىلدى .

شۇندىن بېرى بالىنىڭ ئۆيدە ئۇنىڭ بىلەن قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدىم .

ئىشتىن قايتىپلا مەكتەپكە يۈگۈرىمەن . بالىنى ئۆزۈم ئېلىپ ئۆيگە بارىمەن . ئۇمۇ بىر يەرگە بارماقچى بولسا بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كېتىدۇ . مەن پەقەت ئۇچىنچى قېتىممۇ نىكاھتىن ئاجراشقان دېگەن ئاتاقنى ئالماسلىق ئۈچۈن ئەپلەپ-سەپلەپ كۈن ئۆتكۈزۈپ كېتىۋاتاتتىم . بىر كۈنى بالىغا ئۆزۈمچىلا :

— مەن يوق چاغدا ئاپاڭ بىرنەرسە بەرسە يېمە جۇمۇ ، — دەپتىمەن .

— زەھەر سېلىپ قويامدۇ دادا ؟ — دېدى بالام مەسۇم كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ .

— ئۇنداقمۇ قىلماس ، — ئۆزۈم دېگەن بۇ گەپ بىلەن ئەنسىزلىكىم تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كەتتى . بۇنداق ئەنسىز كۈنلەر ئۇزارغانسېرى بىئاراملىق مېنى بەك قىيناپ يەنە ئاجرىشىپ كەتتىم .

* * *

— رەھمەتلىك قاسىمكامنى كۈنىنىڭ ئۇزۇنىدا ئىككى ، قىسقىسىدا بىر خوتۇن ئالىدۇ دەپ زاڭلىق قىپتىكەنمىز . شۇنىڭ ئورنىغا

سەن قالدىڭمۇ دەيمەن ئەمدى . ئادەمنىڭ نومۇسىنى كەلتۈرۈپ ئىككى يىلدا ئىككى خوتۇن ئېلىپ بولدۇڭ . زۇلخۇمار ھەدەم بىلەن يارىشىد- ۋال دېسەم تېخى ئۇنىمايسەن . ئۇمۇ يامان ئايال ئەمەستى . سېنىڭ ئېغىرىڭنى جىق كۆتۈرگەن . ئاپامغا ياخشى قارىغان . زۇلخۇمار ھەدەم بۇ ئۆيدىن كەتكەندىن بېرى بۇ ئۆيگە كېلىپ بىر قېتىم خۇشال ئولتۇرۇپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن . ساپلا يەپ قاچتى بىرنېمىلەرنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ بەرىكىتىنى قويمىدىڭ . ساراڭ بولسىمۇ ، گاراڭ بول- سىمۇ بالىنىڭ ئۆز ئانىسى دېگەن باشقا . بۇرۇن بىر ئادەم ئايالىدىن ئاجرىشىپ كېتىپ قايتا ئۆيلىنىپتۇ . كېيىنكى ئايالى بۇ ئادەمنىڭ بالىسىنى داۋاملىق يۇدۇۋالىدىكەن . ئۇ ئادەم بۇ ئايال مېنىڭ بالامنى بەك ياخشى كۆرىدۇ دەپ خۇشال يۈرىدىكەن . بىر كۈنى ئايالىغا : «ھېرىپمۇ كەتكەنسەن ، بالىنى يەردە قويۇپ ئارام ئېلىۋال» دېسە ، «كۆز ئالدىمدا تۇرسا كۆزۈمگە توڭگۇزدەك كۆرۈنىدىكەن . شۇڭا ، كۆزۈم كۆرمىسۇن دەپ يۇدۇۋالىمەن» دەپتۇ . سورۇندا يۈزۈمنى تۆك- تى دەپلا ئاجرىشىپ كەتتىڭ .ئۆيىنىڭ يوقىنى بار قىلىپ بېرىپ ئۆيىند- غان بولساڭ شۇ ئىش يوق .يەنە ئالدى - كەينىڭگە قاراپ يۈرمەي زۇلخۇمار ھەدەمنى ئەكېلىۋال . ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيدۇ سەن ئالدىغا بارساڭ ئارىدا ئىككى بالا بولغاندىن كېيىن ياق دېمەيدۇ ، — دېدى سىڭلىم بالامنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ ئولتۇرۇپ .

ئويلاپ باقسام ، زۇلخۇماردىن ئاجراشقاندىن بېرى خاتىرجەم ئۇ- تۇپ باقماپتىمەن . ھەممە خاتىرجەملىكىم ئۇنىڭ بىلەن كەتكەنىكەن . ئۇ ئۆزىنىڭ غوتۇلداپ يۈرۈپ بەرگەن بەدەللىرى بىلەن مېنى خاتىر- جەم يۈرگۈزگەنىكەن . مەن بۇنى بەك كېچىكىپ چۈشەندىم . ئەگەر شۇ كۈنى ئۆيگە ئۇن ئەكېلىۋەتكەن بولسام...... ھېچبولمىسا ئۇ كىرىپ جېدەل چىقارغاندا چاقچاق قىلغان بولۇپ «يۇرە خوتۇن» دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسام...... ئۆي تۇتۇشقا ئەرلىك غورۇرلا ئەمەس ، چارە - تەدبىرمۇ لازىم بولىدىغانلىقىنى بەك كېچىكىپ چۈ- شەندىم . ماڭا قانداق قىلغاندا بىر ئۆينى ئۆي قىلىپ خاتىرجەم ياشىد- غىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئەمەس ، قانداق قىلغاندا خوتۇنىغا تومۇ-

رىنى تۇتقۇزۇپ قويمايدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئاغىنىلى-
رىممۇ ھازىر مېنى ئىزدىمەس بولدى .

مېنىڭ غۇرۇرۇم ئىككى بالامنىڭ بەختىدىنمۇ مۇھىم بولغىيمى-
دى؟ تۇرمۇشتا بالىنىڭ رولىنىڭ بۇنچە چوڭلۇقىنى ئەجەب بىلمىگە-
نىكەنمەن . ئاشۇنداق ئاچچىق خىياللار بىلەن زۇلخۇمار ئاچقان ئاشخانا
ئالدىغا كېلىپ قاپتىمەن . مەن تۈكۈرگەن تۈكۈرۈكنى يەنە ئاغزىمغا
ئالماقچى بولۇپ كەلگەنىدىم . ئېلېكتىر چىرىغى يورۇتۇلغان ، دېرىزى-
گە نېپىز تور پەردە تارتىلغان ئاشخانا ئىچىدە زۇلخۇمار بىلەن بىر
ئەر كىشى ئۇدۇلمۇئۇدۇل ئولتۇراتتى . زۇلخۇمار دېرىزىگە يۈزلىنىپ
ئولتۇرغان بولۇپ ، قولىدا كىچىك پىچاقتا سەي ئاقلاۋاتاتتى . ھېلىقى
ئەر دېرىزىگە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغاچقا چىرايىنى كۆرەلمىدىم .
مەن قاراڭغۇ كوچىدا تۇرغاچقا ، ئۇلار مېنى كۆرەلمەيتتى . مەن بول-
سام ئېلېكتىر چىرىغى بىلەن يورۇپ تۇرغان ئاشخانا ئىچىدىكى ئۇلار-
نى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتىم . زۇلخۇمار مەن مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايدىغان
ئاشۇ چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈرۈۋالغان بولۇپ ، ئۇ ماڭا سەمرىپ ،
ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى . ئۇ ھە دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ مۇلايىم
كۈلۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۇدۇلىدىكى ئەرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتاتتى . قۇلى-
قىم تۈۋىدە ئۈچىنچى ئايالىمنىڭ : «نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېسىپ
ئولتۇرغان نېمە ، ئەمدى بىرسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپتىكەن» دېگەن گې-
پى ئاڭلانغاندەك بولدى . كۈنداشلىق ئازابىغا چىدىماي چىشلىرىم
كىرىشىپ كەتتى . مەن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا شىم - كاستۇمنى
قاتۇرۇپ كىيىپ ، مەيدەمگە قىزىل گۈل تاقاپ ، مودا ئايالىم بىلەن
رېستوراندا بەخت خۇشاللىقىغا چۆمگەن ھالدا تانسا ئويناۋېتىپ : «بۇ
مەنزىرىنى زۇلخۇمار دېرىزىدىن ماراپ كۆرۈپ ئەلەمدە ئۆرتىنىپ
كېتىۋاتقاندۇ ، ئوبدان بولدى ، ماڭا ئاز قىلدىمۇ» دەپ ئويلىغانىدىم .
بىر كۈنلەر كېلىپ ئۆزۈمنىڭ دېرىزە سىرتىدا قان يۇتۇپ تۇرۇشۇمنى
ئويلىمىغانىكەنمەن . ناھايىتى قىممەتلىك بىرنەرسەمنى باشقىلار تارتى-
ۋالغاندەك ، ئازابلىق تۇيغۇلار قوينىدا قاراڭغۇ كوچىدا ئارقامغا يان-
دىم . يول بويىدىكى بىر ساتىراشخانىدىن مەن بىرچاغلاردا ، كەلمەسكە

كەتكەن خاتىرجەم چاغلىرىمدا ھاياجان بىلەن ئېيتىدىغان «ئاق بې-
لىق» دېگەن ناخشا ياڭراۋاتاتتى .

ئاق بېلىق ، ئاپپاق بېلىق ،
ئاپتاپتا ياتقانىڭ قېنى ؟
مېنى يامان دەپ يۈرۈپ ،
ياخشىنى تاپقانىڭ قېنى ؟

بۇرنۇم ئېچىشقاندەك بولۇپ ، چاناقلىرىم ياشقا تولدى .



# ئاققان يۇلتۇز

— مەن ھېلىغىچە «لەھەل ھەدەم» دەپ يۈرىدىغان ئاشۇ قىز ھەر كۈنى دېگۈدەك بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ ، دوقمۇشتىكى كۆكتات دۇكىنىغا كېلەتتى . ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە بېشىنى ئوماققىنە قىيسايتىپ ، تاتلىق بىر كۈلۈمسىرىشىنى بىزگە ئىلتىپات قىلىپ : «ئويناۋاتامسىلەر بالىلار ؟ !» دەپ قويۇاتتى .

مەن ئۇنىڭ كېلىۋاتقىنىنى يىراقتىن كۆرۈپلا ئويناۋاتقان ئويۇنۇمنى تاشلايتتىم - دە ، ئۇنىڭ گۈزەل قامىتىگە — چىرايلىق ئۆرۈپ ، قولىقى كەينىدىن قاتلاپ ، ئاپپاق بانتىك تاقىۋالىدىغان قاپقارا چاچلىرىغا ، ئىنچىكە قاشلىرى ئاستىدىكى قارىقاتتەك كۆزلىرىگە ، قىشتا ئۆگزىلەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە ساڭگىلاپ قالىدىغان مۇز نۆكچىلىرىنى ئەسلىتىدىغان ئاجايىپ چىرايلىق بۇرنىغا ، ئالۇچىدەك قىپقىزىل لېۋىگە ، ئالدىغا گۈل كەشتىلەنگەن ئاق كوپتىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان كېلىشكەن كۆكسىگە ، كەڭ ئېتەكلىك گۈللۈك يوپكىسى سۆيۈپ تۇرغان ئۇزۇن ،تۈز ،مەرمەردەك سۇزۇك پاقالچاقلىرىغا تاكى ئۇ ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي قالغۇچە تويماي قارايتتىم . ئىچىمدە : «ئۇ مېنىڭ ھەدەم بولۇپ قالسىچۇ ، ئاشۇنداق چىرايلىق قىز بىزنىڭ دەرۋازىدىن چىققان بولسا ،مەنمۇ ئاشۇنداق چىرىلىق ھەدەم بارغۇ ، دەپ ئاغىنىلىرىمنىڭ ئالدىدا تازا بىر ماختانسام قانداق ياخشى بولاتتىيە !» دەپ ئويلايتتىم . ئۇ چاغلاردا مەن مۇھەببەت ، ئائىلە ، پەرزەنت كۆرۈش دېگەنلەرنى بىلمەيتتىم . كۈنلەر ئۆتكەنسېرى كۆڭلۈمنى لەھەل ھەدەمنى ھەدەم بولسىچۇ ؟ دەپ ئويلاشتىن ، مەن چوڭ بولغاندا لەھەل ھەدەم بىلەن توي قىلسام دېگەن خىيال ئىگىلەيدىغان بولدى . ھەر كۈنى قاراڭغۇ چۈشكەندە تالادا ئويناپ ھېرىپ كىرەتتىم - دە ،

چىراغ يورۇقىدا ئىش تىكىۋاتقان ئاپامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ لەھەل ھەدەم ھەققىدە نۇرغۇن خىيال سۈرەتتىم ، نېمە ئۈچۈندۇر لەھەل ھەدەم ھەققىدە خىيال سۈرۈش ، خىيالىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ماڭا بىرخىل شېرىن لەززەت بېغىشلايتتى ، شۇنداق خىيال قىلىۋې-تىپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ قالغانلىقىمنى تۇيمايتتىم ، قاچانلار-دىدۇر ماڭا قاراپ قالغان ئاپام : «ساراڭ بولۇپ قالمىغانسەن بالام ، نېمىگە كۈلىسەن ؟» دېگەندىلا ئېسىمگە كېلىپ قىزىرىپ كېتەتتىم .

بىر كۈنى شەھەردىن هامامام چىقتى ، ئۇنىڭ قولىدىكى كىچىك-كىنە ئايالچە سائەت كۆزۈمگە بەك چىرايلىق كۆرۈندى . بۇ سائەتنى لەھەل ھەدەم ئاپپاق بىلىكىگە تاقىۋالسا قانداق يارىشاتتى ! ؟ تۇيۇقسىز مەندە بۇ سائەتنى هامامدىن سوراپ ئېلىش ئىستىكى تۇغۇلدى . هامامغا ئېسىلىپ تۇرۇپ مىڭبىر تەسلىكتە سائەتنى سورىدىم . هام-مام ئېڭىكىمدىن تۇتۇپ ئەركىلىتىپ :

— چوڭ بولۇپ توي قىلىـغان چېغىـڭدا تويۇڭغا سالىمەن ، — دېدى .

— مەن توي قىلمايمەن .

— توي قىلمىساڭ كىم سېنىڭ تامىقىڭنى ئېتىپ ، كىيىملىرىڭ-نى يۇيۇپ بېرىدۇ ؟

— ئاپام .

— ئاپاڭ هازىر قىلغىنىنى بىلەن سەن چوڭ بولغاندا قېرىپ ، تاماق ئېتەلمەيدىغان ، كىر يۇيالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ .

— ھەدەمچۇ ؟

— ھەدەڭ توي قىلىپ ، باشقا ئادەمنىڭ تامىقىنى ئېتىپ ، كى-يىملىرىنى يۇيۇپ بېرىدۇ .

— ئەمىسە توي قىلىمەن .

— بايا توي قىلمايمەن دەۋاتاتتىڭغۇ ؟

— يالغان دەپ قويدۇم ، توي قىلىمەن . لەھەل ھەدەمنى ئالى-مەن .

— لەھەل ھەدەم دېگەن كىم ؟

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى ئەڭ چىرايلىق قىز دېگىنە !

ئۇ شۇ چاغدا مېنىڭ نەزىرىمدە دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق قىز ئىدى . هازىرمۇ ئۇ قەلبىمدە پاك ۋە ئالىيجاناب مەلىكە . ئۇنىڭ رېئاللىقلىقى بىلەن خىيالىيلىقىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان ، بۇلۇتلۇق ئاسماندا غۇۋا كۆرۈنگەن يۇلتۇزدەك سىماسىنىمۇ مەن تا هازىرغىچە ئۆزۈم كۆرگەن بارلىق قىزلاردىن گۈزەل هېسابلايمەن .

مەن شۇ چاغدا گەرچە كىچىككىنە بالا بولساممۇ ، كەلگۈسىدە تويلىشىدىغان قىزىمنى هەرگىزمۇ ئۆزۈم بىلەن تەڭ ، كىچىك قىز هالىتىدە ئەمەس ، لەھەل هەددەمدەك چوڭ ، بويىغا يەتكەن قىز هالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلاتتىم . شۇ سەۋەبتىنمۇ ئۆزۈم دېمەتلىك قىزلارنىڭ هېچقايسىسىنى چىرايلىق كۆرمەيتتىم .

بىر قېتىم كوچىدا دانلاپ يۈرگەن توخۇلارنى قوغلاپ ئويناۋاتسام قوشنا ئايال چىقىپ :

— هوي ، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان پىستەك ، بۇ توخۇلار ساڭا نېمە قىلدى ؟ بۇندىن كېيىن يەنە بىزنىڭ توخۇلارنى قوغلاپ باقە قېنى ، قىزىم تۇرسۇنئاينى ساڭا بەرمەيمەن ، — دېدى .

شۇ چاغدا مېنىڭ كۆز ئالدىمغا تۇرسۇنئاينىڭ لاي ، توپا ، تىرناقلىرى ئۆسۈپ كەتكەن پۇتلىرى ، داۋاملىق يېرىلىپلا تۇرىدىغان قارامتۇل قوللىرىنىڭ كەينى بىلەن بۇرنىنى ئېرتىپ قويۇشلىرى ، كىچىككىنە ئىشقىمۇ قىرقىراپ يىغلاپ ئاپىسىنى چاقىرىشلىرى كەلدى - دە :

— مەنمۇ سىنىڭ ئۇ ماڭقاڭنى ئالامتىم ، — دەپ شارتتىدە بۇرۇلۇپ قاچتىم .

شۇ كۈنى خۇددى ماڭا بىرى تۇرسۇنئاينى زورلاپ تېڭىۋاتقاندەك ، ئۇ يېنىمغا كېلىۋېلىۋاتقاندەك بىر هېس بىلەن جىلە بولۇپ تېرىكىپ يۈردۈم . ئىچىمدە : «تۇرسۇنئاينى ئالمايمەن ، لەھەل هەددەمنى ئالىمەن » دەپ غۇدۇرايتتىم . خىيالىمدا ئۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇراتتىم . شۇ ئىشتىن كېيىن نېمىشقىدۇر بىردىنلا تۇرسۇنئايغا ئۆچ بولۇپ قالدىم . ئۇنى كۆرسەملا قېچىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئوينىماس بولۇۋالدىم .

يازنىڭ ئىسسىق بىر كۈنى ئىدى. بىز مەھەللىدىكى باللار بىلەن تۆگمەننىڭ تۆۋىدىكى كوركىراتمىدا سۇغا چۆمۈلۈۋاتاتتۇق، مەھەللىنىڭ ئۇ بېشىدىن: «ۋاي بالام!» دەپ زارلاپ يىغلىغان ئايال كىشىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئېغىر چايقىلىپ كېلىۋاتقان ئۆكۈز ھارۋا كۆرۈندى. ھارۋا يېقىن كەلگەندە بىز ئۇنىڭدا ئۈستىبېشى ئاق رەخت بىلەن يېپىپ قويۇلغان بىرىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۇق. يىغلاۋاتقان ئايال لەھەل ھەدەمنىڭ ئاپىسى ئىدى. ئۇنى ئىككى ئايال ئىككى تەرىپىدىن يۆلەپ، قوللىرىنى چىڭ تۇتۇۋالغانىدى. ئۇ زەرب بىلەن قوللىرىنى سىلكىپ ئاجرىتىۋالاتتى-دە، چاچلىرىنى يۇلۇپ، ئۆزىنى كاچاتلايتتى. ھېلىقى ئاياللار مىڭ تەسلىكتە ئۇنىڭ قوللىرىنى قايتا تۇتۇۋالاتتى. ئۇنىڭ زارلىغان ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، كۆڭلىگە قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىكنى سالاتتى.

— ھارۋىدىكى لەھەل ھەدەمكەن، ئۆلۈپ قاپتۇ، — دېدى شۇ ئارىدا ئۇقۇپ كەلگەن باللاردىن بىرى.

مەن ئەندىككەندەك لاسىدە بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. تۇغۇلۇپ شۇ كۈنگىچە بېشىمدىن كەچۈرمىگەن بىر روھىي ھالەت يۈز بېرىپ، كۆكرىكىمدىن بىرنەرسە ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەندەك پۈتۈن بەدىنىم بوشىشىپ، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. خۇددى روھى تېنىمدىن چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك ئۇزاققىچە قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. «ۋاي بالام! ئۇن گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بالام!......» دېگەن ئېچىنىشلىق نىدا بارغانسېرى قۇلىقىمدىن يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى.

بىرچاغدا ئېسىمنى يىغدىم-دە، ئۆيگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئالمىلىق بېغىمىزدىكى چۆپلۈكتە مۆكۈپ ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە يىغلىدىم. پەقەت كەچ كىرگەندىلا ئەتراپتىكى پاقىلارنىڭ يوپۇرماقلارنى شاراقلىتىپ ماڭغان ئاۋازلىرىدىن قورقۇپ، سۇپىغا كېلىپ پالاسقا ئۆزۈمنى تاشلاپ يېتىپ، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدىم. قانچىلىك قارىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر يۇلتۇز ئېقىپ بېرىپ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان بىر دائىرىدە يوقاپ كەتتى. دېمەك، بىر يۇلتۇز ئېقىپ كەتتى. مومام دائىم: «ھەر ئادەمنىڭ ئاسماندا بىر يۇلتۇزى بولىدۇ. شۇ

ئادەم ئۆلگەندە ئۇنىڭ يۇلتۇزىمۇ ئېقىپ كېتىدۇ » دەيدىغان . بۇ چوقۇم لەھەل ھەدەمنىڭ يۇلتۇزى . ئەجەبمۇ يورۇق يۇلتۇزكەن .

شۇ ھالەتتە ياتقىنىمدا ئاپامنىڭ ئىشىك ئالدىدا بىر ئايال بىلەن نېمىلەرنىدۇر دېيىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى . سۇپىدىن چاچراپ تۇ-رۇپ ئىشىك كەينىگە كېلىپ گەپكە قۇلاق سالدىم .

— ئىككى قات ئىكەن ئەمەسمۇ ، دادىسى قاتتىق ئۇرۇپتۇ-تۇدەك...... ئۇنىڭ ئۇستىگە بالا چۈشۈرىدىغان دورىنى كۆپ ئىچۈەت-كەن چېغى...... ۋاي...... ئۇنىمۇ دەيمىز ، بۇنىمۇ دەيمىز ، رىزقى شۇنچىلىك ئوخشايدۇ .

پۇتلىرىمنى يۆتكەشكە مادارىم قالمىدى . ئىچ - ئىچىمدىن بىر خىل غەزەپ قوزغىلىپ ، يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرىدىن : «نېمە ئۇچۇن ئۇنىڭ رىزقى شۇنچىلىك ئاز بولىدۇ ؟ » دېگەن چۇقان كۆتۈرۈلەتتى . نېمە ئۇچۇن ؟...... زادى نېمە ئۇچۇن لەھەل ھەدەمنىڭ ئىككى قات بولۇپ بالا تۇغۇشى گۇناھ ھېسابلىنىدۇ ؟ نېمە ئۇچۇن ئۇ باشقا ئاياللاردەك مۇبارەكلەشلەرگە ئېرىشىشنى خالىماي ، دورا ئىچىدۇ ؟......

بۇلارنى ئويلاپ مېنى تېخىمۇ يىغا تۇتتى . ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىدىم . ھېلىقى ئايال بىلەن خوشلىشىپ كوچىدىن كىرگەن ئاپام مېنىڭ يىغلاۋاتانلىقىمنى كۆرۈپ :

— نېمە بولدۇڭ ؟ بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇڭمۇ - نېمە ؟— دېدى .

— لەھەل ھەدەم ئۆلۈپ كەتتى ، ئەمدى قانداق قىلىمەن ؟— دەپ تېخىمۇ ئېسەدەپ يىغلاپ كەتتىم .

مېنىڭ گېپىم بىلەن ئاپام بىرھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپلا قالدى ، ئاندىن قاپاقلىرىنى تۈرۈپ ، چىرايىدىن مۇز ياغدۇرغان ھالدا :

— ھە ، شۇنىڭغا پوتلاڭنى ئېقىتىپ يىغلاپ كېتىپسەن - دە ! تۇۋا ، ماۋۇنىڭ قىلىپ ئولتۇرغان قىلىقىنى قاراڭلار ، ئۇنۇڭنى ئۆ-چۈر ! شۇنچىۋالا يىغلاپ ھازا ئاچقۇدەك ئۇ سېنىڭ نېمەڭ ئىدى ؟— دېدى .

نەدىن كەلگەن جاسارەت ، بىلمەيمەن ، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن يەرنى تېپىپ ۋارقىراپ :

— ئۇ مېنىڭ لەھەل ھەدەم …… ئۇنى مەن ئالاتتىم !— دېدىم .

— ۋاي ، بېشىغا بالا تاپقۇر ، بۇ گەپنى بىر دېدىڭ ، ئىككىنچى ئاغزىڭغا ئالغۇچى بولما . ئۇنى ئالاتتىم دەپ ئەمدى سەن چىقتىڭمۇ ؟ ئەمەت لەھەلنى ئالىمەن دېگەن بىچارە بالىنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرگىلى ئاز قاپتۇ…… ئۇلار گۇناھلىق بەندىلەرمىش…… توۋا…… قىز بالىنىمۇ شۇنچىۋالا ئۇرغان بارمۇ؟ پۈتۈن بەدىنى كۆككەن…… دۇنيادا شۇنداقمۇ باغرى تاش ئادەملەر بار ئىكەن . قىزىنى بولۇشىغا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپ ئەمدى يىغلىغاننىڭ نېمە پايدىسى ؟ كۆزىگە ياغاچ تىقسا بولىدۇ ئۇ دىلى كورلارنىڭ…… يوغانچىلىقىنى قويۇپ توينى قىلىۋەرگەن بولسا شۇ ئىش يوق . يېتىم بولسا نېمە بوپتۇ ؟ كىمنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆلمىگەن ؟ ئايىغىدىن شامال ئۆتۈپلا تۇرسا يوقنى بار قىلماسمىدى ؟……

ئاپام مېنى جىملەپ ، بىردىنلا ئۆزىچە ئەنە شۇنداق سۆزلەپلا كەتتى . كېيىن چوڭ بولغانچە شۇ چاغدا لەھەل ھەدەمنىڭ مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدىكى ئورنىنى تېخىمۇ تولۇق ھېس قىلىشقا باشلىدىم .

يىللار ئۆتۈپ كەتتى . بىزنىڭ بۇ خىلۋەتتىكى يېزىمىزدا ھايات يەنىلا بىر خىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتىدۇ . ھېچ نەرسە ئۆزگەرگىنى ۋە يوقالغىنى يوق . پەقەت سۈيى ئەلۋەك ، مۇنبەت تۇپراقلىق يېزىمىزدا ئەمدىلا دۇنياغا بوي تارتىپ ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈزەل سۈپەت بىر پەرى خىلۋەتتىكى كىچىككىنە بۇ يېزىمىزنىڭ جۇدۇن - چاپقۇنىدا توزۇپ كەتتى . بۇ گۈلنىڭ بۇ يەردە ئۆسكەنلىكىدىن ، ياشىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ ، يېزىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى ساي بېشىغا جايلاشقان قەبرىستانلىقتا ئاددىي بىر قەبرە قاتۇرۇلدى . قەبرىنىڭ ئەتراپىدا گۈللەر يىل بويى ئېچىلىپ تۇراتتى . بۇ يەردىكى بارلىق كىشىلەر بۇنى كىمنىڭ قىلغىنىنى ئەلۋەتتە بىلىشەتتى . لەھەل ھەدەمنىڭ چوڭايتىلغان چىرايلىق سۈرىتىمۇ شۇ بىرلا كىشىنىڭ ئۆيىدىكى تۆرتامدا تا ھازىرغىچە رامكىغا ئېلىنىپ تۇراتتى . ھېيت كۈنلىرى ھېيتلىشىپ

كىرگەن يېزىلىقلار ئۇنى كۆرۈپ ، گويا ئۆزلىرىنى گۇناھقا پاتقاندەك ھېس قىلىشاتتى......

ئادەمنىڭ روھىغا تەسىر قىلغان ئىشلار پەقەت ئۇنتۇلمايدىكەن . باللىق چاغلىرىمدىكى نۇرغۇن ئىشلار ئۇنتۇلۇپ كەتتى . لېكىن ، بۇ ئىش خۇددى ھېلىلا يۈز بەرگەندەك ئېنىق ئېسىمدە ، لەھەل ھەدەم ھېلىمۇ ھاياتتەك ، ئۇ خۇددى دۇنيانىڭ بىر يېرىدە مۇھەببەتنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھېسسىياتىنى ھېچقانداق نەرسىگە تېگىشمەيدىغان ئاشىق - مەشۇقلار بار يەردە ياشا-ۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ . ئادەملەر مىغىلداپ يۈرگەن ئاۋات رەستىلەردىكى جۈپتى بىلەن كېتىۋاتقان بەختلىكلەر قاتارىدا لەھەل ھەدەمنى باردەك ھېس قىلىمەن . بەلكىم ئۇنى كىشىلەر ئاشۇ يوپۇق يېپىلغان تاۋۇتقا سېلىپ ، تۇرلۇك مەنىۋى توسۇقلار بىلەن تولغان بۇ دۇنيادىن ئىنسان ئەركىنلىكى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشقان ، ياخشىلىق ، ئاسايىشلىق ، خۇ-شاللىققا تولغان ، دۇنيانىڭ بەك يىراق يېرىدىكى پەقەت بەخت ۋە خۇشاللىقلا بار جايغا ئۇزىتىپ قويغاندۇ . ئۇ ھازىر شۇ يەردە ياشاۋات-قاندۇ . ھازىرمۇ ھېلىقى سولىياۋ ئايغىنى كىيىپ جەننەت يوللىرىدا كېتىۋاتقاندۇ . ئەتراپىدا ئويناپ يۈرگەن باللارغا بۇرۇنقىدەك يېقىم-لىق تەبەسسۇم قىلىپ : «ئويناۋاتامسىلەر باللار ؟ » دەۋاتقاندۇ . ئەپ-سۇس ، ئۇ باللار ئارىسىدا مەن يوق .

ئەسلىدە ئىنسانلارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى بۇ دۇنيادىلا ئەمەلگە ئاشسا بولاتتى . بىراق ، بىز ئارمىنىمىزغا يېتەلمىگەن بەندىلەر ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىپ ، ئۈمىدىمىزنى يەنە بىر دۇنياغا باغلايدىكەنمىز . بۇن-داق ياخشى چارىنى كىممۇ ئويلاپ تاپقان بولغىيدى ؟ !......

— قاراڭغۇ ئاسمانغا قاراپ ئەجەب ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتىڭىز-غۇ ، نېمىنى تاماشا قىلىۋاتىسىز ؟

بۇ مېنىڭ ئايالىمنىڭ — بىرچاغلاردا مەن توخۇسىنى قوغلىغان ھېلىقى قوشنىمىزنىڭ قىزى تۇرسۇنئاينىڭ ئاۋازى ئىدى .

مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدىم .

— ۋىيەي ، قاراڭ ، ئاۋۇ بىر يۇلتۇز ئېقىپ كەتتى .

— ھە ، يەنە ئاقتىمۇ ؟

— بايىمۇ ئاقىقانمىدى .

— ھە ، ياق......

مەن ئايالىمنىڭ سىنچى كۆزلىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئاسمانـ
غا قارىۋالدىم .



# قۇمۇش كۆل

قۇمۇش كۆل — ئەتراپى قۇمۇشلار بىلەن ئورالغان، يېزىچە ياۋا غازلار ماكان تۇتۇپ كۆپىيىدىغان كىچىك كۆل. بۇ كۆل نامى بار كۆللەردىن ئەمەس، بۇ كۆلنى پەقەت مۇشۇ يېزىدىكىلەرلا بىلىدۇ.

بۇرۇن بىزنىڭ ئۆي مۇشۇ كۆل ياقىسىدىكى مەھەللىدە ئىدى. ئاتا-ئانىمىز بۇ كۆل ھەققىدە تۈرلۈك قورقۇنچلۇق رىۋايەتلەرنى سۆزلەپ، بىزنى بۇ كۆلگە بېرىشتىن توساتتى. بىراق، مەھەللىدىكى بىرنەچچە بالا بىر بولساقلا كۆلگە بېرىپ ياۋا غاز باللىرىنى تۇتاتتۇق. بىر كۈنى قۇمۇش كۆلدىن قايتىپ كېلىۋاتساق، ئالدىمىزغا روزى موللام ئۇچراپ قېلىپ، ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان نەبىنىڭ بىلىكىدىن كاپ قىلىپلا تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىنچىكە، ئاپتاپتا قارىداپ، يېرىلغان پاچىقىغا تىرنىقى بىلەن سىزىپ كۆردى-دە، ئاپپاق كېپەك ئۆرلەپ چىققىنىنى كۆرۈپ: «ھوي، دەھرىلەر، يەنە شۇ قۇمۇش كۆلگە بېرىشىپسەن-دە! ئۇ يەرگە دەسسەشمە دېمىدىممۇ سەن ياغاچ قولاقلارغا؟! شەرتلىك جايلارغا قالايمىقان دەسسەشسەڭ يۇرتقا ئاپەت ياغىدۇ. قولۇڭ تۇتماس، پۇتۇڭ باسماس بولۇشىدۇ، بەتبەختلەر!» دەپ قايناپ كەتكەنىدى.

مەن قۇمۇش كۆلگە بارما دېگەن گەپلەر تەكرارلانغانسېرى كۆپ بارىدىغان، ھەتتا كېچىلىرى يالغۇز بارىدىغان بولدۇم. ئاپام دائىم دەيدىغان قۇمۇش كۆل ئاستىدا ياشايدىغان پەرىزاتنى كۆرۈپ باققۇم، ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە ئېيتىدىغان دەردلىك ناخشىسىنى ئاڭلاپ باققۇم كېلەتتى.

بىر كۈنى كەچتە قۇمۇش كۆلگە بېرىپ، كۆل ياقىسىدا — قۇمۇشلار ئارىسىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كۆلنىڭ كېچىلىك مەنزى-

رىسنى تاماشا قىلىۋاتاتتىم . تۇيۇقسىز بىر ياۋا غاز ئۇچۇپ كېلىپ كۆل ئوتتۇرىسىدىكى قومۇشلۇققا قوندى .قومۇشلار لىڭشىپ ،سۇ يۈ-زى داۋالغۇدى .ياۋا غازنىڭ شەپىسىدىن قورققان بىرنەچچە پاقا كۆلگە چولتوڭشىدە سەكرىدى .سۇ يۈزىدىكى ئاينىڭ شولىسى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتتى . قومۇشلارنىڭ شولىسىمۇ پارچىلىنىپ ، گويا سانسىز يىلانلار مەن تەرەپكە ئۈزۈپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ مېنى قورقۇنچ باستى . قاچماقچى بولۇپ كەينىمگە ئۆرۈلۈپ بىرقەدەم ئېلىشىمغا پۇتۇم مۇزدەك يۇمشاق بىرنەرسىنى دەسسىدى . قورققىنىمدىن ئاۋازىم چىقماي قالدى . سۇس ئاي يورۇقىدا ئېڭىشىپ قاراپ ، پۇتۇم ئاستىدا يوغان بىر چار پاقىنىڭ مىجىلىپ ياتقىنىنى كۆردۈم . تېنىمنى دەھ-شەتلىك سۇر باستى . شۇندىلا قاتتىق ۋارقىراپ ، يىغلاپ قومۇشلارنى شاراقلىتىپ يۈگۈرگەنچە مەھەللىگە قاراپ سوزۇلغان چىغىر يولغا چىقتىم . نەدىن بىلەي ، ئالدى تەرەپتىن بىرنەچچە ئىت ماڭا قاراپ قاۋاپ كېلىۋېتىپتۇ . چىرقىرىغانچە كەينىمگە — قومۇش كۆلگە قاراپ قاچتىم . قومۇشلۇققا ئەمدى يېتىشىمگە بىر ئىت يېتىشىپ كېلىپ مېنى بېسىۋالدى . مەن بېشىمنى قولۇم بىلەن ياپقىنىمچە دۈم يېتىۋالدىم . ئىتنىڭ دۈمبەمنىڭ بىرنەچچە يېرىنى چىشلىگىنى ئېسىمدە . بىرنەرسىنىڭ «تاڭ» قىلغان ئاۋازى بىلەن ئۈستۈمدىكى ئىت سەك-رەپ تۇرۇپ كەتتى ، ئاندىن ھېلىقى ئاۋاز يەنە بىر رەت ئاڭلاندى . بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، گۈرجەك تۇتۇۋالغان بىرىنىڭ ئىتنى قوغلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردۈم . ئۇنىڭ ئالدىدا بايىقى بىرنەچچە ئىتمۇ قېچىپ كېتىۋاتاتتى . گۈللۈك دوپپاڭلى كوپتامنىڭ تىتما ـ تىتما بولۇپ ، دۈمبەمنىڭ ئىت چىشى بىلەن زېدىلەنگەنلىكىنى بىلدىم . ئۆي بولغان بولسا ئاتا- ئانامغا خەتىرلىك قىلىپ ئۇنۇمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ يىغلار ئىدىم . بىراق ، بۇ يەردە يىغامنى ئاڭلىغۇدەك ھېچكىم يوق . مەن تۇغۇلۇپ تۇنجى قېتىم غېرىبلىق ، بىچارىلىك ھېس قىلدىم . شۇ چاغدا ھېلىقى گۈرجەك تۇتقان كىشى يېنىمغا كېلىپ ، گەپ قىلمايلا ئۈستىدىكى ئاق كۆڭلىكىنى سېلىپ ، يېڭىنى يىرتىپ ، دۈمبەمدىكى قان ئىزلىرىنى ئېرتتى . مەن ئۇنىڭ ئىنچىكە ، ئۇزۇن تۇرقى ۋە

گۆدەكلىك چىقىپ تۇرىدىغان يۈزلىرىدىن مەندىن بىرنەچچە ياشلا چوڭ 18 — 19 ياشلاردىكى ئوغۇل بالا ئىكەنلىكىنى بىلدىم .
— ئۆيىڭىز نەدە ؟
— ئاۋۇ مەھەللىدە .
— بۇ كېچىدە بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسىز ؟— بۇ سوئال رەنجىش تەلەپپۇزىدا قوپال ئېيتىلدى .
— كۆل ئاستىدىكى پەرىزاتنى كۆرگىلى ، ناخشىسىنى ئاڭلىغىلى كەلگەنتىم .
— ئوبدان بوپتۇ ، ئەمدى بۇ كۆل يۈز يىلغىچە سىزنىڭ چىرقىراق ناخشىڭىزنى ئۇنتۇمايدىغان بولدى . يۈرۈڭ ، ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي .
مېنىڭ ئېسىمدە بايىقى دەسسىۋەتكەن پاقا بولغاچ ، يەرگە قاراپ ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىشقا باشلىدىم . بۇ ھالىمنى كۆرگەن بالا يالاڭ ئاياغ پۇتۇمنى ئاياۋاتىدۇ ، دەپ چۈشەندى بولغاي ، بىلىكىمدىن تۇتۇپ يېتەكلىدى . ئاۋاق قولۇم كىچىلۈك بىر قولنىڭ ئارىسىدا ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇپ كېتىۋاتاتتى .
— ھەلىمە ھەدەمنىڭ ئوغلى ، — دېدى ئاپام قارىمۇتۇق بالا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، — ياخشى شۇ بالىغا ئۇچراپ قاپسەن ، بولمىسا ئىتلار يەپ كېتەتتىكەن . قانچە قېتىم دېدىم ساڭا شۇ كۆلگە بارما دەپ .
— بىچارە بالا ، كىچىك تۇرۇپلا جاھاننىڭ غېمى بېشىغا چۈشتى . ئەخمەت مۇئەللىمنى ئۇنسۇر دەپ تۇتۇپ كەتكەندىن كېيىن ، بالىسىنى دۈينىڭ ئېغىر ئىشلىرىغا سېلىۋاتىدۇ .مۇشۇ كېچىدە ئۇيقۇسىز سۇ تۇتۇپ يۈرۈپتۇ .كىچىك بالا ئىدى .بۇنداق بالىلارنىڭ ئوينايدىغان ، قانغۇدەك ئۇخلايدىغان چاغلىرى ئىدى . ھەي...... جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ ، — دېگەندى دادام ئېغىر تىنىپ .
شۇ كېچە مېنى دۈمبەنىڭ ئاغرىقىدىن بەكرەك ، سۇ تۇتۇپ يۈرگەن ئاشۇ بالا ، ئۇنىڭ دۈمبەمدىكى قاننى ئېرتقاندىكى ئىسسىق قولى ، بىلىكىمنى تۇتۇپ ماڭغاندىكى روھىمنىڭ ئۇنىڭغا شەرتسىز ئەگىشىپ

مېنىڭشى، ھاياتىمدا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىچكى ھېس - ھاياجانلار ئۇرغۇلاتمىدى. شۇ چاغقىچە مەن ئوغۇل بالىلاردىن تارتىنىپ باقمىغاندىم، ئۇلارنىڭ ئالدىدا قىلچە تارتىنماي ئاغزىمنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ۋاتىلداپ سۆزلەيتتىم. بىراق، بۈگۈن ئۇ بالىنىڭ ئالدىدا ئوچۇق دۇمبەمدىن نومۇس قىلدىم. ئۇ بالا ماڭا تەنە قىلىپ: «قو- مۇش كۆل چىرقىراق ناخشىڭىزنى يۈز يىلغىچە ئۇنتۇمايدىغان بولدى» دېسىمۇ زۇۋان سۈرمىدىم. باشقا چاغ بولسا ماڭا قاتتىق تەگكەن ئادەمنى ھېچبولمىسا ئىككى ئېغىز تىللاپ قېچىپ كەتكەن بولار ئىدىم. مانا ھازىر نېمە ئۈچۈن ئۇ بالىغا بويسۇنۇپ قالغىنىمنى چۈشەنمەيتتىم. ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ئۈچۈنمۇ؟ كۆڭلۈمنىڭ بىر يەرلىرى بۇ خىيالىمنى رەت قىلاتتى. قەلبىمنىڭ ئۆزۈم ھېس قىلمى- غان پىنھان بوشلۇقلىرىدا ئاجايىپ بىر شېرىن ھېسلارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقىنىنى سەزدىم. لېكىن، مەن ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەن قىز ئىدىم. بۇ ھېسلارنى چوڭلاردىن ئاڭلىغان بەزى گەپلەرگە باراشقا نومۇس قىلاتتىم.

شۇ ئىشتىن ئۈچ يىل ئۆتكەن بىر كۈزدە يېزىلىق ئىتتىپاق تەشكىلى بىزنى يېزىدىن ھەربىي سەپكە تاللانغان بەش ياشنى ئۇزىتىشقا تەشكىللىدى. يېزىدىن ناھىيەگە بارىدىغان شېغىللىق يولنىڭ ئىككى چېتىدە قوللىرىمىزدا قەغەز گۈللەرنى تۇتقان ھالدا ئۇزاتماقچى بولغان ياشلارنى كۈتتۇق. ئالدىدا قاۋۇل بەش يىگىت، كەينىدىن ئۇلارنى ناھىيەگە ئاپىرىپ قويىدىغان ئات ھارۋىسىنى ھەيدەپ، ماخۇغا قارايدى- غان سىلىم بوۋا كېلىۋاتاتتى. بەش يىگىتنىڭ مەن تەرەپتە ماڭغىنى دەل ھېلىقى ئەخمەت مۇئەللىمنىڭ ئوغلى ئىدى. «دىلمۇرات» دەپ توۋلىغۇم كەلدى - يۇ، ئاۋازىمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. ئۇنىڭ مەندىن يىراققا كېتىدىغىنىنى ئالتە كۈن بۇرۇن بىلگەنىدىم. لېكىن، بۇ كۈن مەڭگۈ كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. ھازىر ئۇنى ئۇزاۋاتقانلار قاتارىدا كۆرۈپ، بۇ ئىشنى ئەمدىلا ئۇققاندەك ئەندىكىپ كەتتىم. ئالتە كۈن بۇرۇن ئۇ شۇ كۆل بويىدا ماڭا قاراپ تۇرۇپ: «بىلەمسەن زۇلپىيە، ماڭا ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ بەرسىمۇ ساڭا تەڭ قىلمايمەن، سەندىن

باشقىسىنى پەرىزات بولغان تەقدىردىمۇ ئالمايمەن . مەيلى قەيەردىلا بول ، سېنىمۇ مەندىن بۆلىكى ئالالمايدۇ» دېگەنىدى .

ئۇنى شۇ كۈنى كۆپچىلىك بىلەن بىر قاتاردا ئۇزىتىپ قويدۇم ، يەنى مەشۇقى سۆپىتىدە كۆيگەن يۈرىكىم بىلەن ئەمەس ، «ياشلار ۋەكىلى» سۆپىتىدە «قىزىل يۈرەك» بىلەن ئۇزىتىپ قويدۇم . ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ بىر يىلدىن كېيىن ، ئۇنىڭ ماڭا يازغان بۇرۇنقى خەتلىرىگە مەزمۇن جەھەتتىن زادىلا ئوخشىمايدىغان ، ئۇمۇچۇكنى سىياھقا چىلاپ قەغەز يۈزىگە قويۇپ بەرگەندەك سەت پوچېركا بىلەن يېزىلغان «مېنى كۈتمە» دېگەن خېتىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۆزۈمنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالدىم . ئۇچ ئايدىن كېيىن ئۇنىڭغا بولغان قېيداش ، يېزىدىن بىزار بولۇش ، شەھەرگە ، كادىرغا قىزىقىش ھېسلىرىم بىلەن ھامىمام «كادىر ، ياخشى يىگىت» دەپ ماختاپ قولدىمغا قويۇۋەتكەن ، ئىلگىرى ھامىمامنىڭ ئوغلى بىلەن پات-پات ئۆيىمىزگە كېلىپ كۆزلىرىمگە مولۇندەك قارايدىغان بىر بالىغا ياتلىق بولۇپ ناھىيەگە كەتتىم .

توي قىلىپ ئالتە ئايغىچە ئىككى يەكشەنبىدە بىر يېزىغا ئاتا-ئانامنى كۆرگىلى كەلگەندە ، ئۇچامدىكى ئېسىل كىيىملىرىم ، ئۆزگەرگەن يۈرۈش- تۇرۇشلۇرۇمغا باشقىلارنىڭ قايىرىلىپ قارىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ يۈردۇم . راستىنى ئېيتسام ، مەن يېزىغا ئاتا-ئانامنى كۆرگىلى ئەمەس ، دوست - دۇشمەنلىرىمگە ئۆزۈمنىڭ راھەت تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىمنى كۆرسەتكىلى كەلگەندەك كېلەتتىم . ئالتە ئايدىن كېيىن مەن نىكاھتىن ئىبارەت بۇ ئۆمۈرلۈك چولڭ ئىشتا دەل ھازىرقى يولدىشىم ئۇستىلىق بىلەن قۇرغان تۇزاققا دەسسەپ ئالدانغانلىقىمنى بىلىپ قالغاندىن كېيىنلا ئاتا - ئانامنى ھەقىقىي سېغىنىپ يېزىغا بارىدىغان بولدۇم .

ئەمدى ھەممە نەرسە ئۆزگەرگەنىدى . يولدىشىمغا بولغان ھۆرمەت ، مۇھەببەت ھېسسىياتىنىڭ بىردىنلا ئۆچۈشى ھەممىنى ئۆزگەرتكەنىدى . توۋا دەيمەن ، كىشىدىكى ھېسسىيات ، بولۇپمۇ مۇھەببەت ھېسسىياتى چەكلىمىگە ، ئۆزۈڭ خالىمىغان دەھشەتلىك بىر زەربىگە

ئۇچراپ ئۆلسە ، تىرىك مۇردىنىڭ ئۆزىلا بولىدىكەنسەن . مېنىڭ شۇنى-
دىن كېيىن ئىككى يىلىم ھەسرەتنى ، دەردنى ئىچىمگە يۇتۇش ،
ئۈنسىز ياش تۆكۈش ، يولدىشىمغا يالغان ، ساختا كۈلۈمسىرەش ئاتا
قىلىش بىلەن ئۆتتى . يەنە بىر يىلدىن كېيىن بۇ ئىشلار ئاز كەلگەن-
دەك ، توغماس ئاتاق ئېلىپ قېيىنئانامنىڭ تاپا - تەنىسى بىلەن
يولدىشىمنىڭ ئېچىلماس قاپىقىنىڭ دەردىنى تارتىشقا باشلىدىم .
شۇنداق چاغلاردا ئاۋۋالقى دەردلىرىمگە دەرد قوشۇلۇپ يۈرىكىمنى
لەختە-لەختە قىلاتتى .

— ئايال كىشىنىڭ ئايدەك چىرايى بولغان بىلەن توغمىسا بىكار ،
مېكيان جېنىدا كۈنىگە بىر تۇخۇم تۇغىدۇ . مەرىيەمنىڭ قاپقارا زەڭگى
كېلىنى پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتىكەن ، پۈتۈن بىر ئائىلە بېشىدا
پەرۋانە بولۇۋاتىدۇ ،— دەيتتى قېيىنئانام ماڭا دارىتمىلاپ .

بىر كۈنى يان قوشنا ئايال بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدىم . ئۇ
غالىبلارچە گىدىيىپ تۇرۇپ :

— ئۆتەپ بارە ، توغماس خوتۇن ، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش تۆت
بالىنى ئالدىڭغا تىزىپ قويۇپ يوغان سۆزلە !...... دەپ تىللىدى .

پىنھان ھالدا دوختۇرغا كۆرۈنۈپ ، ئۇنىڭ «سىزدە ھېچقانداق
غەيرىي ئەھۋال يوق ، توغىسىز» دېگەن جاۋابىغىمۇ ئېرىشكەنىدىم .
لېكىن ، بۇ ئىشلارنى بۇلارغا سۆزلەپ نېمە قىلاي...... توغۇت پەقەت
ئىككى تەنگىلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، ھېسسىياتنى ، روھنى ئىنكار
قىلىدىغان بولسا مەنمۇ بۇ چاغقىچە ئىككى بالىنىڭ انىسى بولار ئىدىم .

مەن ئۈچ يىللىق ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزگەن ، ئالدانغانلىقىمنى بى-
لىشتىن ئىلگىرى ئازراق بولسىمۇ ياشلىق لەززىتىنى بېغىشلىغان ،
ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى بار بۇ كىچىك ھويلا ، تار ھۇجرىمىز ماڭا
بارغانسېرى گۆردەك قاراڭغۇ ، سوغۇق تۇيۇلىدىغان بولدى . بۇ ھويلى-
دىكى ھەممە نەرسە مېنىڭ كېتىشىمنى تىلەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى . يول-
دىشىمنىڭ يوغان مۇشتىنى كۆتۈرۈپ «ئۆيدىن چىق» دېگەن بۇيرۇقى-
نى چۈشۈمدىمۇ ئاڭلايتتىم . پەقەت ئاتا-ئانامنىڭ «ياش تۇرۇپ ئەردىن
چىقىپ يۈزىمىزنى تۆكىدىغان بولساڭ ، كۆزىمىزگە ئىككىنچى كۆرۈن-

گۆچى بولما . ئاجرىشىمەن دېسەڭ بىز ئۆلگەندىن كېيىن ئاجراش !» دېگەن تەنبىھلىرىنىڭ كۆچىدىنلا بۇ ئۆيدىكى بەختسىز كۈنلىرىمنى داۋاملاشتۇرۇپ ياشاۋاتاتتىم . مېنىڭ ئاتا-ئانام قانۇنىنىڭ نىكاھنى چەكلىگەن بىلەن ھېسسىياتنى چەكلىيەلمەيدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ ؟ ئاشۇ قىزىل رەڭلىك توي خېتى قىزىمىزنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ئېرىگە چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن دەپ ھېس قىلامدىغاندۇ ؟......

يولدىشىمنىڭ قايسىبىر ئايال بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ يۈرگىنىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم . بىراق ، پەقەتلا پەرۋا قىلغۇم كەلمەيتتى . بىر قېتىم ئۇ تەپ تارتمايلا :

— مېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەنلىكىمنى بىلىسەن ، شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا خېتىڭنى ئالمايسەن ؟ ئەڭ ياخشىسى ، تولا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي ئۆينى بىكارلا ، قاپاقباش !— دەپ ھاقارەتلىدى .

ئايال كىشى «مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» ، «ساڭا كۈنسېرى ئامراق بولۇپ كېتىۋاتىمەن» دېگەن ئەرنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن . ئۆزىنى رەت قىلغان ، «مەن ساڭا كۆڭۈلسىز» دېگەن ئەرنى ئۇنتۇمايدۇ . بۇ گەپنىڭ ئايال كىشى ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق سەت گەپتىنمۇ ئېغىر ئىكەنلىكىنى مېنىڭ يولدىشىم بولغان ئادەم بىلىپ تۇرۇپ قەستەن دېدىمۇ ياكى بىلمەي دېدىمۇ ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ . بىراق ، ماڭا ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەرقانداق گەپ بەرىبىر . مەن پەقەت ئاتا-ئانام ئۈچۈنلا ھەممىنى ئىچىمگە يۇتۇپ ياشىشىم كېرەك .

بۇنداق كۈنلەرمۇ ئۇزاققا بارمىدى . يولدىشىم ئاشۇ گەپنى قىلىپ نەچچە ئاي ئۆتمەيلا ھېلىقى بۇزۇق ئايالنى باشلاپ كىرىپ : «بىزگە ئورۇن سېلىپ بەر» دېگەندىلا مەن ئۆينى بىكارلاپ ، ناھايىتى يۈرەكلىك ھالدا ئاتا-ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم .

«سەن دۇنيانىڭ قەيىرىدە بولساڭمۇ سېنى مەندىن بۆلەكى ئالالمايدۇ .» مەن ھازىر دۇنيانىڭ بىرەر چېكىسىدە ئەمەس ، شۇ سۆز ئېيتىلغان قۇمۇش كۆل بويىدا تۇرۇۋاتىمەن ، مېنى سەن ئەمەس ، باشقا بىرسى ئېلىپ قويۇپ بەرگەن تۇل ئايالمەن . باشقا بىرسىنىڭ

قانۇنلۇق ئايالى دېگەن بىر قەۋەت يېپىنچام مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئاللىقاچان چۈشۈپ كەتكەن . مەن ھازىر ئۆزۈمگە پاك ، دۇرۇس ئايال دەپ باھا بەرسەممۇ ، باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنداق ئەمەسمەن ، مېنىڭ كېيىنكى ھېسسىياتسىز ، خۇددى تىرىك مۇردىدەك ئۆتكۈزۈۋاتقان كۈنلىرىم ئۇلارغا نامەلۇم . ئاددىيسى ، مەھەللىنىڭ بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتقان بالىلىرىمۇ چاقچاق قىلغان بولۇپ : «ئويناپ كەلمەيمىزمۇ زۇلپىيە ھەدە» دەپ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرىدۇ . ئۇلار بۇ گېپىنى ھەرگىز يولدىشى بار باشقا ئاياللارغا دېيەلمەيدۇ . چاقچاقتا نۇرغۇن يوشۇرۇن مەنىلەرنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ . ئۇلار بۇ چاقچىقى ئارقىلىق مېنىڭ بۇنداق گەپلەرگە باشقا ئاياللاردەك قاتتىق كاچات بىرەلمەي ، كۆزلىرىمدىكى ھەرقانداق ھېسسىياتتىن خالىي سوغۇق نۇرنى تەقدىم قىلىپ ، ئۇن - تىنسىز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىمنى ئىپادىلەيتتى . ئۇلار نېمە ئويلىسا ئويلاپ ، نېمە دېگۈسى كەلسە دەۋەرسۇن . قەلبىمنىڭ قانداقتۇر پىنھان بوشلۇقىدا پەقەت سەنلا بار ئىدىڭ . ئەگەر سەن مېنىڭ ئېرىم بولمىغان تەقدىردىمۇ ، مۇشۇ ئەتراپتا بىر يەردە ، مېنىڭ قانداق ھالەتتە ياشاپ ئۆتۈۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بىر يەردە بولغان بولساڭ مەن بۇنداق تىرىك تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتمەسمىدىمىكىن . دۇنيادا مېنى پەقەت بىر سەنلا بويسۇندۇرالايتتىڭ . بىرلىرى بوينۇمغا قولىنى سېلىپ زورلۇق قىلماقچى بولغانلىرىدا خۇددى قوزىغا ئوخشاش تېپىرلاپ بوشىنىۋېلىپ ، سېنىڭ تارتىنىپ تۇرۇپ قولۇمنى ئالىقىنىڭغا ئالغان ھالىتىڭنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم . قانداق ئېسىل ، غۇبارسىز چاغلار ئىدى شۇ-ھە ؟ ! بەزى كېچىلىرى سېنىڭ ماڭا مىختەك قادالغان كۆزلىرىڭنى چۈشەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن . سېنىڭ چۈشۈمدىكى «بۇ كۈنلەرنى قانداقمۇ ئۆتكۈزۈۋاتقانسەن زۇلپىيە» دېگەندەك ھېسداشلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىڭ بىرنەچچە ئاي مېنى ئۆلۈك تۇرمۇشتىن يىراقلاشتۇرۇپ روھلاندۇردى . ئەسلىي مەندىكى ھېسسىياتنىڭ ئۆلۈشى سېنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ باشقا بىرى بىلەن توي قىلغان شۇ كۈندىن باشلىنىپتىكەن .

«مەن ئۇنى كۆرمەي ، ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرماي » دەپتىكەنسەن ھەربىي سەپتىن تۇغقان يوقلاپ كېلىپ بىر كۈنى دوستلىرىڭغا . مەن توي قىلىپ ئالتە ئايدىن كېيىن ھېلىقى قاغا پۇتى سەت خەتنىڭ ياسالما خەتلىكىنى ، ئۆزۈمنىڭ ئالدامچىلىقنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەنلىكىمنى بىلىپ قېلىپ ، يولدىشىم بىلەن جېدەللەشكىنىمدە ، ئۇ كۆزلىرىنى پىيالىدەك چوڭ ئېچىپ ، پارقىرىتىپ تۇرۇپ : «شۇنداق قىلمىسام سىېنى قولىغا چۈشۈرەلەيتتىممۇ ؟ » دېگەنىدى . مۇھەببەت ئويغانغان يۈرەك ئەڭ ئاۋۋال سەممىي ، ساپ يۈرەك بولۇشى كېرەكتىمغۇ ؟ مۇھەببەتكە سۇيىقەست ئارقىلىق ئېرىشىشتىنمۇ يانمايدىغان ، ئۆز قەلبىدىكى ھېسسىيات بىلەن باشقىلارنىمۇ شۇ ھېسسىياتنى تەلەپ قىلىدىغان شەخسىيەتچىلىكمۇ مۇھەببەت ئاتىلامدۇ ؟

سېنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ئايالىڭ ، بىر-بىرىدىن ئوماق ئىككى بالاڭ بارلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدىم . تۇنۇگۈن «دىلمۇرات ئايالىنى ئېلىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر پۈتۈن يېزىغا تارقالدى . بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن باشلاپلا سېنى كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان ئۆز ئاپاڭدىنمۇ بەكرەك كۆرۈشكە ئىنتىزار بولدۇم . سەن بىرچاغلاردىكى ئۆرە ياقىلىق ، دۈمبىسى ئۆڭكۈپ كەتكەن خادانى چاپان ، كىرلەشكەن شەپكە كىيىۋالىدىغان قارىمۇتۇق ، ئاۋاق دىلمۇرات ئەمەس ئىدىڭ . قېنىق رەڭلىك شىم - كاستۇم ، ئاق كۆڭلەك ، قىزىل يوللۇق گالىستۇك غوللۇق بەستىڭ ، ئاق ، پارقىراق يۈزلىرىڭگە شۇنچىلىك ياراشقانىدى . ماڭا سېنىڭ ھەممىلا يېرىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى . لەۋلىرى داۋاملىق كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان ، سۈزۈكلۈكتىن چېكە تومۇرلىرى كۆرۈنىدىغان ، ئوشۇقىغا كېلىدىغان ئۇزۇن قارا كۆڭلەك كىيىۋالغان ، چەت ئەللىككە ئوخشايدىغان ئايالىڭنى كۆرگەندە ئۈنسىز ئۇھ تارتتىم .

— دىلمۇراتنىڭ ئايالى بەك چىرايلىق ئىكەن ، زۇلپىيە قولىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدىكەن .

— ياخشى زۇلپىيەنى ئالماپتىكەن ، يا بالا يۈزى كۆرەلمەي ، يا

بۇ سۆيۈقنى باشقۇرالماي يۇمشاقباش بولۇپ ئۆتەتتىكەن .

— مۇشۇ زۇلپىيەنىڭ قىلغان ئەلىمگە چىدىماي كەلمىگەنغۇ بۇ يەرگە ، كەلمىگىنىمۇ قەۋەتلا ياخشى بوپتىكەن . بولمىسا سەھرادا توپىغا مىلىنىپ ئىشلەپ كۈنى ئۆتەرئىدى .

ئۆلۈۋېلىشنىڭ ئورنى يوق ، مېنى چىرايىغا لايىق كۆڭلى يوق دەپ چۈشىنىدىغان ئايالىلارنىڭ ئاغزى شۇ كۈنى سېنى كۆرۈپلا بۆلەكچە ئېچىلدى .

— ياخشىمۇسەن ؟— دېدىڭ كۆزلىرىمگە تىك قاراپ . مەن سې-نىڭ ئاۋازىڭ ، قاراشلىرىڭنىڭلا ئۆزگەرمىگىنىنى ھېس قىلدىم .

— ئۆيلەرگە كىرەرسەن - ھە ، زىنىنەتنى باشلاپ ، — ئايالىڭنىڭ باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ئىسمىنى خۇددى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قوي-غاندەك ھودۇقۇپ كەتتىم .

— كىرىمىز ، سەنمۇ ئۆي تەرەپلەرگە ئۆتەرسەن .

بىزنىڭ 19 يىلدىن بۇيان كۆرۈشمەي ، قىلىشقان تۇنجى سۆھبى-تىمىز ئاشۇنداق قىسقا بولدى .

كۆل بويىغا كەلدىم . قومۇش كۆلنىڭ سۈيى ھازىر بۇرۇنقىدەك سۈزۈك ئەمەس ، بارا - بارا بۇلغىنىۋاتقان مۇھىت بۇ كۆلگىمۇ تەسى-رىنى كۆرسەتكەن . ئەخلەت - چاۋارلار لەيلەپ يۈرگەن كۆل يۈزى ، قىرغاقتا يېقىن جايلاردىكى پاقا لەشلىرى ، ئۇ تەرەپتىكى بوش يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان قىغنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇ كۆلنىڭ گۈزەل مەنز-رىسىنى خۇنۇكلەشتۈرگەنىدى . كۆل بويىدىكى ياپراقلىرىغا توپا قون-غان ئېگىز قومۇشلار قۇلىقىمغا ھازىرمۇ «مەن سەندىن باشقىسىنى ئالمايمەن ، سېنىمۇ مەندىن باشقىسى ئالالمايدۇ !» دېگەن سۆزنى تەكرارلاۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

# تەلەيلىك ئايالنىڭ ھەسرىتى

مەن ئەقلىمنى تاپسام ئۇلار بىزنىڭ تام قوشنىمىز ئىكەن . دائىم مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى كىرەتتىم . ئۇ ئايال مېنى سۆيۈپ ، ئەركىلىتىپ ، قوللىرىمغا كەمپۈت - پېچىنىلەرنى تۇتقۇزۇپ قوياتتى......

ئۇنىڭغا كىچىكىمدىنلا ئىچىكىپ كەتكەنلىكىمدىنمۇ ياكى ئۆمرۈمدە بۇنداق چىرايلىق ئايالنى كۆرمىگەنلىكىمدىنمۇ ، ئەيتاۋۇر ، ئۇنىڭغا قەۋەتلا ئامراق ئىدىم . شۇڭا ، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدىمۇ ھەر تەتىلدە كەلگىنىمدە تونجى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەھۋال سوراپتتىم . ئۇمۇ ھەر كەلگىنىمدە مېنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلماي قالمايتتى . ئۇنىڭ يولدىشى ئاسىمكام ناھايەمىزنىڭ داڭلىق ئىنژېنېرى ئىدى . قاپقارا يۈزلىرى كۆيۈكتىن قالغان تاتۇق تۇپەيلى بەكمۇ سەت كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم ناھايىتى خۇش چاقچاق ، ئوچۇق كىشى ئىدى .

ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ھەممە ئادەمنىڭ مەستلىكى كېلەتتى . ئەر-ئايال ئىككىسى خۇددى مېھماندەك «سىلى - ئۆزلىرى» بىلەن بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ ئۆتەتتى . ئاسىمكام ئىشتىن چۈشكۈچە خالبۇۋى ھەدەم تاماق تەييارلاپ تۇراتتى . ئاسىمكام كەلگەندە ئوماق ئىككى قىزىنى ئۆزىنىڭ ئىككى يېقىغا ئولتۇرغۇزۇپ ، بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇشۇپ تاماق يەيتتى .

ئايدەك خالبۇۋى ھەدەمنىڭ ئاشۇ كۆرۈمسىز ئاسىمكام بىلەن بىللە ئۆتىۋاتقىنىغا قاراپ ، ئىچىمدە : «مۇھەببەتنىڭ كۆزى يوق دېگەن راست ئىكەن - دە» دەپمۇ قالاتتىم . مەھەللىدىكى ئاياللارنىڭ : «ئەر دېگەن ئاسىمدەك بولسا ، تاپقان پۇلىنى خالبۇۋىنىڭ قولىغا تۇتقۇز-

غان ، ئۆي دېگەن تويدىكىدەك ياساقلىق ، تېخى ئاسمىنىڭ ئۆي ئىشلى-
رىنى خالبۇۋىدىن تالىشىپ قىلىشلىرىچۇ ؟...... » دېگەن گەپ -
سۆزلىرى مەندە بۇ تەلەيلىك ئائىلىگە ، بەختلىك ئائىلىگە نىسبەتەن زوق
قوزغايتتى .

كۆركەم نەقىش ئىشلەنگەن پېشايۋانلىق كەڭ ، ئازادە بەش ئې-
غىزلىق ئۆي ، ئۆي ئىچىدىكى چوڭ شەھەرلەردىمۇ ئاز كۆرۈلىدىغان
چەت ئەل پاسونىدىكى ئۆي جاھازلىرى ، تۈرلۈك مېۋىلەر تىكىلگەن
باغ-هويلا بۇ ئۆينىڭ باي ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە ، بىر-بىرى بىلەن
دائىم چاقچاقلىشىپ ، ئىناق ئۆتىدىغان ئەر-ئايال ، خۇشال كۈلۈپ
يۈرگەن ئوماق باللار بۇ ئۆينىڭ شاد ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى .
مەنمۇ دائىم كېيىنكى كۈنلىرىمنىڭ خالبۇۋى ھەدەمنىڭكىدەك بولۇ-
شىنى ، ماڭىمۇ ئاسمىكامدەك ۋاپادار ئەرنىڭ ئۇچرىشىنى تىلەيدىغان
بولدۇم .

ئاردىن ئۈچ يىل ئۆتۈپ بۇ ئائىلىگە كۆز تەگكەندەكلا ئىش يۈز
بەردى . شۇنداق ساغلام ، كۈلگۈنچەك خالبۇۋى ھەدەم جىگەر راكىغا
گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالدى . دوختۇرلار داۋالاش ئۈنۈم بەرمەيدىغان-
لىقىنى ئېيتىپ ئۆيگە قايتۇردى .

شۇ كۈنى مەن ئۇنى يوقلاپ كىردىم . ئۇ كېسەل ئازابىدىن
ئورۇقلاپ ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ ، كالپۇكلىرى ئاقىرىپ ، قاڭشار-
لىرى يىپتەك ئىنچىكىلەپ كەتكەنىدى . ئۇنىڭ ئاشۇ چىرايلىق كۆزلى-
رىنىڭ ئىچكىرىسىدە بۇ دۇنيادىن ئۈمىد ئۈزگەن ئادەمنىڭ كۆزلىرىدە
بولىدىغان ئازاب ، چۈشكۈنلۈك ، ئېغىر مۇڭ ، ھەسرەت ، پىغان ئەكس
ئېتەتتى . ھېچقانداق كىشى ئەمدىلا 30 نىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ياش
چوكاننىڭ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆز يۇمىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيت-
تى .

ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولدى . لېكىن ،
ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساش ئۈچۈن :

— ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەڭ خالبۇۋى ھەدە ، بىرنەچچە كۈندىن
كېيىن ياخشى بولۇپ قالىسىز . قاراڭ ، ئۆتكەندىكىدىن خېلىلا تۈزى-

لىپ قاپسىز ، — دېدىم .

ئۇ مېنىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ياساۋاتقىنىمنى بىلىپ ، ئازاب بىلەن زورىغا كۈلۈمسىرىدى ۋە بىردىنلا مەن ئويلاپمۇ باقمىغان بىر گەپنى قىلدى :

— ئاينۇر ، ئەگەر مەن دۇنيادا ئۆزۈم كۈتكەندەك مۇھەببەتكە ئېرىشىپ باققان بولسام ھېچ ئارمىنىم قالمايتتى .

مەن ناھايىتى ھەيران بولۇپ :

— نېمە دەۋاتىسىز خالبۇۋى ھەدە ؟ ئاسمىكام سىزنى شۇنداق ياخشى كۆرىدىغۇ ؟مۇھەببەت بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق بولىدۇ ،— دېدىم .

ئۇ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن :

— ئاينۇر ، سىز تېخى كىچىك ، ھېچ ئىشنى بىلمەيسىز . بىلدە-مەن ، ئاسىم مېنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ . لېكىن مەنچۇ ، مەن ئۇنى پەقەت بىر ھىمايىچىم ، قارىغۇچىم سۈپىتىدىلا كۆرىمەن ، ئۇنى ھۆرمەت قىلىمەن ، لېكىن ئۇنى قىلچە ياخشى كۆرمەيمەن . كىشىلەر : «ھۆرمەت مۇھەببەت تۇغىدۇ » دەيدىكەن ، لېكىن مېنىڭ قەلبىمدىكى ھۆرمەت مۇھەببەتكە ھامىلىدار ئەمەس ئىكەن ، — دېدى .

بۇ چاغدا ئۆيگە ئىشتىن قايتقان ئاسمىكام كىرىپ گېپىمىز ئۈزۈلدى .

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى . بىر كۈنى كەچتە ئەتىكى ئۆتىدىغان دەرسنى تەييارلاپ ئولتۇرسام خالبۇۋى ھەدەمنىڭ چوڭ قىزى ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە ، ئېسەدەپ تۇرۇپ :

— ئاينۇر ھەدە ، ئاپام······ ئاپام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ ، — دېدى .

مەن ئالدىراپ - تېنەپ يۈگۈرگىنىمچە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىردىم . خالبۇۋى ھەدەم كارىۋاتتا ئوڭدىسىغا ياتاتتى . ئۇ ئىشىك ئېچىلغىنىنى كۆرۈپ بېشىنى سەل قىيسايتتى ، مەن ئالاقزادىلىك بىلەن كارىۋات قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرغان ، تاتىرىپ كەتكەن ئاپپاق يۈزىگە قاراپ يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ كەتتى .

مەن كۆزلىرىدىن ياشلىرى ئۇزۇلمەي چۇشۇۋاتقان ئاسمىكامىنىڭ باش ئىشارىتى بىلەن كارىۋاتىنىڭ لېۋىگە ئولتۇردۇم .

خالبۇۋى ھەدەم بوش ئاۋازدا :

— ئاينۇر...... سىڭلىم ، ئىككى قىزىم قالدى . ئاۋۋىلى خۇدا ، ئاندىن ئاسىم بىلەن سىزگە تاپشۇرىمەن . قىزلىرىم ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرغۇدەك بولغۇچە ئۆز سىڭلىڭىزدەك كۆرۈپ قاراپ قويار-سىز ،— دېدى ۋە ياستۇقى ئاستىدىن مېغىز رەڭ بىر قول سومكىسى-نى چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى ، — بۇنى سىزگە يادىكارلىققا قالدۇرد-مەن . مېنى كۆرگەن كۆزدە كۆرەرسىز......

مەن ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە تۇرغان بۇ گۈزەل ئايالنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرىدىن سومكىنى ئېلىپ ئۈنسىز يىغلى-دىم .

شۇ كېچە سائەت 3تە خالبۇۋى ھەدەم نەپەستىن توختىدى . ئاھ خۇدا ! ئىككى قىز بىلەن ئاسمىكامىنىڭ يىغىسىغا ئەگەر ھېسسىياتى بولسا تاغ-تاشلارمۇ بەرداشلىق بېرەلمەس ئىدى .

خالبۇۋى ھەدەمنى يەرلىككە قويغان كۈننىڭ ئەتىسى سومكىنى ئاچتىم . مەن سومكىدا ئۆتكەنكى سۆھبىتىمىزگە مۇناسىۋەتلىك مۇ-ھىم بىرنەرسىنىڭ بارلىقىنى سەزگەنىدىم . چۈنكى ، خالبۇۋى ھەدەم ماڭا سومكىنى بېرىۋاتقاندا كۆزلىرىگە مەنىلىك قارىغانىدى . دېگە-نىمدەك ، سومكىدىن قېلىن بىر پارچە خەت چىقتى . خەتنى ئېچى-شىمغا ئۇستىدىكى ئايرىم بىر ۋارىقى ئۇچۇپ يەرگە چۈشتى ، مەن ئۇنى يەردىن ئاۋايلاپ ئېلىپ ئوقۇدۇم . خەتتە :

«سىڭلىم ئاينۇر ، سىزنى ئۆز سىڭلىم ئورنىدا كۆرۈپ ، ئىشى-نىپ بۇ ئىشنى قىلىۋاتىمەن . سىز بۇ خەتنى مەكتىپىڭلاردىكى ماخ-مۇت مۇئەللىمگە بېرىپ قويۇڭ . سىزدىن ئۆتۈنەي سىڭلىم ، ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيالىق قىلغان ياخشىلىقىڭىز بولسۇن ، بۇ خەت ۋە بۇ خەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرۇلۇق باشقىلارغا تىنماڭ ، بولۇپمۇ ئاسىم مېنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ قالمىسۇن» دەپ يېزىلغانىدى .

كېيىنكىسى ئون نەچچە ۋاراق بولۇپ ، خەتنىڭ بېشىدىلا : «قەدىرلىك ماخمۇت» دەپ باشلانغاندى .مەن ياشلىق ھەم تەئەججۇپلۈك كۆزلىرىمنى خەتكە يۈگۈرتۈشكە باشلىدىم :

«سەن بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان چېغىڭدا مەن ئاللىقاچان كۆز يۇمغان بولىمەن . مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىم ، ئارزۇ- ئارمانلىرىم ، ھەممىسى ئۆزۈم بىلەن كۆمۈلۈپ كېتىدۇ . سېنىڭ ھازىر ئائىلىڭ ، باللىرىڭ بار . مەن ئۆز بەختىمنى دەپ باشقىلارنىڭ ئائىلىسىنى ۋەيران قىلمايمەن ، دەپ مۇشۇ كۈنگە كەلگۈچە سەن بىلەن سۆزلەشمىدىم . مەن ھازىر ئۆچۈش ئالدىدىكى شام . مەن ھېلىھەممۇ سەندىن مۇھەببەت تەلەپ قىلمايمەن .

مەن بۇ خەتنى ساڭا پەقەت 13 يىلدىن بۇيان مېنى ھەم سېنى قىيناپ كېلىۋاتقان ، سېنى مەندىن نەپرەتلەندۈرۈۋاتقان تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن يېزىۋاتىمەن . ئەسلىي بۇلارنى ئېيتمايلا قوياي دېگەندىم ، بىراق ئۆزۈم بىلەن بىللە تۈرلۈك سوئاللارنىڭ جاۋابىنىڭ كۆمۈلۈپ كېتىشىنى خالىمىدىم .

ئېسىڭدىمۇ ماخمۇت ، بۇندىن 13 يىل بۇرۇن بىز تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇراتتۇق . ئۇ چاغلار ئاجايىپ گۈزەل چاغلار ئىدى . بىز ياشلىققا ئەمدىلا قەدەم قويغان ، ھەممە شەيئىگە قىزىقىش بىلەن قارايدىغان بالا ئىدۇق . سىنىپلاردا بىر - بىرىمىزنى قوغلىشىپ بەختلىك چۇقان سالاتتۇق . مەندە سېغىنىش قوزغاپ تۇرغان ئۇ چاغلارنى ئەسلەش نەقەدەر ئازابلىق-ھە !

شۇ يىلى سەن ماڭا سۆيگۈڭنى ئىزھار قىلدىڭ . ئادەمنىڭ باللىق چېغىدىلا قەلبىدە غايىۋى بىر ئوبراز تىكلىنىپ ، باللىقتىكى ئارزۇ - ئارمىنى سۈپىتىدە بىخ ھالەتتە تۇرۇپ ، ياشلىق بوسۇغىسىغا قەدەم قويغاندا خۇددى يامغۇردىن كېيىنكى بامبۇك نوتىلىرىدەك ناھايىتى تېز ئۆسۈشكە باشلايدۇ . ئاشۇ غايىۋى ئوبرازغا توغرا كەلگەن رېئاللىقتىكى شەخسلا تۈنجى بولۇپ سېنىڭ قەلبىڭدە ھەقىقىي مۇھەببەت قوزغايدۇ . ماخمۇت ، سەن مېنىڭ قەلبىمدىكى شاھزادە ، باللىقتىكى ئارزۇ - ئارمىنىم ، ياشلىقىمدىكى چۈشۈم ئىدىڭ ، شۇڭا مەن

سىنىڭ سۆيگۈڭنى بەختىيارلىق ئىچىدە قوبۇل قىلدىم .

بىر كۈنى ئىككىمىز بىللە مەكتەپتىن قايتتۇق . بۇ ئىككىمىز-نىڭ يۈرەك رىشتىمىز باغلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى بىللە مېڭىشىمىز ئىدى . ماخمۇت ، شۇ چاغ مەڭگۈ ئېسىمدىن چىقمايدۇ . مەن سەندىن ئاغرىنغان ، قېيىدىغان چاغلىرىمدىمۇ ئاشۇ چاغنى — سەن بىلەن ياندىشىپ ماڭغان ئاشۇ چاغنى سېغىنىش بىلەن ئەسلىدىم . شۇ چاغدا ھەر ئىككىمىز مۇھەببەت مۇنبىرىگە يېڭىلا چىقىپ كەلگەن بولغاچقا ، بىللە مېڭىشنى بەختىيارلىق ھېس قىلىپ ، چىرايىمىزدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلىپ تۇرسىمۇ ، لېكىن تۇرۇپلا ئۆزىمىزنىڭ بۇ ئىشى ئۆزد-مىزگە گۇناھتەك تۇيۇلۇپ ، يولدىن ئۆتۈۋاتقانلارغا ئەندىشە ، خىجالەت ئىچىدە قارايتتۇق .

بىز چوڭ يولدىن چىقىپ بىزنىڭ يېزىغا بارىدىغان چىغىر يولغا قايرىلدۇق . ئەتراپنى ياۋا ئوت - چۆپلەر قاپلىغان ، ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ سەن ماڭا يېنىش - يېنىشلاپ قارىدىڭ . بىرنېمە دېمەكچى بولدۇڭ - يۇ جۈرئەت قىلالمىدىڭ . بىرچاغدا ماڭا يېرىم ئۆرۈلۈپ قاراپ تۇرۇپ : ‹ خالبۇۋى ، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز مەڭگۈلۈك بولارمۇ ؟› دېدىڭ . ۋۇجۇدۇمدا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن بىر غايىۋى كۈچ پەيدا بولدى ، تارتىنىش ۋە خىجالەتچىلىكنى بىر يولىلا يېڭىپ ، ھاياجاندىن نۇرلانغان كۆزلىرىڭگە دادىل قاراپ ، ئىشەنچ بىلەن : ‹ كىم مەڭگۈلۈك بولمايدۇ دەيدۇ ؟› دېدىم .

شۇ چاغ يوغان سەللە ئورىغان نامازخان دادام قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا دەھشەتلىك تۈس ئېلىپ ، شالاڭ ساقاللىرى تىترەپ كەتتى ۋە : ‹ ھەي ، نامەھرەمنى بىلمىگەن قىزبىلباش ، ھاياسىز جوھۇت› دېگىنىچە قولىدىكى ھاسا بىلەن باش-كۆزۈمگە قارىقويۇق ئۇرغىلى تۇردى . سەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالماي دادامنىڭ قولىغا ئېسىلدىڭ . لېكىن ، دادامنىڭ قەھرى پەلەككە يەت-كەنىدى . ئۇ قوللىرىنى سىلكىپ تارتىۋالدى-دە ، ساڭا ھۆرپىيىپ تۇرۇپ : ‹سەن ھاياسىز تېخى ئىپلاس قوللىرىڭ بىلەن تاھارەتلىك پاك قولۇمغا ئېسىلىۋاتامسەن ؟ نامەھرەم بولار دېمەي بىراۋنىڭ قىزى

بىلەن يوللاردا مېڭىشنى كىم قويىدى سەن تۆكباشقا ، خەپ ، خەپ ،
مۇنۇ مەكتەپ دېگەندىنمۇ بىزار بولدۇم . ئوقۇتىمىز دەپ قىز-ئوغۇلنى
بىر ئۆيگە سولاپ قويۇپ...... ھەي تۆكباش ، يەنە نېمىدەپ بۇ يەردە
بۇتتەك تۇرىسەن . يوقال كۆزۈمدىن ! بولمىسا ھېلى كۆزۈڭگە كۆر-
سىتىمەن !» دەپ ۋارقىرىدى .

مەن سېنىڭ بۇ يەردە تۇرساڭ چاتاقنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىدىغانلى-
قىنى ئويلاپ ، كېتىشىڭنى يېلىنىپ تۇرۇپ ئىشارەت قىلدىم . سەن
قىيىمىغان ھالدا ئارقاڭغا قارىغىنىڭچە كەتتىڭ . مەنمۇ دادامنىڭ تايە-
قىدىن قېچىپ ، يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىپ قالدىم .

ئاشۇ كۈندىن باشلاپ دادام مېنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدى . دادامغا
مۇئەللىمنىڭمۇ ، ئاپامنىڭمۇ ، قوشنا - قولۇملارنىڭمۇ قىلغان نەسىھە-
تى ، يالۋۇرۇشى بىكار كەتتى . دادام مېنى ھويلىدىن تالاغا چىقارمايت-
تى . مېنى كوچىغا چىقىپ قالمىسۇن ، دەپ نامىزىنىمۇ بۇرۇنقىدەك
مەسچىتكە چىقماي ، ئۆيدە ئوقۇيدىغان بولدى . دوستلىرىم ئىزدەپ
كەلسىمۇ دادام ئۇلارغا مېنى يوق دەپ ، ئىشىك ئالدىدىنلا قايتۇرۇۋې-
تەتتى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، ئۇ قىزلار ماڭا تۈرلۈك بولمىغۇر گەپ-
سۆزلەرنى ئېيتىپ مېنى بۇزارمىش . شۇندىن كېيىن مەن تۈرمە
ئىچىدىكى ئادەمدەك تۆت تام ئىچىگە بېكىنىپ ، سىرتتا نېمە ئىشلار
بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئولتۇردۇم .

ئەر كىشىنى يېرىم خۇدا بىلىدىغان بىز ۋە بىزنىڭكىدەك نۇرغۇن
ئائىلىلەردە ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولىدۇ . ئاپام-
مۇ ، مەنمۇ دادامنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقالمايتتۇق . بۇنى سەن-
دەك ياش ئاتا - ئانىنىڭ ئەركە تەربىيەسىدە ئۆسكەن بالىنىڭ چۈشى-
نىپ كېتىشى تەس . شۇڭا ، سەن شۇ چاغدا (بۇنى مەن كېيىن
ئاڭلىدىم ) ئىرادىسىز ، دەپ مېنى ئەيىبلەپسەن . ئەگەر سەن مېنىڭ
ئورنۇمدا بولغان بولساڭ قانداق قىلار ئىدىڭ ؟ !

ئاردىن بىر ئاي ئۆتكەندە دادام ماڭا بىر يەردىن لايىق چىققانلى-
قىنى ، لايىقنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ دىيانەتلىك ، ئەھلى ئىلمى ، ئىمانى
بار ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ئاپامغا ئېيتتى . ئاپام بۇ گەپنى ئاڭلاپ

ئەندىككەن ھالدا : 〈 نېمە دەۋاتىدىلا ؟ خالبۇۋى ئەمدى 17 ياشقا كىر-
دى . ئۇ دېمەتلىك قىزلار تېخى قورچاق ئويناپ يۈرمەمدۇ〉 دېدى .
دادام بۇ سۆز بىلەن : 〈 نېمە دېدىڭ ؟ ئۇ تېخى قورچاق ئوينىغۇدەك
بالىما ؟ ئۇچۇ ، جاھاننىڭ ھەممە ئىشىنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە بىلىپ
بولغان ، ئەر سەۋداسىغا چۈشۈپ بولغان نېمە . ئۇنى ئەرگە بەرمەي
ساقلاۋېرىپ پالاق تۇخۇم قىلماقچىمىدىڭ ؟ !〉 دەپ قايناپ كەتتى .
مېنىڭ قارشىلىقىم ، ئارزۇ - ئارمانلىرىم ، ئانامنىڭ يىغلاپ يالۋۇ-
رۇشلىرى دادامنىڭ جاھىللىقى بىلەن بەربات بولدى .
كىشىلەر 〈 قانۇن جەمئىيەتنى تەڭشەپ تۇرىدۇ〉 دەيدۇ . مەن بۇنى
ئىنكار قىلمايمەن . لېكىن ، مېنىڭ نەزىرىمدە مىليونىغان ئادەملەر-
نىڭ قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت كۈچى قانۇندىن كۈچلۈك
تۇرىدۇ . مەن 20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى — نىكاھ ، مۇھەببەت
ئەركىنلىكى سىياسىتى يولغا قويۇلغان چاغدا نەچچە مىڭ يىللىق
فېئودالىلىق ئەقىدە ، ئادەت تۇپەيلى دادامنىڭ دېگىنى بويىچە ھازىرقى
يولدىشىم ئاسىمغا ياتلىق بولدۇم .
مەن ئۇنى توي خېتى ئالىدىغان كۈنىلا كۆردۈم . ئۇنىڭ تاتۇق
باسقان سەت چىرايى مەندە يىرگىنچ قوزغىدى . ئۆزۈمنىڭ ياشلىقىم-
نىڭ ، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرۈمنىڭ مانا مۇشۇ سەت ، تاتۇق ئادەم بىلەن
ئۆتىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئازابلاندىم ، ھەتتا ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەل-
دىم . لېكىن ، خىيال بىر گەپ ، رېئاللىق بىر گەپ ئىكەن . مەن
ئۆلۈۋالمىدىم . چۈنكى ، ھايات ماڭا يەنىلا ئەۋزەل بىلىندى .
مەن شۇ كۈنلەردە يەنىلا سېنىڭ مېنى بۇ تەقدىردىن قۇتقۇزۇ-
شۇڭنى ئۈمىد قىلاتتىم ، لېكىن مەن سېنى ئاشۇ چىغىر يولدا ئايرىل-
غانچە قايتا كۆرمىدىم . سېنى كۆرۈشمۇ مېنى چەكسىز ئازابلايتتى .
چۈنكى ، سەن ئالىي مەكتەپكە بېرىش ئالدىدا تۇرغان ئىستىقباللىق
ياش ئىدىڭ . مەنچۇ ؟ مەن مۇتەئەسسىپ دادىسىنىڭ زورلۇقى بىلەن
تۆت تام ئىچىگە سولىنىپ ئولتۇرغان ، بىر ئۆمۈر ئائىلە ئايالى بولۇش
پېشانىسىگە پۈتۈلگەن قىز ئىدىم . سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا بىر
تام بار ئىدى . بۇ تام مېنىڭ نەزىرىمدە بارغانچە ئېگىزلەپ سېنى

كۆرەلمەس قىلىپ قويدى. مۇھەببەتتە مەيلى قايسى تەرەپ بولمىسۇن ئۆزىنى تۆۋەن كۆرمەسلىكى كېرەك. مەن ئۇ چاغدا ئۆزۈمنى سەندىن ناھايىتى تۆۋەن، ساڭا ماسلىشالمايدىغان ئورۇندا كۆردۈم ھەم سېنىڭ مۇشۇ چاغقىچە خەۋەر بەرمىگىنىڭگە قاراپ ئۆزىنى تارتتى، دەپ ئويلاپ، سەندىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. مېنىڭ توي تەييارلىقىم ناھايىتى تېز، شاۋقۇنسىزلا پۈتكەنىدى.

سەن پەقەت توي باغىقى تارقىتىلغان كۈنىلا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپسەن ۋە مەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەچقۇرۇن ئىشىك ئالدىغا كەپسەن. ئۇ كۈنى مېنىڭ تويۇم بولىدىغىنىنى مۇبارەكلەپ دوستلىرىم ئۆيگە يىغىلغانىدى. دادامۇ مېنىڭ توي خېتى ئېلىپ بولغىنىمدىن كۆڭلى تىنىپ، مەن بىلەن كارى بولمىغانىدى. مەن سەن بىلەن كۆرۈشكىلى ھېچ توسالغۇسىزلا چىقتىم. بۇ چاغدا سەن ماڭا بىر ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلمىدىڭ. ئەكسىچە، ئازابلىرىمنى تېخىمۇ ئېغىرلىتىپ، ھە دېگەندىلا: «ۋەدىڭىز شۇمىدى؟! ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا ئىكەن - دە، مەن سىزدىن مۇشۇ ئىشلارنى كۈتكەنمىدىم، سىزنىڭ ۋىجدانىڭىز مۇشۇنچىلىكمىدى؟» دەپ دوق قىلدىڭ. مەن سېنىڭ ماڭا بۇنداق قەھرىلىك تېگىدىغانلىقىڭنى ئويلاپ باقمىغانىدىم. شۇڭا، نەچچە ئايدىن بېرى ئويلىغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ، ساڭا ھاڭۋاققىنىمچە قاراپ قالدىم. مېنىڭ بۇ تۇرقۇم سەندە يۈز كېلەلمەي تۇرۇپ قالغانلىق تەسىرىنى بەرگەن بولسا كېرەك، «ماڭمۇ قىلدىڭ، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ئاخىر پۇشايمان يەيسەن، ۋاپاسىز!» دەپ كاچىتىمغا بىرنى ئۇرۇپلا ئارقاڭغا قارىماي كەتتىڭ......

ئەتىسى مېنىڭ تويۇم بولدى. تويۇم ئەمەس، ھازام بولدى. ئۆزى قىلچىمۇ ياخشى كۆرمىگەن بىر ئادەمگە ياتلىق بولۇشنىڭ ئازابىنى بۇ قىسمەتكە دۇچ كەلمىگەن ھېچقانداق ئايال ھېس قىلالمايدۇ. مەن شۇ كۈندىن باشلاپ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمدۈم.

يولدىشىم ئاسىم سەت، كۆرۈمسىز بولغىنى بىلەن ناھايىتى

ياخشى كىشى ئىدى. مەن دەسلەپ ئۇنى ياراتماي، ئۆزۈمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم. كېيىن - كېيىن ئۇنىڭ ۋاپادارلىقى، مېھرىبانلىقى مېنى تەسىرلەندۈردى. ئۆزۈمنىڭ دۇنيادا ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئەرگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى ياخشى كۆرمىسەممۇ، ئۇنىڭغا بارلىقىمنى بېغىشلىدىم. كېيىن ئىككى بالىلىق بولدۇق. مېنىڭ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئىككى قىزىمغا بېغىشلانغانىدى. مەن ئۆز بالىلىرىمنىڭ ئۆزۈمدەك بەختسىز بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. مەن ئاسىمنى ياخشى كۆرمىگىنىم بىلەن بالىلىرىم ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى. ماڭا بالىلىرىمنىڭ چىرايىدىكى شادلىقنى كۆرۈش پۈتۈن يەر شارىدىكى خۇشاللىقلارنى يىغىپ بەرگەنگە باراۋەر ئىدى. شۇڭا، مەن ئاسىم بىلەن چىقىشىپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلدىم. بىزنىڭ سىرتىمىزدىن كۆرگەن ھەرقانداق كىشى بىزگە زوقلىناتتى، ھەتتا بەزىلەر يۈزۈمچىلا: ‹خالبۇۋى، سىز بەك تەلەيلىك› دېيىشەتتى. لېكىن، مېنىڭ تېشىم پۈتۈن، ئىچىم تۈتۈن ئىدى. ھېچكىممۇ مېنىڭ قەلبىمدىكى ھەسرەت - ئەلەمنى چۈشەنمەيتتى. ئۇلار مېنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىمنىلا كۆرۈپ، پىغانلىق قەلبىمنى كۆرمەيتتى. ‹مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرى پاك ۋە يالقۇنلۇق بولسا، ئۇنىڭ يۈرەكتە تۇتىدىغان ئورنىمۇ شۇنچە چوڭقۇر بولىدۇ› دېگەن گەپ راست ئىكەن. مەن سېنى تۇنجى قېتىم ئەڭ پاك، ئەڭ يالقۇنلۇق، سەمىمىي، نازۇك قىزلىق ھېسسىياتىم بىلەن ياخشى كۆرگەنىدىم. لېكىن، بۇ دەسلەپكى مۇھەببىتىم ۋاقىتسىز ۋەيران بولدى. مېنىڭ قەلبىم سۇسىز چۆلدەك 12 يىل ۋىسالسىز مۇھەببەت تەشنالىقىدا ئۆتتى. بۇ جەرياندا تالاي قېتىم سەن بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ، سېنىڭ ماڭا بولغان نەپرىتىڭگە خاتىمە بەرمەكچى بولدۇم. بىراق، سەن بىلەن كۆرۈشۈشىمنىڭ ئىككىلىمىزنىڭ ئائىلىسىگە كۆڭۈلسىزلىك ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ، تا مۇشۇ كۈنگىچە نەپرەتلىك قاراشلىرىڭغا بەرداشلىق بېرىپ كەلدىم.

ماخمۇت، مۇشۇ كۈنلەردە كېسەل مېنى بالىلىرىمدىن، ھاياتتىن

ئايرىش ئالدىدا تۇرىدۇ . مەن پەقەت ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈنلا بۇ خەتنى يازدىم . سەن ئەمدى يەنە مەندىن نەپرەتلەنسەڭ ، ئۇ ئۆز ئىشىڭ . لېكىن ، مېنىڭچە ، ئۆزۈڭنى بىر ئايالنىڭ ساپ ، سەمىمىي ھېسسىيات بىلەن ياخشى كۆرگەنلىكىنى بىلىپ قالساڭلا ، كەلگۈسى كۈنلەردە شۇنداق بىرچاغلار بولغان دەپ ئەسلەپ قويساڭلا بولدى......

مۇڭ بىلەن زار ئەيلەپ ئۆتتۈم دۇنيادىن ،
قەلبىمنى چۇلغىغان ئالەمچە ھەسرەت .
ئەزرائىل قول سوزغان مۇشۇ دەمدىمۇ ،
قىينايدۇ ، ئاھ ، مېنى تۇنجى مۇھەببەت .

يۈرىكىم قېتىغا يوشۇردۇم سېنى ،
سىرداشتىم تۈنلەردە سەن بىلەن پىنھان .
تىنمىدىم ، ھىجرانىڭ ئەزسىمۇ دىلنى ،
قەلبىمنىڭ سىرىنى بىلمەس ھېچ ئىنسان .

سەن ئۈچۈن تۆكسەممۇ يامغۇر كەبى ياش ،
سەن لېكىن قەلبىمنى چۈشەنمىدىڭ ھېچ .
نەپرەتسىز بىر قېتىم ئەسلىسەڭ مېنى ،
ئاھ ! ئەمدى ياتاتتىم گۆرۈمدە تىنچ .

ھۆرمەت بىلەن

ساڭا ۋە ئائىلەڭگە بەخت تىلەپ :

خالبۇۋى

1990- يىلى 8- ئاينىڭ 3- كۈنى

# ئىشسىزلىق

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگىنىمگە بىر يىلدىن ئاشتى. خىزمەت ئىزدەپ كىرمىگەن تۆشۈكۈم قالمىدى. نەگىلا بارسام شۇ گەپ: «ئىشتات تولۇق، كېيىنچە بىر گەپ بولار.» بىكار يۈرۈشنىڭ بۇنچە قىيىن ئىكەنلىكىنى بېشىمغا كەلگەندىلا بىلدىم.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن چېغىمدا زەھەردەك ئاچچىق گەپلەرنى قىلىپ، قېيىداپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ يۈرۈپ، دادام بىچارىنىڭ بىر ئۆمۈر يىغقان پۇلىنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان خۇسۇسىيلار ئاچقان مەكتەپكە بېرىۋالغاندىم. ئۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى، ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۇم دەپ كېرىلىپ كەتكەنلىرىمنى هازىر ئويلىسام ئىچىم ئېچىشىدۇ. شۇ چاغدا ساۋاقداشلىرىمنى چاقىرىپ خوشلىشىش چېيىمۇ بەرگەنىدىم. ئۇ چايدا بىرنەچچە قىز ساۋاقدىشىمنىڭ سىنىپىمىزدىكى ئەلاچى يۇ. سۇپنىڭ گەرچە نومۇرى يۇقىرى بولسىمۇ، تېخىچىلا چاقىرىق قەغىزى كەلمەيۋاتقانلىقى، يۇسۇپنىڭ چاقىرىق قەغىزى كەلمىسە، ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇيدىغان مەكتەپكە بولسىمۇ بارىمەن دېگەنلىكى توغرىسىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقى قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى-دە، شۇ چاغدىكى خۇشاللىق ئاتا قىلغان جۇرئەت بىلەن:

— ئۆز خىراجىتى بىلەن ئوقۇمدىكەن تېخى، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى چاغلىقلا، دادىسىنىڭ كۆزەتچىلىك قىلىپ تاپقان پۇلى نېمىگە يېتەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىنى - سىڭىللىرى تۇرسا، پېتىغا ئوقۇتامدۇ ئۇنى، — دېگەنىدىم.

مەن بەش يىللىق ئوقۇشنى پۈتكۈزگۈچە بىچارە دادام مادارىدىن كەتتى. مەن دادام ئەۋەتكەن پۇللار بىلەن هېچنېمىنى چاندۇرماي،

ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىدەك پېتىمدىن چۈشمەي ئوقۇشنى پۈتكۈزۈۋالدىم. ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كېلىپ، ئۆيدىكى ئىلگىرى بار نەرسىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى، ھەتتا ئائىلىمىزدىكى خېلى كۆپ پۇلغا يارايدىغان موزايلىق ئىنەكنىڭمۇ سېتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگىنىمدە يۈرىكىمنى چاشقان غاجىلىغاندەك بىئارام بولغان بولساممۇ، ئەزەلدىن بوينۇم قاتتىق بولغاچقا، ئاتا-ئانامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىدىغان گەپتىن بىرەرنىمۇ قىلمىدىم. پەقەت كۆڭلۈمدە تېزرەك خىزمەت تېپىپ، تاپقان پۇلۇمنى ئۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىنى كۆرۈشنى ئويلىدىم. ماڭا مىڭ ئېغىز رەھمەتتىن شۇنداق قىلىش ئەۋزەلدەك تۇيۇلدى. ئەپسۇس، تا مۇشۇ كۈنگىچە كوچا چىڭداپ يۈرۈۋاتىمەن. بىر چاغلاردا تەتىل قىلىپ كەلسەم بەس-بەس بىلەن ئۆيلىرىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ كەتكەن يېقىن-يورۇقلار كوچىدا كۆرسە:

— ھاكى، تېخى ئىشقا ئورۇنلاشمىدىڭمۇ؟— دەپ سورايتتى. بۇنداق چاغدا ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسەم ئاسمان يىراق، يەرگە كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق تۇيۇلۇپ، تۇغۇلغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلاتتىم. بارا-بارا تونۇشلاردىن قاچىدىغان، كۆرسەممۇ كۆرمەسكە سېلىۋالىدىغان بولۇۋالدىم. ئەگەر جاھاندا ھېچكىم مېنىڭ ئەھۋالىمنى — بەش يىل ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىمنى بىلمىگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى. ئۇ چاغدا مەن ھېچبولمىغاندا كوچىدا بولسىمۇ خاتىرجەم ماڭالايتتىم. ماڭا بىر ئادەمنىڭ مۇنداقلا قاراپ قويۇشىمۇ «ماۋۇ بىكار تەلەپ يەنە يۈرۈپتىغۇ» دېگەندەك تۇيۇلۇپ، مېنى يەتكۈچە ئازابلايتتى.

كۈن چۈش بولغۇچە ئۇخلايمەن. كۈن نۇرى يۈزۈمگە تىك چۈشۈپ، بىزەڭ چىۋىنلەر بىزار قىلسىمۇ جېنىمغا مىخ ھەم زىخ بولۇۋاتقان بۇ ئالەمنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋالىمەن. مېنىڭ بۇ ئالەمدە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسەم — كېچە، ئۇيقۇ. چۈنكى، كېچە مېنى بارلىق ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىن، ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشتىن خالىي قىلىدۇ. بىراق، ئامال قانچە،

تاڭ ئاتسا ئامالسىز ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا ماڭىمەن . ئاپام زەردە بىلەن :

— يەنە كوچا چىڭدىغىلى ماڭدىڭمۇ ؟ — دەيدۇ .

بۇنداق چاغلاردا تەتىلدە كەلگەنلىرىمدە مېنى قۇچاقلاپ يىغلىغان مېھرىبان ئاپامنىڭ مۇشۇ ئىكەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ قالىمەن . بىكار - چىلىقتىن مىجەزىم قانچە ئوساللاشقانسېرى ئاپامنىڭ ئەرۋاھى شۇنچە ئۆرلەيتتى . بىرنەچچە قېتىم تاكاللىشىپ :

— يول ماڭمىساڭلار ماڭا خىزمەت تېگەمتى . دادام بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالسا ،مەن بىكار يۈرمەي زۇڭتۇڭ بولسام بولاتتىمۇ ؟ — دېسەم ، ئاپام :

— سېنى دەپ ئەسلىي - ۋەسلىمىز تۈگىدى . يەنە قانداق قىلساق بولاتتى . 23كە كىرگەن ئەرسەن ، ئۆز ئىشىڭنى ئۆزۈڭ قىلالماي ، بىزگە يۈك بولۇپ ئولتۇرۇپ يەنە نېمە يوغان گەپ سەندىكى ، — دېدى ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ .

شۇندىن بېرى ئاپام بىلەن تاكاللىشىشتىن قاچىدىغان بولدۇم . ئەتىگەنلىك چاينى ئىچىپ بىر كوچىغا چىقىپ كەتسەم چۈشتىن قاي - رىلغاندا كېلىپ ، قورساق توقلاپ ، ياتار چاغدا كېلىمەن . جان-جې - نىمغا پېتىۋاتقان ئىشسىزلىقتا قوشۇلۇپ ، ئەتراپىمدىكى سوغۇق مۇ - ھىت ۋۇجۇدۇمدىكى بارلىق گۈزەل ، ياخشى سۈپەتلىرىمنى يۇتۇپ كېتىۋاتاتتى . ئىلگىرى ئۆزۈمنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى دەپ قارىغاچقا ، كىيىنىش ، يۈرۈش - تۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتىم . ھازىر ئۇنداق كىيىنىپ يۈرسەم باشقىلار : «مانىڭ ھالىغا قاراڭلار» دەپ زاڭلىق قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلىدۇ . كۆلكە يۈگۈرۈپ تۇرىدىغان چىرايىممۇ بارغانچە قارىداپ ، سەپرا چىراي بولۇپ قالغانىدىم .

دادام ھەپتىدە ، ئايدا ئۆزىنى سوراپ 5 — 10 يۈەن بېرىپ قوياتتى . پۇلۇم يوق چاغلاردا دادامنىڭ كىيىم ئاسقۇدىكى چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن تاماكا ئوغرىلايتتىم . بىر قېتىم دادام ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ :

— ئۆيىمىزدە چاشقان پەيدا بولۇپ قاپتۇ . ئۇنىڭ ئەيمەنمەستىن

تاماكىغا تەگكىنىنى قارىمامسىلەر ، — دېدى . بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم .

بۇ يەردە ئۇيان قاتراپ ، بۇيان قاتراپ ئىشىمنى ئاقتۇرالمىغاندىن كېيىن ، ئوبلاستلىق مائارىپ ئىدارىسىگە كىرىپ هال ئېيتىپ باقماقچى بولدۇم . مىڭ تەسلىكتە دادامدىن كىرا پۇلى سورىدىم . دادام گەپ قىلماستىنلا 30 يۇەن بەردى . مەن پۇلنى ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن خۇسۇسىيلار ماڭدۇرۇۋاتقان مىنىبۇسلارغا ئولتۇرماي ، باھاسى ئەرزانراق ئاپتوبۇسقا ئولتۇردۇم . ئوبلاستقا بارغىنىمدا چۈش بولغانىدى . دالدىدىكى بىر چايخانىغا كىرىپ قورساقنى ئەستەرلىدىم . چايدىن كېيىن كوچا ئايلىنىپ ، ئىشقا چۈشىدىغان چاغدا مائارىپ ئىدارىسىگە باردىم . ئۇنىڭ - بۇنىڭ كۆزىگە قاراپ مائارىپ ئىدارىسىدە 3 — 4 سائەت ئولتۇرساممۇ مېنىڭ كۆتكەن ئادىمىم كەلمىدى . پەقەت خىزمەتچىلەر ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدىلا ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال باشلىقنىڭ يىغىنغا كەتكەنلىكىنى ، يەنە بىرقانچە كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى . ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ قايتاي دېسەم ئاپتوبۇس يوق ، قايتماي دېسەم ياتاقتا ياتقۇدەك پۇل يوق ، بۇ يەردە ياكى بىرەر تۇغقىنىمىز بولمىسا . شۇ چاغدا ئېسىمگە مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم يۇسۇپ كەلدى . ئۇ مۇشۇ يەردە بىر بانكىدا ئىشلەيتتى . باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ئادرېس بويىچە ئۇنى ئىزدەپ تاپتىم .

يۇسۇپ مېنى ئۇستەلگە رەسىملىك كىتاب ، خەنزۇچە ، ئۇيغۇرچە ژۇرناللار ، تارغاق ، بەكە دېگەندەك نەرسىلەر قالايمىقان تاشلانغان ياتاقتا كۈتۈۋالدى . ئەتىسى مېنى بازار ئايلاندۇردى ۋە يولدا ئۇچرىغان بىرقانچە ئاغىنىلىرىنى ياتاققا چاقىرىپ قويدى . كەچتە ياتاقتا سورۇن تۈزۈپ ئولتۇردۇق . يۇسۇپ شىرەنىڭ يۈزىنى يەيدىغان ، ئىچىدىغان نەرسىلەرگە تولدۇرۇۋەتتى . ئىچىلىۋاتقان هاراق ، چېكىلىۋاتقان تاماكىلارغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى . ئاشۇ پۇللار مەندە بولغان بولساھە ! مەن قاچان ئۆزۈم تاپقان پۇلنى خەجلەيدىغان كۈنلەرگە ئېرىشەرمەن؟ يۇسۇپ ئاغىنىلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى : نۆۋەت ماڭا كەلگەندە :

— بۇ مېنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ، ئۇرۇمچىدە قويمىچىلار ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان ، هازىر خىزمەت كۈتۈپ تۇرۇۋا-تىدۇ ،— دەپ تونۇشتۇردى . شۇنىڭ بىلەن هەممىسى مېنىڭ ئوقۇغان مەكتىپىمنىڭ نابابلىقى هەققىدە سۆزگە چۈشتى .

— جىلاڭ قويمىچىلار ئاچقان مەكتەپ ئۇ .

— ئىسىت نەچچە يىللىق ئۆمرۈڭ .

— ئۇلار دەسلەپ بارغىنىڭدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمىز دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇشىدۇ . مەكتەپ پۈتكۈزگەندە كارى يوق ، ئۇنىڭدىن كۆرە بەش يىل كاۋاپچىلىق قىلغان بولساڭ بېيىپ كەتمەمتىڭ .

ئۇلارنىڭ بۇنداق گەپلىرى يۈرىكىمگە مىخ هەم زىخ بولۇپ سانجى-لىۋاتاتتى . هەممىسى پالانى ، پوكۇنى ئىدارىلەردە ئىشلەيدىغان نېنى پۈتۈن باللار بولغاچ ، مەندەك ئۆزى پارچە نانىنىمۇ تاپالمىغان بىرەي-لەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىقىلىپ قېلىۋاتاتتىم . قالپىقى ئۇلاردىن چوڭراق مەكتەپنى ئوقۇغان بولسامىۇ ، ئىقتىسادىي ئاجىزلىقىم رو-هىي ئاجىزلىق پەيدا قىلىپ ، ئۇلاردەك ئېچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭغا ئارىلىشالمايۋاتاتتىم . گەرچە مەكتىپىم ئۇلار ئېيتقاندەك قويمىچىلار ئاچقان مەكتەپ بولمىسىمۇ ، ئۇلار هەر گېپىدە مەكتىپىمنى تىلغا ئېلىپ ، مېنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرمەكتە ئىدى .

ئولتۇرۇش ئاخىر تۈگىدى . سىقىلىشتىن قۇتۇلغانلىقىم ئۈچۈن ئۇھ تارتىۋالدىم . يۇسۇپ شىرەنى يىغىشتۇرمايلا ئۇخلاشقا تەرەددۇتلان-دى . مەن ئەتىگەندىن بېرى كاللامغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمىگەن سوئالنى سورىدىم :

— مائاشىڭ نەچچە ئاداش ؟

— مىڭغا بارىدۇ ، يىل ئاخىرىدا مۇكاپات بار .

ئاغزىمنى تۇتۇپلا قالدىم ، مېنىڭ 30 يىللىق ئىشچى دادام 380 يۈەن مائاش بىلەن بىز ئالتە بالىنى بېقىۋاتىدۇ . بۇلار قانچىلىك ئوينىسا كۆتۈرىدىكەن جۇمۇ .

— ئۆز ۋاقتىدا ، — يۇسۇپ شۇنداق دەپلا گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى .

دەرۋەقە ، ئەينى ۋاقىتتا يۇسۇپنى كەمسىتكەنىدىم . ئاچچىق بىر سۇيۇقلۇق مېڭەمدىن يۇرىكىمگە ئېقىپ چۈشكەندەك ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى .



# تۇغۇلغان كۈن

نەچچە كۈندىن بېرى توختىماي ياغقان يامغۇر كوچىلاردا ئېرىق-چىلارنى پەيدا قىلىپ ئاقماقتا . قەدىمىمنى ھەربىر ئالغىنىمدا ئايىغىم يەردىن ئېغىر پاتقاقنى يۇلۇپ چىقىدۇ . يامغۇردىن قېچىپ ئۆيلىرىگە تىقىلىشىۋالغان كىشىلەر ئۆگزىسىدىن ئۆتۈۋاتقان تامچىلارغا قاراپ ئولتۇرۇشۇپ ، ئېتىمىزدىكى زىرائەتلىرىنىڭ غېمىنى يېيىشمەكتە .

— ئۇۋال بولدى ، دېھقانغا ئۇۋال بولدى . ئالدى چەشلىنىپ خامانغا دۆۋىلەنگەن ، كەينى ئورۇلۇپ بولغان بۇغدايلار يامغۇردا قې-لىپ ئۈندۈرمە بولۇپ كەتتى .

كېرىمكامنىڭ قىشتا يوچۇقلىرىغا كىگىز مىخلىنىپ تېخىچە ئې-لىۋېتىلمىگەن ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپ تۈنجى ئاڭلىغان گېپىم شۇ بولدى . بىكارچىلىقتا زېرىكىپ يىغىلىپ قارتا ئويناۋاتقان مۇشۇ مە-ھەللىلىك بىرنەچچە دېھقان مېنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن قىمىرلىشىپ تۆردىن ئورۇن كۆرسەتتى . ئۆگزىنىڭ بىرنەچچە يېرىدىن تامچە ئۆتۈ-ۋاتقان بولۇپ ، تامچە سۈيى داس- جاۋۇرلارغا رىتىملىق چۈشۈۋاتاتتى . مەن سۆپىنىڭ لېۋىگىلا ئولتۇرۇپ ، كىرىش مۇددىئايىمنى ئېيتتىم .

— ئۈرۈمچىگە ماڭماقچىمىدىڭىز ، بالام ، گەپ بولمامدىغان ، بىچارە بالام ياقا يۇرتتا مۇساپىر بولۇپ ئوقۇۋاتىدۇ . ئۇ يەردە يا بىرەر ئۇرۇق - تۇغقىنىمىز بولمىسا ، ئازراق نان - پان دېگەندەك بىرنەرسى-لەرنى ئالغاچ كەتسىڭىز ،— دېدى گېپىم ئاخىرلاشمايلا ھۆل ئوتۇننى تۇتاشتۇرالماي پۈۋلەپ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىۋاتقان خەلچەم ھەدەم قېقىلىپ يۆتىلىپ تۇرۇپ .

ئوچاقتىكى ھۆل ئۆرۈك ئوتۇنى پىسىلداپ بىردەم كۆيەتتى - دە ، ئۆچەتتى . خەلچەم ھەدەم قەغەزگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ ئاستىغا تىقىپ

پۈۋلەشكە باشلايتتى. بۇ مەنزىرە ئادەمدە ئېچىنىش ئارىلاش ئىچ پۇشۇقى پەيدا قىلاتتى.

مەن كېرىمكامنىڭ ئوغلى ۋەلى بىلەن دېمەتلىك. ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلى مەن تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتكۈزۈپلا ئائىلىگە قايتتىم. كېرىمكام بولسا ۋەلىنى «كەتمەن سېپى تۇتقۇزمايمەن» دەپ ئاخىرغىچە ئوقۇتتى. ئۇ ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى. مەن بولسام يېزىمىزدىكىلەر ھەۋەس بىلەن سۆزلەيدىغان پۇلنى پۇلغا ئۇرۇۋتقان سودىگەر.

مەن ئۈرۈمچىگە تولا كەلگەچكە، ۋەلىنىڭ ياتىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. ياتاقدىشى بۇرۇتلۇق بالا ئۇنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ھېلىغىچە كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ئېيتتى. مەن ياتاقتا ساقلاشقا باشلىدىم.

— ئەجەب ياخشى كۈندە كەپسەن ئاداش، جۆرە، سېنى بىر ئوينىتىپ كېلەي، — ۋەلىنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ قول ئېلىشىپ تۇرۇپ ئەھۋال سورىغان تۇنجى سۆزى شۇ بولدى.

ئۇ مېنى تورۇسلىرى ئاسما چىراغلار بىلەن بېزەلگەن، ئۇدۇل تېمىغا قوڭۇر رەڭ ئەينەك ئورنىتىلغان بىر زالغا ئېلىپ كىردى. زالدا بىرنەچچە قىز - ئوغۇل يۇمىلاق شىرەلەرنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۈگۈن ئۇنىڭ يۈرگەن قىزىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئىكەن. شۇڭا، بۇ كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن بۇ ئولتۇرۇشنى ئۇيۇشتۇرۇپ بېرىپتۇ.

بىردەمدە تۆت شىرە قىز-ئوغۇللار بىلەن لىق تولۇپ، قىيا- چىيا ئىچىدە يەپ-ئىچىش باشلاندى. مەن بۇ زىيالىيلارنىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران قالدىم. ئادەتتە بىزنىڭ يېزىلىق چالا ساۋات ئاغىنىلەر بىرگە ئولتۇرغان مەشرەپلەردىمۇ بۇنداق قىلىقسىزلىشىپ كەتمەيتتۇق. مەن يېنىمدا ئولتۇرغان يىگىتتىن بۇ ئولتۇرۇشنىڭ بارلىق چىقىمىنى ۋەلىنىڭ كۆتۈرگىنىنى ئاڭلىدىم - دە، ئاغزىمغا سالغان بىر چوكا سەي گېلىمدىن ئۆتمىدى. بۇنداق مول داستىخاننى، بۇنداق خىلمۇخىل قورۇمىلارنى بىزنىڭ يېزىدىكى كەمبەغەل دېھقانلار چۈشەپ قال-

سىمۇ ئەتىسى ھۇزۇر بىلەن سۆزلەپ ئاغزىنى تامشىشار . لېكىن ، بۇنى بىزنىڭ يېزىدا چوڭ بولغان بىر بالا ئۆز پۇلىغا تەييارلاتقۇزغان . ئۆتكەندە خەلچەم ھەدەمنىڭ ئاپامغا يىغلاپ تۇرۇپ ھال ئېيتقىنى يادىمغا كەلدى . خەلچەم ھەدەمنىڭ كۆز يېشى ئالدىمدىكى قورۇملارغا تۆكۈلىۋاتقاندەك گېلىم غىققىدە بولدى . شۇ چاغدا مەن بۇ «بەختلىك» قىزغا قارىدىم . ئۇ ئالما ئۇرۇقى رەڭلىك رەختتىن چاققانغىنا كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ ، قىسقا بۇدۇر چاچلىرى كۆپۈپ تۇراتتى . بۇ قىز شۇنچە چىرايلىقلىقىغا باقماي كۆزۈمگە سەت كۆرۈندى . كۆز ئالدىمدىكى ئۇنىڭ تەبەسسۇم قاپلىغان چىرايىنى خەلچەم ھەدەمنىڭ خىيالىمدىكى بىچارە تۇرقى توسۇۋالاتتى .

— قېنى ، ئېلىڭ !

چۆچۈپ بېشىمنى كۆتۈرۈپ ، «بەختلىك» قىزنىڭ كېسىلگەن تورت پارچىسىنى كىچىك تەخسىگە ئېلىپ ماڭا سۇنۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئەدەپ يۈزىسىدىن كۈلۈپ قويدۇم . بىراق ، ئۆزۈممۇ سەزدىمكى ، بۇ كۈلكەم بەكمۇ ساختا ئىدى .

مەن ۋەلىگە قارىدىم . ئۇ قىزنىڭ يېنىدا خۇشال ئولتۇراتتى . قىياپىتىدىن مەغرۇرلۇقمۇ چىقىپ تۇراتتى . تانسا باشلانغاندا ئۇ يېنىمغا كەلدى-دە ، پىچىرلاپ تۇرۇپ :

— ئۆيدىكىلەر پۇل - پۇچەك ئەۋەتمىدىمۇ ؟— دەپ سورىدى .

— ئەۋەتتى ، — دەپ يانچۇقۇمدىن كېرىمكام بەرگەن 150 يۈەننى چىقىرىپ سۇنغاچ سورىدىم ، — پۇلدىن قىسىلغان تۇرۇقلۇق بۇنچە مول زىياپەت تەييارلىتىپسىنا ؟

— ئەمدى ياخشى كۆرگەن ئادىمىمنىڭ ئالدىدا چۈپەيلىك قىلسام سەت تۇرمامدۇ ؟ ئاززاق قەرز قىلدىم . ئوغۇل بالا بولغاندىكىن تۆگەپ كېتىدۇ .

كۆز ئالدىمغا خەلچەم ھەدەمنىڭ پىسىلداپ كۆيۈۋاتقان ھۆل ئوتۇننى پۈۋلەۋاتقان تۇرقى بىلەن مۇنۇ قىزنىڭ خۇشال تانسا ئويناۋاتقان تۇرقى تەڭلا كېلىپ : «سەن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭدىن ھېچنېمەڭنى ئايىمايدىكەنسەن . سەن ئاپاڭ بىلەن داداڭنىمۇ ياخشى كۆرۈ-

شۇڭا ، ئايىشىڭ كېرەك ئىدىغۇ ؟ ! سېنى ئوغۇل بالا قىلىۋاتقان كې-
رىمكام بىلەن خەلچەم ھەدەمغۇ ! ؟ » دېگۇم كېلىپ بېشىمنى يېنىك
چايقاپ قويدۇم .

«ئوغۇل بالا» مەندىن ئالغان پۇلنى سورۇنغا كەينىنى قىلىپ
تۇرۇپ ساناۋاتاتتى .



# چىڭگىز ئاخۇنىنىڭ بېغى

تۆت ئەتراپى ئېگىز تاملار بىلەن تورىلىپ ، قوچاق يەتكۈسىز چوڭ قارىياغاچلار بىلەن تولغان بۇ جاينىڭ نېمە ئۈچۈن باغ دەپ ئاتىلىپ قالغىنىنى بىلىدىغانلار بۇ يۇرتتا يوق . بەلكىم باشقا جايلاردى-كى قارىياغاچلار تام بىلەن توراپ قويۇلمىغانلىقى ئۈچۈن قارىياغاچلىق دېيىلسە ، بۇ يەر ئېگىز تاملار بىلەن تورالغانلىقى ئۈچۈن باغ دېيىلسە كېرەك . بۇ باغنىڭ ئىگىسىنىڭ ئىسمى چىڭگىز ئاخۇن ئەمەس . بۇ ئادەم بېغىدىكى ھەر ئون تۈپ قارىياغاچقا بىردىن ئىتنى باغلاپ ، باغقا ھېچكىمنى كىرگۈزمىگەنلىكى ، شۇنچىلىك چوڭ باغنىڭ ئىگىسى تۇرۇپ پاكار بىر ئېغىزلىق ئۆيدە ئۇزاق يىللاردىن بېرى بويتاق ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن خەقلەر بۇ ئادەمنىڭ ئەزان چىللاپ قويغان ئىگەمبەردى دېگەن ئىسمىنى ئۇنتۇپ ، بۇ ئادەمنى پىششىق ، چىڭگىز دەپ ، ئۆزلىرى پەقەت يېنىدىن ئۆتكۈچە بويۇنداپ قارايدىغان ، ئىچىگە كىرىپ كۆرۈپ بېقىش ئىمكانىيىتى بولمىغان بۇ باغنى چىڭگىز ئاخۇ-نىنىڭ بېغى دەپ ئاتىۋالغاندى .

مەنمۇ باشقىلارغا ئوخشاش بۇ باغقا كىرىپ كۆرۈپ بېقىشنى ئويلايتتىم . بۇ باغنىڭ ئىچىدە تېمىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قارىياغاچ-لاردىن ، يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ، ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ قاۋاپ كېتىدىغان ئىتلاردىن باشقا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى . مانا شۇ قىزىقىشىم تۈپەيلى بىر قېتىم باغنىڭ ئۇ چەت تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشتۇم . باغقا سەكرىشىم بىلەن قارىياغاچ-لىق تەۋرەپ كەتكەندەك بولۇپ ، تۈكلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ھەر يوغان ئىتلار زەنجىرلىرىنى شاراقلىتىپ ماڭا ئېتىلغىلى تۇردى . گەرچە ئىتلار باغلاقلىق بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ھېلىلا زەنجىرىنى ئۈزۈ-

ۋېتىدىغاندەك سەكرەپ ئېتىلىپ خىرىس قىلىشى ، خۇددى مەن ئۇلار-
نىڭ ئەڭ ئامراق بىرنېمىسىنى تارتىۋالغاندەك ، كۆزلىرىدىن چىقىۋات-
قان يىرتقۇچ نۇر تېنىمنى شۇركۇندۇرۇپ ، يۈرىكىمگە ۋەھىمە سال-
دى . بىر قارا كۈچۈك خۇددى پۇتىغا شارىك بېكىتىپ قويغاندەك
تېزلىكتە يۈگۈرۈپ مەن تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى . باغنىڭ ئۇ تەرد-
پىگە — دەرۋازا بار تەرىپىگە قاراپ قاچتىم . پۈتۈن باغدا پەقەت
باغلانمىغان مۇشۇ بىرلا كۈچۈك بولسا كېرەك . ئۇ كەينىمدىن قالماي
يۈگۈرۈپ كېلىپ پۇچقىقىمغا ئېسىلدى . ئۆزۈمنىڭ ئاشۇ يەر بىلەن
تەڭ تۈرغان كۈچۈكتىن ئاجىز ئەمەسلىكىمگە ئىشەنسەممۇ ، بۇ باغنىڭ
ئىگىسى بولغان ئاۋۇ يوغان ئىتلار قاۋاپ چۇقان سېلىپ ، خىرىس
قىلىپ كۈچۈككە ياردەم قىلىۋاتقاچقا ، قارا تەرگە چۆمگەن هالدا
كۈچۈكنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ قاچتىم . قېچىپ كېتىۋېتىپ پۇتۇمغا
پۇتلاشقان بىر بادرىنى ئېلىپ كۈچۈكنى بادرا بىلەن ئىلىپ ئارقىغا
چۆرۈۋەتتىم . بۇنى كۆرگەن ئىتلار تېخىمۇ ياۋۇزلىشىپ ، پۈتۈن
قەهرى بىلەن زەنجىرنى ئۈزۈۋەتكۈدەك قىلىپ سەكرەپ يۇلقۇنغىلى
تۇردى . مەن شۇ چاغدا ئاشۇ ئىتلارنىڭ بوينىدىكى زەنجىر ئۇلار
ئېتىلغان چاغدا بوينىنى قىسىپلا ئۈلتۈرۈپ قويسىدى دەپ تىلىدىم .
مەن شۇ چاغدا بىرەرسىنىڭ تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ ماڭا ياردەم
قىلىشىنى ، ماڭا ئالەمنىڭ ئۇ چېتىدەك بىلىنىپ كېتىۋاتقان دەرۋازد-
نى كۆرسىتىپ قويۇشىنى ، هېچبولمىسا تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرۇپ
ۋارقىراپ ، ماۋۇ دۈشمىنىم بولۇپ قالغان ئىتلارغا مېنىڭمۇ يار -
يۆلەكچىم بارلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىپ قالدىم .
ئۇنىڭدا بولۇپ قالغان كۈچۈك ناهايىتى تېزلا ئۆرۈلۈپ دۈم بولۇپ يەنە
قوغلاپ كەلدى . ئوتتۇز مودەك كېلىدىغان بۇ باغدىن چىققۇچە كۈچۈك
بىلەن ، توغرىسى ئىتلارنىڭ هەيۋىسى بىلەن ئېلىشىپ قارا تەرگە
چۆمۈپ كەتتىم . باغنىڭ بىزنىڭ ئاشخانا ئۆينىڭ بىر قانىتىچىلىك
كېلىدىغان ئاتالمىش دەرۋازىسى تەلىيىمگە ئوچۇق ئىكەن . باغنىڭ
ئىگىسى ئىگەمبەردىكام ئىشىك ئالدىدا بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقا-
نىكەن . ئىشىكتىن ئۆزۈمنى تالاغا ئېتىشىم بىلەن كۈچۈك قوغلاشتىن

توختىدى . خۇددى ھەممە ئىتلار ئۆز ۋەزىپىسىنىڭ بۇ باغنىلا قوغداش ئىكەنلىكىنى بىلىدىغاندەك قاۋاشتىن توختىدى . ئىگەمبەردىكام سىر-رىق چىشلىرىنى چىقىرىپ :

— ھە ، ئۇكام ، سەيلە قىلىپ چىقىپسىز - دە ، — دەپ سەت ھىجايدى .

ماڭا بۇ ئادەم مۇشۇ مىنۇتتا ئىتلىرىدەكلا ياۋۇز كۆرۈنۈپ كەتتى .

— ھە ، ئىتلار دۇنياسىنى سەيلە قىلىپ چىقتىم ، — دېدىم مەنمۇ زەردە بىلەن .

ئۆزۈمنىڭ باغقا كىرگەندىكى سەزگۈرەشتەمنى بىرنەچچىسىگە سۆزلەپ بېرىۋىدىم ، كىشىلەر بۇنىڭدىن رىۋايەت توقۇپ چىققىنى ئاخۇن-نىڭ بېغىنى رىۋايەتلەردىكى تىلسىم باغلاردەك قىلىپ سۆزلىشىپ يۈرۈپتۇ . بىرلىرى باغدا ئىگەمبەردىنىڭ ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان نۇر-غۇن دەپنە - دۇنيا بار ئىكەن ، شۇڭا ئىگەمبەردى باغنى شۇنداق قاتتىق ساقلايدىكەن دېسە ، بىرلىرى باغدىكى ئىتلار كېچىسى بىر-بىرىدىن چىرايلىق قىزلارغا ئايلىنىدىكەن . ئىگەمبەردى كېچىسى چىرىغىنى ئۆچۈرمەي شۇ قىزلار بىلەن ئەيش - ئىشرەت قىلىدىكەن دەپتۇ . خەق نېمە دېسە دېسۇن ، ئىگەمبەردىنىڭ بېغى سىرلىق پېتى قېلىۋەردى . خەقلەرمۇ بۇ باغ توغرىسىدىكى پاراڭلارغا يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىزىقمايدىغان ، پەقەت باغنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قالغاندىلا ئۆزلىرى توقۇغان رىۋايەتنى يەنە بىر رەت تەكرارلىشىپ ، راستلىقىغا ئىشىنىپ يۈرۈۋەردى .

بۇ يىل ئىگەمبەردىكامنىڭ بېغىنىڭ ئورنىغا ناھىيەلىك شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسى دوختۇرخانا سېلىش ھەققىدە ھۆججەت چۈشۈردى . مەن شەھەر قۇرۇلۇش ئىدارىسىنىڭ خىزمەتچىسى بولغانلىقىم ئۈ-چۈن ، ھۆججەتنى كۆتۈرۈپ ئىككى خىزمەتدىشىم بىلەن ئىگەمبەردى-كامنىڭ ئۆيىگە باردىم . بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ ئىگەمبەردىكام قولىغا كالتەك ئېلىپ بىزنى قوغلاپ چىقاردى . بىرنەچچە رەت بېرىپ شۇنداق قوغلىنىپ قايتىپ چىقتۇق . ئاڭلىسام ، ناھىيە ھاكىمى بار-

سىمۇ ئىگەمبەردىكام ئۇنىمۇ قوغلاپ چىقىرىپتۇ . ئارىدىن تۆت ئاي ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، بىز ئىگەمبەردىكامغا گەپ يېگۈزەلمەي ، قۇرۇلۇشنى باشلىيالمىدۇق .

بىر كۈنى ئۆيگە بىر كىچىك بالا يۈگۈرۈپ كىرىپ :

— سىزنى ئىگەمبەردىكام ئۆيۈمگە كەلسۇن دەيدۇ ، — دېدى .

«چاقىرىپ ئاپىرىپ ئىتلىرىغا تالىتىۋەتمىگىيدى» دەپ ئەنسىرەپ ماڭدىم . ئۆيگە كىرسەم ، ئۆي ئىچى لىققىدە ئادەم ، ئىگەمبەردىكام سۇپىدا يېتىپتۇ ، چاقىرتقان يەنە بىرنەچچەيلەن كەلگەندىن كېيىن ئىگەمبەردىكام گېپىنى باشلىدى :

— مەن ئەسلىي ئازادلىقتىن ئىلگىرىكى مۇشۇ باغ ، بۇ باغنىڭ ئەتراپىدىكى 500 مو يەرنىڭ ئىگىسى تىلىۋالدى باينىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدىم . باي بالىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن ، ياش چاغلىرىمدا خورىكىم بار ئىدى . باشقىلارنىڭ مەندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر نەرسىسىنى بايقاپ قالسام بىر ئامالىلار بىلەن شۇ ئادەمنى باشقىلار ئالدىدا ئۇياتقا قويۇپ ھۇزۇر ئالاتتىم . بىزنىڭ قورۇدا بىزگە يالىنىپ ئىشلەيدىغان ئەر - ئايال بولىدىغان . ئۇنىڭ ياقۇپ ئىسىملىك ئوغلى مەن بىلەن دېمەتلىك كېلەتتى . ياقۇپ ئىككىمىز بىر كۈنى قوغۇنلۇقتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتۇق ، ئېتىزلىق يولىدا مىس چۆگۈندە سوغۇق چاي كۆتۈرۈۋالغان بىر قىز ئۇچرىدى . ئۇ قىز ياقۇپنى كۆرۈپ قىزارغانچە يەرگە قاراپ توختىدى . ياقۇپنىڭ ئەزەلدىنلا نۇرلۇق كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ ، ئىتتىك - ئىتتىك مېڭىپ قىزنىڭ ئالدىغا باردى . مەن بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەلۇم مۇناسىۋەتنى سېزىپ ، يىراقراق بېرىپ تۇردۇم - يۇ ، ئاشۇنداق قاملاشقان قىزنىڭ ياقۇپنىڭ بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ھەسەت قىلىشقا باشلىدىم .

ئەتىسى ئېتىزلىق يولىدا پايلاپ تۇرۇپ قىزنىڭ ئالدىنى توسۇپ :

— بىزدەك باللار ئوتىگىزدا كۆيۈپ يۈرسە ياقۇپقا تېگىپ مالاي بولامسىز ئاپپاق قىز ؟— دېدىم .

مەريەمگۈل قاپاقلىرىنى تۈرۈپ چالۋاقاپ تۇرۇپ :

— ئوھۇش ، ئۆتۈپ بارە ئاق نانچى ، سېنى بېقىۋاتقان ئاشۇ

ياقۇپقۇ ؟ ! سەندەكتىن ئوننى يۇغۇرسا ياقۇپنىڭ تىرنىقىغا تەڭ قىلماي-مەن ،— دەپ كېتىپ قالدى . ئاتا - ئانامنىڭ يۇز-ئابرۇيىغا ئىشىنىپ قىزلارغا گەپ تاشلاپ ئۆگىنىپ قالغان ماڭا بۇ چاغقىچە ھېچقانداق قىز بۇنداق ئۇدۇل تۇرۇپ زەھەردەك گەپ قىلمىغانىدى . گەرچە مېنىڭ بۇ قىزنى ئەمرىمگە ئېلىپ توي قىلىش نىيىتىم بولمىسىمۇ ، ياقۇپتىن تارتىۋېلىپ قۇشلاپ بېقىشنى خىيال قىلىپ قالغانىدىم . ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولدىكى……

كەچتە ياقۇپ ئىككىمىز كۇندىكىدەك باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭدە چۆمۈلدۇق . دەرەخلەرنىڭ ياپراقلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ چۈشۈپ تۇرغان ئاي نۇرىدا ياقۇپنىڭ كەڭ كۆكرەكلىرىدىكى سۇ تامچىلىرى يالتىرايتتى . مۇسكۇللىرى تولغان كۈچلۈك بىلەكلىرى ، يىلپىزنىڭكىدەك بەللىرىگە قارىغانچە ئىچىم ئاچچىق بولۇپ ، ئۆزۈمنىڭ پاكار ، دىقماق بويۇمغا ئۆچلۈكۈم كەلدى . شۇ چاغ ئېسىمگە مەريەمگۈلنىڭ «سەندەكتىن ئوننى يۇغۇرسا ياقۇپنىڭ تىرنىقىغا تەڭ قىلمايمەن» دېگەن گېپى كەلدى-دە ، ياقۇپنىڭ بېشىنى سۇغا تىقىپ گەدىنىدىن باستىم . ياقۇپ دەسلەپ چاقچاق قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ جىم تۇردى ، كېيىن تىنالماي تېپىرلىدى . تېپىرلىغانچە غەزىپىم كېلىپ ، بېشىنى سۇغا تېخىمۇ تىقتىم . ئۇنىڭ يالاڭ پاچاقلىرى ، بىلەكلىرى سۇلارنى شالاقلىتىپ چاچرىتاتتى . ئاي شولىسى سۇنىڭ شالاقلاشلىرىدا ئۇششاق ئەينەك پارچىلىرىدەك كۇكۇم - تالقان بولاتتى . ۋارقىرىماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ سۇ ئىچىۋېلىپ قىينىلىپ تېپىرلايتتى . بىر چاغدا ئۇ تېپىرلاشتىن توختاپ قالدى . قارىسام ئۆلۈپ بوپتۇ . قورقۇپ كەتتىم . بىردەملىك تەلۋە ئاچچىقنىڭ كۈچى بىلەن بىر ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتىم . شۇ چاغدا زېمىن پەيدا بولغاندىن كېيىنكى تۇنجى جىنايەتچى قابىلدەك بىر قىزنى دەپ دوستۇمنى ئۆلتۈرگەنىدىم . قابىل قاغىدىن ئۆگىنىپ ھابىلنى يەرگە كۆمگەندەك ، مەنمۇ ياقۇپنى باغنىڭ چېتىدىكى ئوتۇن دۆۋىلەپ قويغان يەرگە كۆمۈپ ، ئۇستىگە ئوتۇننى يەنە بۇرۇنقىدەك دۆۋىلەپ قويدۇم . ئەتىسى ياقۇپنى ئىزدەپ كىرگەن ئانىسىغا «كۆرمىدىم» دەپ جاۋاب بەردىم .

ياقۇپنى تاپالمىغان ئانىسى مەريەمگۈلنى چاقىرتىپ سۈرۈشتۈرۈپ دې-
رىكىنى ئالالماي، مەريەمگۈلنى:

— سەن بىلمەي قالاتتىڭمۇ؟! ھەقاچان تويغا ئۇنى ئال، بۇنى ئال دېگەنسەن؟! پۇل تاپىمەن دەپ يۈرتتىن قاڭقىپ چىقىپ كەتكەن-دۇ؟ سەن سېرىقنىڭ ئايىغىڭ ياراشمىدى. قاچان ساڭا يولۇقتى، شۇ كۈندىن باشلاپ بالامنى نەس باسقىلى تۇردى، — دەپ تىللاپ كەتتى. كۆز ياشلىرىنى ئېرتقانچە باغ ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان مەريەم-گۈل مېنى كۆرۈپ:

— ئۇنى سەن بىرنېمە قىلدىڭ، — دەپ ماڭا ئاچچىق بىلەن بىر قاراپ قويۇپ كېتىپ قالدى. ئۇ ئۇزاپ كەتكۈچە ئۇنىڭ بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋالغان سارغۇچ چېچى خۇددى توم بىر يىلاندەك، ئۇ يىلان ھازىرلا ماڭا ئېتىلىپ كېلىدىغاندەك بولۇپ، تېنىمنى ۋەھىمە چۇلغى-ۋالدى.

ياقۇپنى بىرەر ئايدەك ئىزدەپ دېرىكى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاخىر: «ھازىر ۋەزىيەت قالايمىقان، قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلۇپ تاغقا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ» دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى.

بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ ھېچ يەردىن ئىز - دېرىكى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇلار يۇرتقا نەزىر بەردى. شۇ كۈنى ياقۇپ بۈگۈن تۈگەپ كەتكەندەك ھازا ئاچتى. ئۇنىڭ ئانىسى تېخى مېنىڭ باش - كۆزۈمنى سىلاپ: «بالامنىڭ ھەمراھى ئىدىڭ، ھەمرىھىڭدىن ئايرىلدىڭ» دەپ قوشاق قېتىپ يىغلىدى.

مېنىڭ ياقۇپنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىمنى ھېچكىم بىلمىدى. مەن يەنىلا قىزلارنى قوشلاپ يۈرۈۋەردىم. كېيىن بىر قىزغا ئۆيلەندىم. ئۆيلىنىپ بىرنەچچە ئايدىن كېيىن ئاتا - ئانام بىر كېچىدە ئىس ئېلىپ ئۆلۈپ كەتتى. مانا شۇ كۈندىن باشلاپ ماڭا پېشكەلچىلىك كېلىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئۆيگە كەچ قايتىپ كەلسەم چىراغ تېخى ئۆچمىگەن، ئىشىكمۇ ئېلىنمىغانىكەن. ئۆيگە كىرىپ خوتۇنۇمنى يېقىندا تونۇشقان دوستۇم ئابباس بىلەن كۆردۈم. مېڭەمگە شىددەت بىلەن ئۇرۇلەپ

چىققان قېنىم ئەقلىمنى كەستى . دەمال نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم . شۇ چاغ ئابباس ئېتىلىپ كېلىپ مۇشت بىلەن بىرنى سالدى . خوتۇنۇم تاختا بېشىدىن نوغۇچنى ئېلىپ مېنى ئۇرغىلى تۇردى . ئىككىسى مېنى ھارغۇچە ئۇرۇپ ، ئاغزىمغا لۆڭگە تىقىپ ، باغدىكى قارىياغاچقا باغلاپ قويۇپ ، ئاتا - ئانامدىن مىراس قالغان ئالتۇنلارنى يىغىشتۇرۇپ ، دەرۋازىنى سىرتىدىن تاقاپ چىقىپ كەتتى .

پۈتۈن بىر كېچە قارىياغاچقا باغلاقلىق تۇردۇم . ئەتىسى بېقىۋاتقان كۈچۈكۈم قورسىقى ئاچقان بولسا كېرەك ، ئەتراپىمنى ئايلىنىپ قاۋاپ يۈردى . ئاخىر يېقىن كېلىپ ئاغزىمغا تىقىلغان لۆڭگىنىڭ بىر ئۇچىنى چىشلەپ تارتتى . خۇدا ماڭا رەھىم قىلغان چېغى ، لۆڭگە چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تىنىقىم ئەسلىگە كەلدى . ئۈنۈمنىڭ بارىچە «ئادەم بارمۇ ؟ !» دەپ ۋارقىرىدىم . بىرچاغدا ھېيتاخۇن سۇچى تامدىن ئارتىلىپ چۈشتى .

ئاشىنىسى بىلەن قېچىپ كەتكەن ئايالىمنى ئىزدىمىدىم ، قايتىمۇ ئۆيلەنمىدىم . ئاشۇ ۋاپاسىز ئايالىمنىڭ شۇ كۈنكى ئەلىمى جېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەچكە ، پۈتۈن ئايال زاتىغا ئىشەنمەس بولدۇم . مەن ھەممىنى ياقۇپقا قىلغان ئەسكىلىكىمنىڭ جازاسى دەپ ، ئۈن - تىنسىز قوبۇل قىلىپ ، يەككە - يېگانە ياشىدىم . مانا 68 يىل بوپتۇ . شۇنچە يىللاردىن بېرى ياقۇپ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ ، كېچىسى چىراغنى ئۆچۈرمىدىم . ھەر قېتىم ئۆستەڭگە قارىسام كۆزۈمگە ياقۇپ يالىڭاچ تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ . شۇنچە يىللاردىن بېرى ئاچ - توق قالغىنىمنى ، ئاغرىپ قالغىنىمنى ھېچكىم بىلمىدى . كۆمەچ كۆمۈپ ، ئوماچ چېلىپ ، غېرىبلىق ئىچىدە 68 يىلنى ئۆتكۈزدۈم . نەچچە رەت ئۆزۈمنى مەلۇم قىلماقچى بولدۇم . بىراق ، ئۆلۈمدىن قورقتۇم . ئەگەر ئۆلۈم جازاسى بېرىپ قالسىچۇ دەپ ئويلاپ جىم يۈردۈم . باشقىلارنىڭ ياقۇپنى كۆمگەن يەرنى سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ، باغنىڭ ئىشىكىنى ھەم تاقاپ ، ئاشۇ ۋاپادار كۈچۈكنىڭ نەسلىدىن بولغان ئىتلارنىڭ ھېچقايسىسىنى سىرتقا بەرمەي ، مۇشۇ باغدا ئۆزۈم باقتىم . « مەدەنىيەت ئىنقىلابى »دا جىنايىتىم بايقىلىپ قالسا ، «ئەمگەكچى دېھقاننىڭ

بالىسىنى ئۆلتۈرگەن چوشقىنىڭ كۈچۈكى » دەپ ئېتىلىپ كېتىشىم-
دىن قورقۇپ ، ئىنقىلاب باشلىنىشى بىلەن باغنى ئىنقىلابچىلارغا
گازارما قىلىپ بەردىم . ئۆزۈم كۆزەتچى بولدۇم . ئىنقىلاب ئاياغلاش-
قاندىن كېيىن ، ئىنقىلابچىلار زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان دەپ ئەرز
سۇنۇپ يۈرۈپ باغنى قايتۇرۇۋالدىم . ھەممىسىنى جىنايىتىمنى يوشۇ-
رۇش ئۈچۈن قىلدىم . لېكىن ئويلىسام ، مەن 68 يىل قاماقتا يېتىپ-
تىمەن . ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ . 68 يىل ھېچقانداق تۇغقىنىم ، دۈش-
مىنىم ، سىردىشىم يوق ، ئىچىشىم ئۇماچ ، يېيىشىم كۆمەچ ، سىر-
دىشىم ئىت بولۇپ كۈن ئۆتكۈزدۈم . جىنايىتىمنى باشقىلار بىلىپ
قالارمۇ دېگەن ۋەھىمە ھەرقاچان ماڭا ھەمراھ بولۇپ كەلدى . كېچى-
لىرى ياقۇپ توۋلىغاندەك ، ئۆيگە كىرگەندەك بولۇپ چۆچۈپ ئويغى-
نىپ كېتىمەن . ئازاب ، ئەندىشە ئىچىدە قانچە كېچىلەرنى كۆز يۇمماي
ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلمەيمەن ، ئەگەر تۈرمىدە ياتقان بولسامۇ بۇ
چاغقىچە جازا مۇددىتىم توشار ئىدى . لېكىن ، مەن ئۆزۈمگە مۇددەت-
سىز قاماق جازاسى بېكىتىپتىمەن . خۇدا بۇ ئالەمدىلا ماڭا جىنايىتىم-
گە لايىق جازا بەردى . تۈرمىدە ياتقان بولسام قورقۇنچ ، ۋەھىمە ماڭا
ھەمراھ بولۇپ يۈرمىگەن ، ئوتنىڭ ئىچىدىلا كۆيگەن بولاتتىم . تۈر-
مىدىن قورقۇپ ، ئۆزۈمنى دوزاخ ئازابىغا سالدىم .

ئۆتكەندە سىلەر باغنى بۇزۇپ دوختۇرخانا قىلىمىز دېگەندە ، كۆز
ئالدىمغا كولانغان ئىسكىلىت كەلدى . شۇنچە يىل يوشۇرغان مەخپى-
يىتىمنى ئۆمرۈم ئاخىرلاشقاندا باشقىلارنىڭ بىلىپ شەرمەندە بولۇش-
تىن قورقۇپ سىلەرنى قوغلاپ چىقاردىم . لېكىن ، ئەندىشەم ھەسسى-
لەپ ئاشتى ، ئاشۇ ئەندىشە مېنى يىقىتتى . ساناقلىقلا كۈنلىرىم قال-
دى . شۇ ساناقلىق كۈنلىرىمدە بولسىمۇ باشقىلاردىن ئېھتىيات قىل-
ماي ، ۋەھىمە يېمەي ياشاپ بېقىش ئۈچۈن بۇ سىرنى ئاخىر سىلەرگە
ئاشكارىلىدىم . باغنى نېمە قىلساڭلار قىلىڭلار . مېنىڭ مىراس قال-
دۇرغۇدەك ھېچقانداق يېقىن ئادىمىم يوق . ماڭىمۇ قانداق جازا بەر-
گۈڭلار بولسا بېرىۋېرىڭلار ، دېدى ئىگەمبەردى بوۋاي .

شۇ چاغدا ماڭا بۇ باغنىڭ پۈتۈن تىلسىمى يېشىلىپ كەتكەندەك ،

بارلىق تىلسىم ئاشۇ مەن كۆرمىگەن ئىسكىلىتقا مەركەزلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى . ئۆيدە ئولتۇرغانلار ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئىشى قالمىغانلىقىنى سېزىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى . ھېچكىمنىڭ بوۋاينى سوتلىغۇسى ياكى بوۋايغا ھەمراھ بولۇپ قالغۇسى يوقتەك ، ھەممىمىز ئۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقتۇق .



# باشقا ئاياللارنى ماختىماڭ

ئۆيدە كىر يۇيۇۋاتاتتىم ، سىرتتا بىرسىنىڭ چاقىرغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇدۇلۇمدىكى دېرىزىدىن قارىسام هويلىدا تال ئارتىۋاتقان يولدىشىم مەندىن بۇرۇن دەرۋازىغا بېرىپ بولغانىكەن .

— ئىشتىن قايتقاندىلا دەپ قويسىڭىز بولمامتى ، ئۇ هازىر كىر يۇغىلى تۇتۇنغان ، — دېدى ئېرىم دەرۋازا سىرتىدا تۇرغان خىزمەتدىشىم سانىيەگە :

— ئىشتىن قايتقاندا دەي دېسەم ئۆيگە ئالدىرىدىم ، ئىشقا ماڭغۇچە دەپ قويىمەنغۇ دەپ ئويلاپتىمەن .

— ئالدىراپ ئۆي بىر يەرگە كېتەمتى ، كۈندە بارىدىغان يەرغۇ شۇ .

— بىز قانداق سىلەر ئەرلەرگە ئوخشايمىز پۇرقەت . سىلەردەك ئۆيگە قاچاندا كەلسەك تەييار تاماق يوق . نەچچە قورساق بىزگە قاراپ تۇرسا ، — دېدى سانىيە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بولغان ماڭا كۈلۈپ قويۇپ .

— ئەسلىي سىزنىلا ئالىدىغان گەپكەنتۇق ، مانداق ياخشى تەرەپلىرىم بار دەڭ ، بىزنىڭ خوتۇنلىنىڭ تۇرقى مۇشۇ ، مۇنداق ئادەمنى ئېرىتكۈدەك گەپلىرى يوق ، — دەپ ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى ئېرىم .

ئېرىمنىڭ گەپلىرى جېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسىمۇ سانىيەگە كۈلۈپ قويۇپ ، هازىرلا بېرىپ باشلىق تاپىلىغان ئىشنى پۈتكۈزۈۋېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم - دە ، ئۆيگە كىرىپ كىرلەرنى سىقىشقا باشلىدىم ، كۆز ياشلىرىم كىر سۈيىگە ئېقىپ چۈشتى ، ئېرىم هېچنېمىدىن بىخەۋەر هويلىدا ئۆز ئىشىنى قىلىۋاتاتتى .

بۇ ئۇنىڭ ئادىتى، ئۇنىڭغا تالادىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەلۇم بىر يەرلىرى مەندىن ئارتۇق كۆرۈنىدۇ، خۇددى مەن ئۆيدە تاماق ئەتمەيدىغاندەك، ئۇنىڭ بايا دەپ كەتكەن گەپلىرى قورسىقىمنى كۆپتۈرۈۋاتاتتى.

ئۆتكەندە بىز كوچا ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ چوڭ ئۆيگە كېتىۋاتاتتۇق، بىر قاراشتا قىز ياكى چوكانلىقىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان سېرىق چاچ بىر قىز ئۆزىگە قەستەن سۈركەشكەن بىر ئەرگە پەشۋا ئېتىپ ئاپتوبۇستىن چۈشۈرۈۋەتتى، بۇنى كۆرگەن يولدىشىم پۈتۈن ئاپتوبۇستىكى ئادەملەرنى ئاغزىغا قارىتىپ تۇرۇپ:

— پاھ، پاھ، مۇشۇنداق قىزلار قانداق تەلەيلىك نېمىلەرگە ئۇچرايدىغاندۇ، ئوغۇل بالىدەك مەردانە قىزكەنغۇ بۇ، بىزمۇ مۇشۇ بىرى چالما ئاتسا، بومبا چۈشتى دەپ تونۇرغا كىرىۋالىدىغان ئىنجىمەرۇق خوتۇنلار بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىمىزغۇ مانا! — دەپ ماڭا قاراپ قويدى.

ئاپتوبۇستىكى كىشىلەر گەرچە ناتونۇش بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېرىم مېنى ئاشۇ ئەركەكزەدەك قىزغا تەڭ قىلمىغانلىقى، ئېرىمنىڭ دېگىنىدەك بولالمىغانلىقىم ئۈچۈن خىجىل بولۇپ بېشىمنى تۆۋەن قىلدىم.

ئىدارىگە كىرىۋىدىم، بايا سانىيە بىزنىڭ يولداشنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپ ئۈلگۈرگەن بولسا كېرەك، كىمدىن بىرەر قۇسۇر چىقارغىن دەپ تۇرىدىغان ئامىنە كېلىشىم بىلەنلا ئەھۋال سوراش ئورنىغا:

— ھە، گۈلپىيە قىز، ئۆيدە تۇرماي نەدە ئوينىغان، يولداشنىڭ دەردى بەك جىق دەپ ئاڭلايمىزغۇ؟ — دەپ قارشى ئالدى.

كۈلۈپ قويۇپ، گەپ قىلمىدىم، نېمىمۇ دەيمەن، ئۇنىڭ ئادىتى شۇنداق دەپ ئۇنى يامانلاپ بەرگىلى تېخى بولمىسا.

ئىدارىدىن قايتىپ كېلىپمۇ قاپىقىم ئېچىلمىدى، ئۇنىڭ بۇ يامان ئادىتى جېنىمغا تېگىپ، ئارامىمنى قويمىغاچقا، ئۇنىڭغا ئاچچىقىمنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ گەپلىرىگە جاۋاب بەرمىدىم، ئۇ نېمە بولدى دەپ كۆزۈمگە كىرىۋېلىۋىدى، «كەيپىياتىم

ياخشى ئەمەس» دەپلا بولدى قىلدىم . تېلېۋىزور باشلىنىۋىدى ، ئۇ ماڭا تېلېۋىزوردىكى دېكتور قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ :

— قارا ، ئايال كىشى دەپ ئاۋۇنى دەيمىز ، ھەربىر ئېغىز گەپنى قىلىپ بولۇپ بىر تەبەسسۇم قىلىدۇ ، ئاشۇلارنىڭمۇ كەيپىياتى ناچار بولىدىغان ۋاقىتلىرى باردۇ ، لېكىن تۇتۇق چىرايىنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىدى ، سەن شۇلاردىن ئۆگەنسەڭ بولغۇدەك ، — دېدى . تازا زەردەم تېشىپ تۇرغاچقا :

— ھە ، يەنە كىملەردىن ئۆگىنىمەن ، ساڭا زادى باشقا ئاياللارنىڭ بىر يەرلىرى مەندىن ئارتۇق كۆرۈنىدىغۇ ؟ ئۇلار دېگەن خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن شۇنداق قىلىدۇ ، ئۆيىگە بېرىپ باقە ، ئېرىگىمۇ ھەربىر ئېغىز گېپىدە بىر ھىجىيىپ ، خۇشامەت قىلىپ يۈرەمدىكىن ئۇلار ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى تۇرۇپ شۇنچىلىك ئىشنىمۇ ئويلىغۇچىلىكىڭ يوق ، نەرىڭ زىيالىي سېنىڭ ، — دېدىم زەردە بىلەن .

بىز ئۆي تۇتقان ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئۇ تالاي ئاياللارنى ماختىدى . دەسلەپ مەن ئۆزۈمدە ھەقىقەتەن يېتەرسىزلىك بولسا كېرەك دەپ ، ئۇ ماختىغان ئاياللارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگەنمەكچى بولغان ۋە ئاز - تولا ئۆگەنگەنىدىم .لېكىن ،كېيىن مەن ئاشۇ بولار-بولماس ئارتۇقچىلىقلارنى ئۆگىنىمەن دەپ ئۆزۈمنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ، ياخشى خىسلەتلىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم ، ئۆزۈمگە سوغۇققانلىق بىلەن باھا بېرىپ بېقىپ ، ئۆزۈمنىڭ ھېچكىمدىن كەم ئەمەسلىكىمنى ، كەم نەرسىنىڭ ئېرىمنىڭ دىتى ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ، ئۇنىڭ باشقا ئاياللارنى ماختاشلىرىغا بۇرۇنقىدەك ئەستايىدىل قاراپ كەتمەيدىغان بولدۇم . لېكىن ، ئۇنىڭ مېنى باشقىلار ئالدىدا چۈشۈرۈشى غۇرۇرۇمغا تەگدى . ئۇ باشقا ئاياللارنى ماختاش بىلەنلا توختاپ قالغان بولسا ، مەن يەنىلا بۇ ئۇنىڭ ئادىتى دەپ يۈرۈۋەرگەن بولاتتىم .

ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ . ئوغلۇم كىچىك ۋاقتىدا ئېرىم ماڭا داۋاملىق بالا باشقۇرۇش ھەققىدە سۆزلەپ ، مېنىڭ ئۇلارغا

بىرچاغلاردا قوشنا بولغان ئايالدىن ئۆگىنىشىم كېرەكلىكىنى، ئۇ ئايالنىڭ سەككىز بالىسى بارلىقىنى، ئەگەر بالىلىرى خاپا قىلغۇدەك بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ تورۇسىغا داۋاملىق قىستۇرۇپ قويىدى‐غان چىۋىقىنى ئېلىپ: «خۇدايىم بەرگەن كۆك تاياق، يۇگۇرتىدۇ يالاڭ ئاياغ» دەپ تۇرۇپ بالىلىرىنى راسا ساۋايدىغانلىقىنى، قىش كۈنلىرى تالاغا چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى، بالىلارنىڭ تالادا تۇرۇپ: «جېنىم ئاپا، بۇندىن كېيىن ھەرگىز خاپا قىلمايمەن» دەپ يىغلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى، شۇنداق بولغاچقا، ئۆيدە گەرچە سەككىز بالا بول‐سىمۇ، بىرمۇ بالا يوقتەك بالىلارنىڭ تورۇستىكى چىۋىققا قارىغىنىچە پۇتلىرىنى ئۆزۈن سۇنۇپ رەتلىك تىزىلىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتى‐دىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرى قۇلىقىمدا چىڭ تۇرغاچ، بىر كۈنى كەچتە بەك غەلۋە قىلىپ كەتكەن ئوغلۇمنى چۆچۈتۇپ قويۇش ئۈچۈن، كۆتۈرۈپ تالاغا ئاچىقىپ قويۇپ ئىشىكنى يېپىۋالدىم. ئەسلىي بىردەمدىلا ئەكىرىۋالماقچى ئىدىم، يولدىشىم: «توختاپ تۇر، ئۇ يىغلىنىسۇن» دەپ، بالىنى ئۆزى دېگەن قوشنىسى‐نىڭ بالىلىرىدەك يىغلىندۇرۇش ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچقىلى قويمىدى، ئون مىنۇتچە ساقلىدۇق، جىمجىت، ئىشىكنى ئاچساق تالادا بالا يوق. قارا قىشنىڭ قاراڭغۇ ئاخشىمى بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانچە سىرتقا يۇگۇردۇق. ئۈچ ياشلىق بالا بىزنىڭ ئۇنى تالاغا چىقىرىۋەتكەنلى‐كىمىزگە ئاچچىقى كېلىپ چوڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئۆزى بىلگەنچە مېڭىپ كېتىۋاتقانىكەن، تەلىيىمىزگە يولدا كېتىۋاتقان بىرەيلەن كى‐چىككىنە بالىنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق لوكۇلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بالىنى تۇتۇۋېلىپ، ئەتراپتىكى ئائىلىلىكلەردىن سۈرۈشتۈرۈ‐ۋاتقانىكەن. ئۇ كوچىدا بالىنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ تۇرغان شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئارىسىدا ئىككىمىزنىڭ بالىغا قوللانغان «باشقۇرۇش چارىمىز»نى سۆزلەپ كەتتى. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇنىڭغا بۇ ئۇسۇ‐لىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى چۈشەندۇرۇپ سۆزلەپ كېتىۋاتسىمۇ، ئۇ بالىنى سۆرەشتۇرگەنچە ماڭغاچ ماڭا كايىشقا باشلىدى.

— بۇ دېگەن سېنىڭ بالاڭ، سېنى دوريدى، ھېلىقى قوشنىمىز‐

نىڭ بالىلىرىدەك قولىقى يۇمشاق ئەمەس .
ئۇ بالا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزسە ، ئۆزىدە ھېچقانداق خاتالىق يوقتەك ، «ئۇ سېنىڭ بالاڭ ، سېنى دورىدى» دەپ سۆزلەشكە باشلايتـ ـتى . مەن تېرىكىپ : «بۇ ئانام سالامغا قويۇپ بەرگەن بالىمىدى ، سېنىڭ پۇشتۇڭغۇ ، سەندە زادى مەسئۇلىيەت يوقمۇ ؟» دەيتتىم . مانا بۇ بىز ئۆي تۇتقاندىن بېرى ئايىغى چىقمىغان ھەم چىقمايدىغان دەۋا ئىدى .

*　　　*　　　*

— خوتۇن ئالسا دوختۇر ياكى سېسترانى ئالسا بولىدىكەن ، ئۇلار ئادەمنىڭ ھالىغا بەك يېتىدىكەن ، — دېدى بىر كۈنى دوختۇرغا كۆرۈنۈپ كەلگەن ئېرىم ئايغىنى سىلىۋېتىپ .
ئۇ جاھىل خاراكتېرلىك تېرە كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن مۇشۇ بىر ئايدىن بېرى كۈندە بىر قاتراۋاتاتتى .
— دوختۇرخانىدىكى ئايقىزنى دەيمەن ، پاكىز ، چىرايلىق چوكانـ ـكەن ، ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ ، قانداق قويۇۋەتكۈسى كەلگەندۇ دەيمەن گۈينىڭ بالىسى .
ئۇنىڭ مەندىن باشقا بارلىق ئاياللارنى ماختايدىغان خۇيى ئايقىزنى ماختايدىغان خۇيغا ئۆزگەردى . ئۇ ئەنە شۇنداق ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر ئايقىزنى ماختاپ يۈرەتتى . ئۇ ئومۇمىيلىقتىن ئايرىلىقتا ئۆتكەندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ ئايقىزنى تىنماي ماختاشلىرى ، ئايقىزنىڭ تولۇقى قوشۇلۇپ ئىچىمنى زەھەردەك ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى ، ئۇنىڭ خۇيى شۇنداققۇ دەپ ھەرقانچە پەرۋا قىلماي دېسەممۇ ، ئۇنىڭ ھەر كۈنى ئاتالمىش تېرە كېسىلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا كۈندە بېرىپ تۇرۇشى ، ئايقىز ھەققىدىكى تۈگىمەس ماختاشلار كۆڭلۈمگە تۈرلۈك گۇمانلارنى سالاتتى .
— ئايقىز بەك چاققان جۇمۇ ، ئۇنداق چاققان ئاياللار ئادەم ئىشىكتىن كىرىپ بولغۇچە تاماق دېگەننى گاژـ گۇژ قىلىپلا ئالدىغا

قويۇپ بولىدۇ ،— دېدى بىر كۈنى تاماق ئېتىۋاتسام قورسىقى ئېچىپ كەتكەن ئېرىم .

— ئۇ قاچان ساڭا تاماق ئېتىپ بەرگەن ، سەن مۇشۇ كۈنلەردە ئايقىزنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان بولۇپ كەتتىڭ ، ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالغان ئوخشىمامدۇ ، بولمىسا بېرىپ شۇنى ئالغىنا ، — دېدىم ئاچچىقىم كېلىپ .

— ئالسا ئالغۇچىلىكى بار چوكان ، — دېدى ئېرىم بەخىرامان هالدا .

ئىچىم شۇنداق ئاچچىق بولدىكى ، ئايقىزنىڭ ئېرىمگە تاماق ئې-تىپ بېرىۋاتقان ، ئىككىسىنىڭ بىر شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتقان كۆرۈنۈشى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ ئارام بەرمىدى .

بىر كۈنى ئۇ دوختۇرخانىغا كېتىپ خېلى ئۇزاققىچە كەلمىدى . كۆڭلۈمگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ ، ئۇنى ئىزدەپ دوختۇرخانىغا بار-دىم . تېرە بۆلۈمىگە كىرىپ كۆرگىنىم بەدىنىنىڭ يۇقىرىقى تەرىپى يالىڭاچ كارىۋاتتا ياتقان ئېرىم بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېڭىشىپ تۇر-غان ئايقىز بولدى . ئاچچىقتىن چېكە تومۇرلىرىم چىڭقىلىپ ، هازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى . يۈگۈرۈپ بارغانچە ئايقىزنىڭ چېچى-غا ئېسىلدىم . ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلىغان كىشىلەر بۆلۈمگە توپلاش-قىلى تۇردى . مەن كىنولاردىكى قايسىبىر سەلبىي پېرسوناژلاردەك ئوسال هالەتتە جېدەلنى داۋاملاشتۇردۇم . مەن ئۇزاق مۇددەتلىك گۇمان ۋە هازىرقى پاكىت كەلتۈرگەن ئاچچىق بىلەن بىردەمدىلا بىرمۇنچە ئىشنى تېرىپ ، ئۆزۈمنىمۇ ، ئۆزگىنىمۇ رەسۋا قىلغانىدىم .

* * *

سوتنىڭ چاقىرىق قەغىزىنى تۇتقىنىمچە ئولتۇرغىنىمغا ئۈچ سا-ئەتچە بولدى . ئىشنىڭ بۇ دەرىجىدە بولۇپ كېتىشىنى ئويلاپ يەتمىگە-نىكەنمەن . چاقىرىقتا يېزىلىشىچە ، ئايقىز بىمارنىڭ كۆكرەك ، دۈمبە قىسىملىرىدىكى كېسەللىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈۋاتقاندا مەن تۇيۇقسىز

باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپ ھاقارەتلەپ ، نورمال خىز-مەت قىلىشىغا تەسىر يەتكۈزۈپتىمەن . ئەگەر ئۇستۇنكى كىيىملىرى يوق بىر ئەرنىڭ ئۇستىگە بىر ئايال ئېڭىشىپ تۇرغان بىر پارچە رەسىمنى تامغا ئېسىپ قويۇپ ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق چۈشەندۈرۈش بەرمىگەن بولسا ، سىز چوقۇم ئۇلارنى شەھۋانىي بىر ئىش قىلغان ياكى قىلماقچى بولۇۋاتقان دەپ قارايسىز ، ئەگەر رەسىمنىڭ ئاستىغا «دوختۇرخانىدا» دەپ يېزىپ قويۇپ ، ئۇ ئايالغا ئاق خالات كىيدۈرۈپ قويغان بولسا ، ئۇ بىزنىڭ نەزىرىمىزدە بىر ئەر بىمار بىلەن ئاق خالاتلىق پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ . ئالدىنقى خىيالنى ھەرقانچە قىلىپمۇ كاللىڭىزغا سىغدۇرالمايسىز . دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئايىغىز مېنىڭ ئۇستۇمدىن ئەرز قىلىشقا جۈرئەت قىلغانىدى .

بۇ ئىشتا بەلكىم مەن خاتا پەرەز قىلغاندىمەن . ئاچچىق ئەقلىمنى كېسىپ ، شۇنداق بىر توغرا كېلىپ قالغان ئىش ئۈچۈن گۇمانخورلۇق قىلىپ بۇ ئىشنى تېرىپ قويغاندىمەن ، بىراق بۇنداق قىلىشىمغا سە-ۋەب بولغان نەرسە نېمە ؟ ! ئەگەر ئېرىم ئايىغىزنى تولا ماختىمىغان ، مېنىڭ ئارامىمنى بۇزۇپ ئۇنىڭ گېپىنى تولا قىلمىغان بولسا ، مەن تېرە بۆلۈمىدىن جىمجىت قايتىپ چىققان بولار ئىدىم . ئايىغىز پەقەت ئۆزىنىڭلا ئابرۇيى تۆكۈلدى دەپ ئويلايدىكەن ، شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئالدىدا ئېرىمنى تارتىۋالدىڭ دەپ سوقۇشۇپ يۈرۈش مەندەك بىر تەربىيە كۆرگەن ئايال ئۈچۈن قانچىلىك نومۇسلۇق ئىش ؟ مەن ئىز-زەت - ھۆرمىتىم ئۈچۈن ئەرز قىلىپ نەگە بارىمەن . خىزمەتداشلى-رىمنىڭ «ساراڭكەنغۇ بۇ ، ئۆز ئېرىنى قارىلاپ ، ئېرىمنى تارتىۋالدىڭ دەپ خەق بىلەن سوقۇشقۇچە ئۆلۈۋالسىچۇ» دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ قالغان چاغلىرىمدا مەن يۈتقان ئازابلارنىڭ بەدىلىنى كىم تۆلەيدۇ . تۈنۈگۈن باشلانغۇچ مەكتەپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتىم ، مەكتەپ ئالدىدا گازىر ساتىدىغان بىر ئايال يەنە بىر گازىرچىنى «ئۆتۈپ بارە ، ئەرگە يارىمىغان پاسكىنا» دەپ تىللاۋېتىپتۇ . بۇ گەپلەرنى خۇددى ماڭا دارىتمىلاپ ئېيتىۋاتقاندەك بىئارام بولۇپ كەتتىم .

— ھە ، يەنە نېمە غەمگە پېتىپ كەتتىڭىز ، يەنە شۇ ئىشلار

كاللىڭىزغا كىرىۋېلىۋاتامدۇ؟ بولدى ئۇيلاۋەرمەڭە، پۇرقەت بىلەن ئەپلىشىپ قالغانسىلەر، بولمىسا بىز ئارىغا كىرەيلىمۇ؟— دېدى بىر بۆلۈمدە ئولتۇرىدىغان ساتتاركام يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ.

— ھېچنېمە قىلماڭ، پەقەت ئايالىڭىزنىڭ ئالدىدا باشقا ئاياللارنى ماختىماڭ.

بۇ گەپنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قاپتىمەن، بۇ گەپ بىلەن تەڭ قەلبىمدە ئۇزاق يىل بېسىلىپ ياتقان غەزەپ ۋە ئازاب بىراقلا پارتلاپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم.



# ۋىسالسىز سۆيگۈ

سالام سۇلھەت ! سېنى بۇرۇنقىدەك «سۆيۈملۈك» دەپ ئاتىمىغىنىمغا ھەيران بولۇۋاتقانسەن؟ خېتىڭنىڭ جاۋابىنى كۆڭلۈڭ تۇيۇۋاتقاندۇ؟ !

سۇلھەت ! مەن تەقدىرنىڭ ئاجايىپ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتىم . بىراق ، سېنىڭ — مەن دۇنياغا تۆرىلىپ ئەڭ يالقۇنلۇق ، ئەڭ سەمىمىي ، ئەڭ پاكلىق بىلەن سۇغىرىلغان ھېسسىياتىم بىلەن ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ بەكمۇ كېچىكىپ سۆيگۈ ئىزھار قىلىشىنى ئويلىمىغانىدىم . سېنىڭ خېتىڭنى ئوقۇپ ، بۇندىن بەش يىل بۇرۇنقى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆز ئارزۇيۇمغا قارشى ھالدا قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا كۆمۈۋەتكەن ئاشۇ پاك تۇيغۇلىرىم ، ئاشۇ قايناق ھېسلىرىم قايتىدىن قوزغىلىپ ، قەلبىمدە باشقىچە غەليان كۆتۈردى .

تەقدىر نېمانچە ئادالەتسىزدۇ؟ ! ئەگەر سەن كۆڭلۈڭنى بۇندىن بەش يىل بۇرۇن ئىزھار قىلغان بولساڭ - ھە ! ئۇ چاغدا مەنمۇ بۇنداق قىسمەتكە دۇچ كەلمىگەن ، بىرچاغلاردا زارىقىپ كۈتكەن خەتكە قاراپ تەڭلىكتە قالمىغان بولاتتىم . ياق ! سۇلھەت ، سەندە گۇناھ يوق ، ئۇ چاغلاردا بىز تېخى ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئىدۇق . شۇڭا ، گەرچە ھەر ئىككىمىزنىڭ قەلبىدە ئاتەشتەك ھارارەتلىك سۆيگۈ ئۇچقۇنلىرى يانغان بولسىمۇ ، ئۆزئارا سىر يوشۇرۇپ يۈرگەنىدۇق . سەن خېتىڭدە مېنى شۇ چاغدىلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى تەن ئېلىپسەن . گەرچە مەن ئاشۇ چاغدىلا سېنى ئۇنتۇپ كەتمەكچى بولغان بولساممۇ ، لېكىن ساڭا تەلپۈنۈپ تۇرغان يۈرىكىمنىڭ يوشۇرۇن كۆيۈشلىرى ئۇزاق تۈنلەردە ماڭا ھەمراھ بولدى .

خىيالىمدا دائىم يىرىك قارا چاچلىرى كەينىگە تارالغان، ئاق يۈزلۈك، كەڭ پېشانە، نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئەقىل - ئىدراك ئۇرغۇپ تۇرغان، دائىم تەنھەرىكەتچىلەر كىيىمى كىيىپ يۈرىدىغان ئېگىز بويلۇق بىر بالا گەۋدىلىنەتتى. ئۆزۈمنىڭ سېنى ئۇنتۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىم ھېچ ئۈنۈم بەرمىگەن، بەلكى شۇ «ئۇنتۇش» سېنى دائىم ئەسلەتكەنىدى. خىيالىمدا سەن بىلەنلا ياشايتتىم. ئەمدى بىلسەم، مۇھەببەت ئوتى ھىجران دەملىرىدە تېخىمۇ يالقۇنلايدىكەن. گاھىدا ئاسماننى قارا بۇلۇتلار قاپلاپ، جۇت - شىۋىرغان بولۇۋاتقان كۈنلەر ساڭا گۈزەل، يېقىملىق تۇيۇلىدىكەن. گاھىدا قۇياش پارلاپ، گۈللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇللار سايراپ تۇرغان كۈنلەر ساڭا قاراڭغۇ، زۇلمەتلىك تۇيۇلىدىكەن. بۇ ئۈچ يىلدىن بۇيان مەن ئۆز جىددىيچىلىكىم تۈپەيلى سېنى «ئۇنتۇغان»، بۇرۇنقىدەك ياش تۆكمىگەن، ھازىرقى كۈنلىرىمگە قانائەت قىلىپ، ھەممىسى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، دەپ تەقدىرگە تەن بەرگەنىدىم. تۆت كۈن بۇرۇن سېنىڭ سۆيگۈ خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، بىرچاغلاردىكى قايناق ھېسسىياتىمنىڭ تېخى يوقالمىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

شۇ تاپتا جاھاننى تىترىتىپ ۋارقىرىغۇم، كائىناتنى قۇچاقلاپ يىغلىغۇم، ئارماندا قالغان ياشلىقىمنىڭ بەش يىلدىن بۇيانقى يوشۇرۇپ كەلگەن ئازابلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغۇم كەلدى.

بىلەمسەن سۆلھەت، شۇ تاپتا كۆز ياشلىرىم قانچىلىك ئېقىۋاتىدۇ؟ خېتىڭنى تاپشۇرۇپ ئالغان تۆت كۈندىن بۇيان ھەر كۈنى قەلەم تۇتۇپ، ئۇزاق ئولتۇرۇپ بىرنەرسىلەرنى يازىمەن - دە، يىغلاشقا باشلايمەن. شۇ تاپتا ئۇيقۇسىزلىقتىن باشلىرىم يېرىلغۇدەك ئاغرىماقتا. بىراق، مەن يەنىلا يىغلاپ ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى سەممىي، يالقۇنلۇق، ئەمما پىغانلىق، ۋىسالسىز سۆيگۈمنىڭ قۇدرىتىدىن بولۇۋاتىدۇ. ھازىر شۇنى تېخىمۇ ئېنىق ھېس قىلدىمكى، مەن پەقەت سېنى، پەقەت سېنىلا ياخشى كۆرۈپ كېتىمەن. بىراق، تەقدىرىمىز شۇنداقمۇ - قانداق، بىزنىڭ سۆيگۈمىز تاغدىن بۈيۈك، دېڭىزدىن چوڭقۇر، قۇياشتەك ھارارەتلىك، ئانا

سۈتىدەك پاك بولسىمۇ، مەڭگۈ ۋىسالغا يېتەلمەيدىغان ئوخشايدۇ. شۇ تاپتا تۈننىڭ جىملىقىنى بۇزۇپ قايسىدۇر بىر ئولتۇرۇشلاردىن قايتقان بىراۋلارنىڭ ئېيتىپ كېلىۋاتقان ناخشىسى ئوچۇق تۇرغان بالكوننىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ كىردى:

«ئانام مېنى تۇغقاندا،
ئاق يۆگەككە يۆگىگەن.
ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن دەپ،
بەختى بولسۇن دېمىگەن.»

بۇ ناخشىنى مەن كىچىكىمدىن تارتىپ بىلەتتىم. تەنەپپۇس ۋاقتىدىكى «ياغلىق تاشلاش» ئويۇنلىرىدا يېڭىلگىنىمدە دائىم مۇشۇ ناخشىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. يېزىدىكى چېغىمدا ھەر كېچە دېگۈدەك بۇ ناخشا گويا تۈگىمەس ناخشىدەك ئۆيىمىزنىڭ دېرىزىسىدىن ئۇچۇپ كىرەتتى. ئۇ چاغلاردا مۇشۇ ناخشىنىڭ مۇڭى مېنىڭ پىغانلىق قەلبىمنى ئېزىپ، كېچىچە ياستۇقۇمنى ھۆل قىلىپ چىقىشىمغا سەۋەبچى بولغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ ناخشا ماڭا بۇ شەھەردە ئەمەس، بەلكى يىراقتا قالغان بىزنىڭ يېزىنىڭ چىغىر يوللىرىدا ئېيتىلىۋاتقاندەك، تۈن قوينىنى يېرىپ يىراقلاردىن ئۇچۇپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ناخشا بىلەن تەڭلا تاغدەك ئېگىز غارام ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئارا بىلەن بۇغداي باغلىرىنى ئەپچىلگىنە سانجىپ ئېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇتى ئاستىدىكى باغلار دۆۋىسىگە تىزىۋاتقان، ئايدىڭدا ساپسېرىق بۇغداي غوللىرىنى قاماللاپ تۇتۇپ، ۋارسىلدىتىپ ئورما ئورۇۋاتقان، سەلكىن شامالدا توپاننى ئاسمان - پەلەك ئېتىپ سورۇق سورۇۋاتقاندەك بەردەم، ئېگىز دېھقان يىگىت كۆز ئالدىمغا كېلەتتى.

سۈلھەت، مەن ھازىر بىر بالىنىڭ ئانىسى، سەن بۇنى بىلسەڭ ئىدىڭ، چەت ئەلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئوقۇپ كەلگەن، بەختى-پېشانىسى ئوڭ كەلگەن بىر يىگىت تۇرۇپ مەندەك بىر ئايالغا بۇ

تەلەپنى قويماس ئىدىڭ . سەن مېنىڭ تۇرقۇمغا قاراپ ، بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇنقى مەن ياخشى كۆرىدىغان قىز دەپ ھېسابلىدىڭ ، مېنىڭ رېئاللىقنى يوشۇرغۇم ، ئۆزۈم سۆيگەن كىشىنى ئالداپ ساختىپەزلىك بىلەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكۈم يوق . مەن ساڭا ھەممىنى ، مەندىن خەۋەرسىز قالغان چاغلىرىڭدىكى ھەممە ئىشنى سۆزلەپ بې- رەي .

بىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەن يىلى دادام مېنى ئالىي مەك- تەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتۇرمىدى ، «بولدى ، مۇشۇ ئوقۇغىنىڭمۇ يې- تەر . قىز بالا دېگەننى باشقىلار باقىدۇ» دېدى . توۋا ! قورساقنىڭ ئاچلىقىنى تولدۇرۇش مۇمكىن ، لېكىن مەنىۋى ئاچلىقنى تولدۇرۇش ئۈچۈن بىر كۈن كېچىكسە ، ھازىرقى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان تەرەققى- يات دەۋرىدە قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بەزى ئاتا - ئانىلار نېمىشقا ئويلىمايدىغاندۇ ؟ !

مەن ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم دادامنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىق- تىم . دادام ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ : «تېخى ماڭا گەپ ياندۇر- غۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ ساڭا تىل چىقارغان ، سېنى گۇركىرەتكەن ئاشۇ مەكتەپ . مەن ئەمدى سېنىڭ مەكتەپكە بارغىنىڭنى كۆرەي» دەپ ئوقۇش ماتېرىياللىرىمنىڭ ھەممىسىنى يىلىنجاپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاققا تاشلىدى . مەن دادامنى — مېنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان دادامنى غەزەپ بىلەن ئىتتەردىم - دە ، دەھشەت بىلەن چىرقىرىغىنىمە- چە ئۆزۈمنى ئوچاققا ئاتتىم . كۆيۈۋاتقان ئوچاققا قولۇمنى تىقتىم . ئاھ ! مېنىڭ قول كۆيدۇرۇپ ئېرىشكىنىم نېمە بولدى ؟ چالا كۆيگەن كىتاب ۋاراقلىرى ، تېخى تەلتۆكۈس ئۆۋۈلىپ كەتمىگەن قەغەز كۆيۈكلىرى…… ئوتتا كۆيگەنلىرى مېنىڭ كىتابلىرىم ئەمەس ، يۈرىكىم ، ئارزۇ - ئارمانلىرىم ئىدى ! مەن شۇ چاغدا بىلدىمكى ، ھېلىقى ئون يىللىق مالىمانچىلىقتا مىللىتىمىزنىڭ قىممەتلىك مەدە- نىيەت مىراسلىرىنى كۆيدۈرگەنلەر دادامغا ئوخشاش ئىلىم - مەرىپەت- نىڭ قىممىتىنى چۈشەنمەيدىغان ياۋۇز تەلۋىلەر ئىكەن .

مەن دادامنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلغىنىنى كېيىنرەك بىل-

دىم . دادام قاسساپ ئىدى . ئۇ شۇ ۋاقىتتا يېقىندىن بېيىغان بىر باي چارۋىچى بىلەن تونۇشۇپ ئېلىم - بېرىم قىلىپ يۈرۈشكەنىكەن . ئۇ چارۋىچى بىر كۈنى دادامغا : «قىزىڭنى ئوغلۇمغا بەرسەڭ» دەپتىكەن ، دادامنىڭ بېشى كۆككە يېتىپتۇ . چۈنكى ، ئۇنىڭ بىلەن قۇدا بولسا دادامنىڭ تىجارىتى ئۈچۈن پايدىلىق - تە . مەن بۇ سودا ئارىلاشقان نىكاھقا قەتئىي قارشى تۇردۇم . ھەتتا : «ئۆلۈۋالىمەن . يېزىلىق ئاياللار ئىشخانىسىغا ئەرز قىلىمەن» دەپ تەھدىت سالدىم . بىراق ، مەن ئۆلۈۋالمىدىم ، ئەرزمۇ قىلمىدىم ، مەن بۇ تويغا قوشۇلدۇم . مېنىڭچە ، ئىرادىلىك ئادەمنى ئەگەر ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھ-شىي ئۇسۇللار بىلەن قىينىسا ، ئۇ ئۆز پىكرىدە تېخىمۇ چىڭ تۇرىدى-كەن . بىراق ، كۆپلىگەن ئادەملەر ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۈزۈلدۈرمەي نەسىھەت قىلىشۋەرسە ، ئۇ ھېچبولمىسا ئىدىيە جەھەتتىن تەۋرەپ قالى-دىكەن . بۇ خۇددى مومام ئېيتقان چۆچەكتىكى بوران قانچە كۈچەپمۇ سالدۇرالمىغان جۇۋىنى ئاپتاپنىڭ ناھايىتى تېزلا سالدۇرۇۋەتكىنىدەك بىر ئىش ئىكەن . ماڭا شۇ 3 — 4 ئايدىن بېرى نەسىھەت قىلمىغان تۇغقانلار ، قولۇم - قوشنىلار ، ھەتتا مەن ئەرز قىلىمەن دەپ ئىشى-نىپ يۈرگەن يېزىلىق ئاياللار ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى قالمىدى . ئۇلار يىگىتنىڭ پەزىلىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ، تويدىن كېيىن مېنى ھەتتا پۇل تۆلەپ ئوقۇتىدىغانلىقلىرىنى دېيىشتى . گەرچە مەن شۇ چاغدا سېنى يەنىلا ياخشى كۆرىدىغان ، سېنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدى-غانلىقىڭنى بىلىدىغان بولساممۇ ، لېكىن ئارىمىز ئېچىلمىغانىدى . مەن ساڭا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ ساماۋى مۇھەببەت بولۇپ قالغانلى-قىنى ھېس قىلدىم . مەن ئىلاجسىز تويغا قوشۇلدۇم . توي يېقىنلاش-قانسېرى مېنى قايغۇ - ئەلەم باستى . ئۆزۈمنىڭ رازىلىق بېرىپ قويغىنىمغا ئاچچىقىم كېلەتتى . يېنىۋالاي دېسەم ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ بولغان . يىگىت تەرەپنىمۇ ، ئاتا - ئانامنىمۇ ئوسال ئەھۋالدا قالدۇراتتىم . ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن ئۈن - تىنسىزلا ئوقۇشقا كەتتىڭ - دە ، ماڭا ھەمدەم بولغۇدەك خېتىڭمۇ كەلمىدى ، ئاخىر تويۇم بولدى . توي كۈنى يىغلىغان يىغامغا دوستلىرىم ھەيران بولۇپ :

«ئۆزۈڭ خالاپ قىلدىڭغۇ؟ يەنە نېمىگە يىغلايسەن؟ نازلىنىشمۇ لايىقىدا بولسۇن» دېيىشتى. بىر قىزنىڭ پۇل - مال ئالدىدا ئېتىبارسىز قارالغان ئالتۇندەك ساپ ھېسسىياتىغا، خارلانغان ياشلىقىغا بولغان ئېچىنىشى ئۇلارغا «نازلىنىش» بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى.

يولدىشىم مەمتىمىن باشقىلار ئېيتقاندەك ياخشى يىگىت ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ئۆيلەنگەن، ئايالى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. ئۇ ئائىلە ئەخلاقىغا دائىر ئىشلاردىن خەۋەردار بولغاچقىمۇ مېنى ناھايىتى ئىززەتلەيتتى.

دۇنيادا يېشىلمەيدىغان سىر، چىقمايدىغان قىر يوق. مېنىڭ سىرىمنىڭ پاش بولۇشىغا كۆندىلىك خاتىرەم سەۋەبچى بولدى. بۇ بىز ئەمدى بىر باللىق بولغان چاغ ئىدى. ئۇ كۈنى مەن ئاپامنى يوقلىغىلى كەتكەنىدىم. قايتىپ كەلسەم ئۆي مالىماتاڭ قىلىنغان. مېنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ساندۇقۇمنىڭ تېگىدە ساقلاۋاتقان كۈندىلىك خاتىرەم ۋاراقلىرى ئاجراپ يەردە ياتاتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي تامغا يۆلىنىپ قالدىم. بۇلۇڭدا بېشىنى چاڭگاللاپ ئولتۇرغان مەمتىمىن ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، قولۇمدىن بالىنى زەرب بىلەن تارتىپ ئالدى - دە: «ئۆيدىن چىق!» دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئۆمۈر بويى بىرلا، بىرلا ئادەم بىلەن ئۆتۈشنى خالايتتىم. ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قايتا ياتلىق بولۇش مېنىڭ نەزىرىمدە چوڭ ئەخلاقسىزلىق ئىدى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ يىغلىدىم. بۇندىن كېيىن مەن ھەرگىزمۇ باشقا ئويلاردا بولمايمەن دەپ قايتا - قايتا يېلىندىم. ئۇ مېنىڭ يىغلىرىمدىن تەسىرلەندىمۇ - قانداق، جىم بولۇپ قالدى. شۇ كېچىنى بىرىمىز يىغا بىلەن، بىرىمىز ئاچچىق خورلىنىش بىلەن ئۆتكۈزدۇق. دۇتارنىڭ ئۈزۈلگەن تارىدىن چىققان ساز ھېچقاچان جاراڭلىق، يېقىملىق بولمايدۇ. مېنىڭ ساڭا بېغىشلانغان سىرلىرىمنىڭ پاش بولۇشى يولدىشىمنىڭ قەلبىنى زېدە قىلغانىدى. شۇڭا، شۇ ئىشتىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ماڭا: «مېنى قىلچە ياخشى كۆرمىگەن بىرى بىلەن ئۆي تۇتۇپ، ئۆزۈمنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئازابلاشنى خالىمايمەن،

ئۆيدىن خالىغان نەرسەڭنى ئال ! ئاجرىشىپ كېتەيلى ، مەن بالىمىزنى يۆكسەك مېھىر - مۇھەببەتتىن تۇغۇلدىمىكىن دېسەم ، ئۇ ئاچچىق ئەلەم - ھەسرەتتىن تۇغۇلۇپتىكەن . ماڭا مۇشۇ بەختسىزلىكىمنىڭ يادنامىسىنى قالدۇرۇپ كەت ! » دېدى . مېنىڭ بۇ ئۆيدىكى بىساتلاردا نېمە ھەققىم بار ئىدى ؟ ئاددىيسى ، مەن ئۇنى ئۆمۈرلۈك ھەمراھىم سۈپىتىدە ياخشى كۆرۈپ باقتىممۇ ؟ شۇنداق تۇرۇقلۇق ، قايسى يۈزۈم بىلەن ئۇنىڭغا تەئەللۇق نەرسىلەرگە قول تەگكۈزىمەن ؟

مەن ھېچنېمە دېمەي ، قولىقىمدىكى تويلۇق ھالقىنى ئېلىپ : «بۇنى قىزىمىز چوڭ بولغاندا سالسۇن ! » دەپ بۆشۈكنىڭ بېشىغا قىستۇردۇم . ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئۆيگە ئاشۇ ھالقىنىڭ قىممىتىچىلىكمۇ كۆڭۈل قويمىغانىدىم .

مېنىڭ ئاجرىشىش قەغىزىنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىمنى كۆرگەن ئاپام داڭ قېتىپ قالدى . دادام بولسا بارلىق ئارزۇ - ئۈمىدلىرى سۇغا چىلاشقاندەك سالپىيىپ كەتتى . مەن مەتىمىن بىلەن كېلىشىدىغانلىقىمىز بويىچە : «ئۇنىڭ ماڭا كۆڭلى چۈشمەپتۇ » دېدىم . ئاپام بىرنەچچە كۈنگىچە : «نېمە ؟ ئاشۇ تاغ شامىلى يەپ كەتكەن قارىلاقنىڭ مېنىڭ لەھەلدەك سۈزۈك قىزىمغا كۆڭلى چۈشمەپتىمۇ ؟ » دەپ قايناپ يۈردى . مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىمغا ئەمەس ، 19 يېشىمدىلا تۇل خوتۇن بولغىنىمغا ئېچىنىپ ھازىرغىچە ئازابلىنىمەن . بۇلارنى ئاز دېگەندەك ، كېيىن بىرنەچچە يەردىن ئەلچى كەلدى . مەن قەتئىي رەت قىلدىم . ئاتا - ئانامنىڭ ئىلاجىسىز زورلىمىدى .

بىرچاغلاردا «باشقىلارغا ھاپاش بولۇشنى ئەمەس ، باشقىلارنى ھاپاش قىلىپ مېڭىشنى» ئويلايدىغان مەندەك بىرسىنىڭ تەييارغا ھەييار بولۇپ ئولتۇرۇۋېرىشى ئۆزۈمگە ئېغىر كەلدى . شۇنىڭ بىلەن بىر سەيپۇڭغا شاگىرتلىققا كىردىم . شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھېلىقى مەن بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان رازىيە كىيىم بۇيرۇتقىلى دۇكىنىمىزغا كىرىپ كەلدى - دە ، مېنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى . كېيىن : «ۋاي ، سەن رىزۋانمۇ سەن دوستۇم ! » دەپ قۇچاقلاپ كەتتى . «مەن سېنى ھېچقاچان كۆز ئالدىمغا مۇنداق ھالەتتە كەلتۈرۈپ

باقىمغانىدىم . رىزۋان ، ساڭا نېمە بولدى ؟ » دېدى ئۇ ماڭا ئېچىنىش
ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ .

مەن بەختسىزلىككە ئۇچرىغان ئاشۇ كۈنلەردە ھېچكىممۇ بەخت-
سىزلىكىمنى يۈزۈمگە مۇنداق ئېنىق ئېيتمىغانىدى . دېمىسىمۇ ، را-
زىيەنىڭ ئىستۇدېنتلارغا خاس تۇرقى — پۈتىدىكى ئېگىز پاشنىلىق
تۇپلىيى ، بېلىنى چىڭ قىسىپ تۇرغان نېپىز كۆڭلىكى ، يەلكىسىنى
يېپىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرى مېنىڭ دۇڭغاڭلى كۆڭلەك ئۇستىدىن
نىمكەش چاپان ، پەس پاشنىلىق خەي كىيىپ ، ياغلىقنى چېكىلەپ
تاڭغان تۇرقۇم بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغانىدى . مېنى
كۆرگەن ھەرقانداق كىشى 19 ياشقا كىرگەن ، رازىيە بىلەن تەڭ
ياشتىكى قىز دېمەيتتى . رازىيەنىڭ سۆزى ۋە ئۆزۈمنىڭ بىچارە تۇر-
قۇم قوشۇلۇپ ، مېنىڭ تېخى قاتمىغان يۈرەك يارامدىن قان سىرغىت-
تى . ئەلەمگە چىدىماي رازىيەگە ئېسىلىپ قانغۇچە يىغلىدىم . ئۇ :
«ئاداش ، تۇرمۇشتا ئۇنداق - مۇنداق ئوڭۇشسىزلىقلار بولۇپ تۇرىدۇ .
ئادەم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا ئۆزىنى تاشلىۋەتسە ئۇنى جەمئىيەتمۇ
تاشلىۋېتىدۇ . قېنى ئوقۇۋاتقان چاغلاردىكى جۇشقۇنلۇقۇڭ ، ھەممىنى
بېسىپ چۈشىدىغان ئۆتكۈرلۈكۈڭ ؟ ! بۇرۇن ئىمتىھانغا قاتنىشالمى-
غان بولساڭ ، ئەمدىچۇ ؟ تېخى سەن ئەمدىلا 19 ياشقۇ ! ؟ سەن جەمئى-
يەتكە ياراملىق ئادەم بولساڭ ، بالاڭمۇ سېنىڭ نامىڭنى نەپرەت بىلەن
ئەمەس ، پەخىرلىنىپ تىلغا ئالىدۇ » دېدى .

خۇدايىم مېنىڭ تەقدىرىمنى ئوڭشاشـنى رازىـيەگە پۈتـۈپ قويـ-
غانمۇ - قانداق ، قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ تەييارلىق سىنىپىدا ئوقۇ-
دۇم . ئاقىۋەت ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم .
شۇ چاغدا غەيرىتىمنى ئۇرغۇتقان يەنە بىر غايىۋى كۈچ سەن ئىدىڭ .

مانا ئوقۇۋاتقىنىمغا ئۈچ يىل بولدى . ئۈچ يىل ھەممىدە ئىلغار
بولۇپ باھالاندىم . بۇ قېتىم ئوقۇغۇچىلار مېنى ئۆزلىرىگە باشلىق
قىلىپ سايلىۋېلىشتى . ئاپامنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، ئەمدى مې-
نىڭ ئامىتىم كېلىۋاتىدۇ . ئاشۇ قوشلاپ كەلگەن ئامەتلەرنىڭ قاتارىدا
سېنىڭ سۆيگۈگە لىق تولغان خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېپ ئالدىم . لېكىن ،

مەن بەش يىل ئىلگىرى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەن بۇ خەت مېنى خۇشال قىلالمىدى . ئەكسىچە ، ئۆتمۈشكە ئايلانغان غۇبارسىز قىزلىق ھاياتىمنى ئەسكە سېلىپ ، كۆڭۈل يارامغا تۇز سەپتى...... سۆلھەت ! مەن ئۆزۈمنى ئەمدى سەن بىلەن بىللە تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن . توغرا ، ھەر ئىككىمىز مۇھەببەتكە ئېرىشەرمىز . لېكىن ، سەن ماڭا ھەربىر قارىغىنىڭدا ، ماڭا ساڭا ئوخشاش كۆزدە قارىغان يەنە بىر ئەرنىڭ بارلىقىنى — بولغىنىنى ھېس قىلساڭ بۇ مەن ئۈچۈن قانچىلىك ئازاب - ھە ! ؟

كەچۈر ، سۆلھەت !

تەلىپىڭنى ئازاب ۋە تەڭلىك ئىچىدە رەت قىلىمەن .

مەن ھازىر ئاشۇ تاغلىق يېزىدا قالغان قىزىمنىلا ، رازىيە ئېيت- قاندەك ، قىزىم پەخىرلەنگۈدەك ئانا بولۇشنىلا ئويلايمەن .

مېنىڭ ئوماق قىزىم تاڭنۇر ھازىر دادىسى بىلەن ھېلىقى قوي باقىدىغان يايلاقتىكى كىگىز ئۆيدە ئۇخلاۋاتقاندۇ . بەلكىم سەبىي چۈش- لىرىدە مېنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ دادىسىدىن مەن توغرۇلۇق تۈگىمەس سوئاللارنى سوراۋاتقاندۇ .مانا ، تاڭ سۈزۈلۈۋاتىدۇ . ھازىر جىمجىت تۇرغان يوللار جانلىنىدۇ . قىزىم تاڭنۇرمۇ ئويغىنىدۇ . ئۇ كىچىككىنە ئاياغلىرى بىلەن شەبنەم باسقان ئوتلاقنى دەسسەپ قۇياشقا قاراپ قۇياشتىن مېنى سورايدۇ......

خوش ئەمدى سۆلھەت !

ساڭا بەخت تىلەپ :

رىزۋان

# سىقىلغان يۈرەك

مەن بۇ يىل تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 2- يىللىقىغا كۆچتۇم ، 13 ياشقا كىردىم . مەن سىلەرگە مۇشۇ يازلىق تەتىلدە ئۆزۈم كۆرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن . سىلەر كىچىك بىر قىزنىڭ گەپلىرىنىڭ قانچىلىك قىزىقى بولار دېمەي ئاڭلاپ تۇرۇڭلار .

بۇ ، يېزا بازىرىدىن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى چەت كەنت . بۇ يەردە پەقەت باشلانغۇچ مەكتەپلا بار . يول يىراق بولغاچقا ، يېزىغا ، ناھىيەگە بېرىپ ئۆرلەپ ئوقۇيدىغانلار بەكمۇ ئاز . بۇ يەردە مېنىڭ بوۋام ، مومام بار . مېنىڭ كىچىك چاغلىرىم مۇشۇ كەنتتە ئۆتكەن . شۇڭا ، بۇ كەنتنىڭ ئىسمى چىقسىلا كۆز ئالدىمغا كۆچلۈك كۆن نۇرىدا چېنىققان بېجىرىم ، پارقىراق ، قىزىل يۈزلۈك ئاياللار ، قارا-قۇمچاق دوستلىرىم كېلىدۇ .

بۇگۈن بوۋام مېنى : «بىرەر ئاي يېنىمىزدا تۇرسۇن» دەپ ئاشۇ كەنتكە ئېلىپ ماڭدى . مەن بوۋامنىڭ ئېشەك هارۋىسىدا ئولتۇرۇپ ، لايدىن ئۆيلەرنى ياسىغان ، چىنە - چەينەك پارچىلىرىنى تىزىپ ، يوپۇرماقلارنى سەي قىلىپ تاماق ئېتىپ ، لاتا قورچاقلارنى ئەللەيلەپ ئوينىغان يەرلەرنى ، مەڭگەن - سامان دۆۋىلىرىگە يوشۇرۇنۇپ مۆكىـ-مۆكىلەڭ ئوينىغان خامانلارنى ئەسلەپ هاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن . هارۋا ناهىيە بازىرىدىن يېزا بازىرىغىچە بولغان تاشيولدا ناهايىتى سىلىق كېتىۋاتاتتى . يېزا بازىرىدىن 20 مىنۇتچە ماڭغاندىن كېيىن ، هارۋا ئىككى چېتى يوغان-يوغان سۆۋادان تېرەكلىك ، شېغىل تۆكۈل-گەن يولغا چۈشتى .

ئېسىمدە قېلىشىچە ، بۇ يول بۇرۇن توپىلىق يول ئىدى . يول بويىدىكى ئېتىزلىقلارغا قارىغىنىمچە هارۋىدا چايقىلىپ كېتىپ بارد-

مەن . بىز بارىدىغان كەنت بىلەن يېزا بازىرى بىر تال يېشىل يىپ ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ قويغان ئىككى يېشىل ياغلىقىقا ئوخشاش كۆرۈ-ندۇ .

بىز مەھەللە ئىچىگە كىرگەندە ، بىر ئىشىك ئالدىدا يۈزلىرى كۆيە سۈركىگەندەك قاپقارا بىر ئايال تۇراتتى . يول بويىدىكى دەرەخكە باغلاپ قويۇلغان ئېشەك هارۋىسىدىن بىر ئادەم يوغان بىر قوينى ئىنجىقلاپ تۇرۇپ كۆتۈرۈپ ئالدى - دە ، ھېلىقى ئايالنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويۇپ :

— ئاز بولۇپ قالدى ، كېيىنچە تەڭشۈۋېتەرمەن ، رازى بولسىلا ، — دېدى .

بوۋام هارۋىدىن چۈشۈپ ھېلىقى قارىۋاي ئايالغا سالام-تەزىم قىلغاندىن كېيىن ، قوي كۆتۈرگەن ئادەم بىلەن سالاملاشتى ۋە باغلاق-لىق ئېشەك هارۋىسى تەرەپنى ئىما قىلىپ :

— بۇ بالىغا نېمە دەرد كەلگەندۇ ؟— دېدى .

ھېلىقى ئادەم مەيۈسلەنگەن ھالدا :

— ھەي...... بىر ئوبدان يۈرگەن بالا ئىدى ، قارىماملا ، ئىككى ھەپتە بولدى شامالدارىپ قېلىپ...... قولىقىم ئاڭلىغانلىكى چارىلەر-نى قىلدىم ، داۋا بولمىدى . بۈگۈن بۇ يەرگە ئەكېلىشىم ، خۇدايىم مەدەت بەرسە ساقىيىپ قالسا — ...... دېدى .

مەن شۇ چاغدىلا هارۋىدا ياتقان 8 — 9 ياشلاردىكى بالىنى كۆردۈم ، بوۋام :

— ھە ، بۇ يەرگە ئەكېلىپ ياخشى ئىش قىپتىلا . خۇدا بۇيرۇسا شىپالىق تاپىدۇ . ئۈيگە قايتىمەن دېمىسىلە ، كەچ قالىلا . يۈرسىلە ، قاراڭغۇدا بالا قىينىلىپ قالىدۇ ، — دېدى .

ھېلىقى ئادەم سەل تۇرۇۋېلىپ :

— ئۆزۈممۇ شۇنى ئويلاپ تۇرۇۋاتاتتىم ، بوپتۇ ، بۈگۈنچە مۇشۇ يەردە قوناي ، — دېدى .

— نېمە دەۋاتىلا ؟ ! مەن قوغدايدىغان ئادەملىرىمنى ئۇ يەرگە ئەۋەتتۇەتسەم ، سىلەر بۇ يەردە تونۇسەڭلار ئادەملىرىم ئېزىپ كەتمە-

دۇ ؟ ! كەچ قالسىلىمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە قايتسىلا ، بولمىسا بالا ساقىيال-مايدۇ ، — دېدى ھېلىقى قارا ئايال .

— بولىدۇ ، بولىدۇ ، بالا ساقىيىدىغانلا بولسا ئۆيگە قايتاي ، — دېدى قوي كۆتۈرگەن ئادەم جىددىيلەشكەن ھالدا ۋە باغلاقلىق ئېشەكنى يېشىشكە باشلىدى :

بىز سەل ئۇزاپ ماڭغاندىن كېيىن ، بوۋامدىن .

— «قوغدايدىغان ئادەملىرىم» دېگىنى كىملەر بوۋا ؟— دەپ سورىدىم .

— جىنلىرى ، بالام ، جىنلىرى ، بۇ ئايالنى بىر كېچىسى جىن ئەپقېچىپ كېتىپ 40 كۈندىن كېيىن ئەكېلىپ قويغان . شۇنىڭ بىلەن كاتتا داخان بولۇپ كەتتى . ئوقۇغىنى بەك كېسىدۇ ، — دېدى بوۋام .

مەن قايىل بولماستىن :

— بىزگە مۇئەللىم تەبىئەت دۇنياسىدا جىن يوق دېگەن . بۇ ئايال ھەقاچان بىرەر يەرگە مۆكۈپ يېتىپ 40 كۈننى توشقۇزۇپ ، 40 كۈنگىچە ئۆزى گەپ جايلاپ كېلىپ خەقنى ئالداپ نەپ ئېلىۋاتقاندۇ ! ؟ — دېدىم .

— ھاي قىزىم ، كۇپۇرلۇق قىلماڭ . توۋا دەپ ياقىڭىزنى چىشلەڭ . ئۇ ئايال شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە گېپىڭىزنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ . سىزگە قەست قىلىپ قويمىسۇن يەنە ، — دېدى بوۋام تەشۋىشلىنىپ ياقىسىنى تۇتۇپ .

مېنىڭ يەنە خېلى بىرنېمىلەرنى دېگۈم بار ئىدى ، لېكىن بوۋامنىڭ ياقىسىنى تۇتقىنىچە بىرنەرسىلەرنى ئوقۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ گەپ قىلمىدىم .

ھارۋىدىن چۈشكەندە پۇتۇن بەدىنىم چېقىۋەتكەندەك ئاغرىپ كەتتى . شۇ كېچىسى لايدەك يېتىپ كەتتىم . ئەتىسى كۈن ئۆرلىگەندىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقسام ، موما م :

— سىزنى كەپتۇ دەپ سەلىمە كىرىپتىكەن ، ئۇخلاۋاتقىنىڭىزنى كۆرۈپ چىقىپ كەتتى ، — دېدى .

سەلىمە دېگەن ئىسمنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. ئۇ موماملارنىڭ تام قوشنىسىنىڭ قىزى، مېنىڭ بۇرۇنقى دوستۇم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئىككىمىز كىچىك چېغىمىزدا ئىتئۇزۇمى تېرىپ يەپ قوناقلىقتا يۈرسەك، بىر ئادەم تۇتۇۋېلىپ، «كۆكباش ئوغرىلاي-دىغان شۇملار» دەپ قۇلاقلىرىمىزنى راسا سوزغانتى.

مېنىڭ يۈگۈرۈپ تالاغا ماڭغىنىمنى كۆرگەن مومام:

— توختاڭ قىزىم، — دەپ، چۇچىلىرى ئۇزۇن، چوڭ، قېلىن زەرلىك ياغلىقنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئارتىۋېلىپ چىقىڭ. ئامىنەنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، قولتۇقىدىغىچە يېڭى يوق كۆڭلەك كىيدۈرۈپ قويۇپتىغۇ بۇ بالىغا، — دەپ ياغلىقنى بېشىمغا چىگىپ قويدى.

بېشىمغا ئېغىر بىرنەرسە ئارتىپ قويغاندەك تۈيۈلۈپ كەتتى. «ئارتمايمەن» دېگۈم بار ئىدى، دېيەلمىدىم. مەندەك بىر مىنۇتمۇ جىم تۇرالمايدىغان كەپسىز قىزنىڭ كالتە چاچلىق بېشىغا چىققان ياغلىق سەلىمەنىڭ ئىشىكىگە يۈگۈرۈپ بارغۇچە ئاران تۇردى. كەيىنىمگە قارىسام ھېلىقى ياغلىق يەردە تۇرىدۇ. ئېلىپ سەلىمەنىڭ ھويلىسىدىكى باراڭغا ئىلىپ قويدۇم.

سەلىمە ئىككىمىز كۆرۈشۈپلا ئويۇنغا كىرىشىپ كەتتۇق. بىر-چاغدا ئىككىمىز ئاتلانچۇق ئويناۋاتساق، بىر توپ بالىلارنى ئەگەشتۇ-رۇپ فوتو ئاپپارات ئاسقان بىر كىشى كېلىپ قالدى.

— ماۋۇ ئادەم بىكارغا رەسىم تارتىۋاتىدۇ، — دېيىشتى ئولىشىۋالغان بالىلار ۋاڭ-چۇڭ قىلىشىپ.

راست، دېگەندەك ھېلىقى ئادەم بىزنىمۇ رەسىمگە تارتماقچى بولدى. بىز دىققەتتە تۇرۇۋېدۇق، رەسىمچى سەلىمەگە:

— ئىككىڭلار ئويۇنۇڭلارنى ئويناۋېرىڭلار، سىز ياغلىقىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ، بەك چوڭ كۆرۈنىدىكەنسىز، — دېدى.

سەلىمە بېشىغا قولىنى ئۇزىتىپ توختاپ قالدى. رەسىمچىنىڭ قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ياغلىقنى ئاستا ئالدى-دە، خۇددى يالىڭاچ قالغاندەك ھوپپىدە قىزىرىپ، ئەتراپقا ئولاشقان بالىلارغا ئەندىشە

بىلەن قاراپ :

— دادامغا دەيدۇ ، — دېدى .

— نېمىنى ؟ — دېدىمەن ھەيرانلىق بىلەن .

— ياغلىق ئارتمىدى دەپ ، — دېدى ئۇ يىغلامسىرىغان ئاھاڭدا . قايتىپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا :

— ياغلىق ئارتمىغانغىمۇ داداڭ خاپا بولامدۇ ؟ — دېسەم :

— ھەئە ، سەن بىلمەيسەن ، بۇ يەردە كىچىك قىزلارمۇ ياغلىق ئارتىپ يۈرىدۇ . كۆرمىدىڭمۇ ، ھەممىسىنىڭ ساڭا قاراۋاتقىنىنى ، بىز سەندەك يالاڭباش ، يەڭسىز قىسقا كۆڭلەكلەرنى كىيىپ يۈرەلمەيمىز ، — دېدى .

شۇ ئەسنادا ئالدى تەرىپىمىزدىكى كوچىدىن ۋاڭ - چۇڭ قىلغان ئاۋازلار ئاڭلاندى . كوچىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى ، بىزمۇ يۈگۈرۈشتۇق . قىزىق - تە ، بارساق ، ئىشكلىرى بىر - بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل قورۇنىڭ ئىشكى ئالدىدا ئىككى ئايال بىر - بىرىنى تىللىشىۋېتىپتۇ . كۆك سىرلاقلىق دەرۋازا ئالدىدىكى ۋىجىك ئايال :

— ھەي پەس ، دىۋانە ، ئۆزۈڭنىڭ ئەسكىلىكىڭدىن قىزىڭ 18 ياشقا كىردى ، ئىشىكىڭگە بىرسى كەلمەي قېرى قىز بولۇپ ئولتۇرۇۋاتىدىغۇ ! ؟— دېدى .

قاشا ئالدىدىكى سوزۇنچاق يۈزلۈك ئايال قەھرى بىلەن :

— پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل . سەن خەقنىڭمۇچۇ پىتلىنىپ قالغىنىڭغا ئىككى يىل بولدى . سېنىڭمۇ ئوغلۇڭ ساقلى بىر باغ بېدىدەك بولدى ، خوتۇن چىقماي يۈرمەمدۇ ؟— دېدى .

توۋا ! مېنىڭ ھەدەممۇ 18 ياشقا كىردى . مەكتەپتە ئوقۇيدۇ . تېخى بىز بىلەن «بەش تاش» ئوينايدۇ . 18 ياشقا كىرگەن قىز قانداقمۇ قېرى قىز بولسۇن . ھەدەمنىڭ چاچلىرى قاپقارا ، يۈزىدە بىرمۇ قورۇق يوق . ئۆتكەندە مەھەللىمىزدىكى بوستان دېگەن قىز توي قىلغاندا ، ئاپاملار : «ئەمدى 22 گە كىرىپتىكەن ، يەنە بىرنەچچە يىل تۇرۇۋالسىچۇ ، تېخى كىچىكتى» دېگىنىنى ئاڭلىغانتىم......

تۆيۇقسىز بېشىمغا قاتتىق بىرنېمە تەگدى . كۆز ئالدىم قاراڭغۇ-لاشقاندەك بولۇپ ئولتۇرۇپ قالدىم . قارىسام ، ئاپپاق ساقاللىرى كۆكسىگە چۈشكەن ، بېشىغا يوغان سەللە ئورىغان بىر ئادەم ماڭا غەزەپلىك قاراپ تۇرىدۇ . شۇنداق قورقۇپ كەتتىم .

— گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر جۇۋاينىمەك ، مۇنۇ كۆتمەك باشلى-رىڭغا رومال سالساڭ بولمامتى ؟ ! دوزاخ ئوتى مۇشۇ كۆتمەك بېشىڭ-دىن تۇتىشىدۇ . ئۇنى ئاز دېگەندەك ، بىلەكلىرىڭنى بىر يەرلەرگىچە ئېچىۋاپسەن ! ?— دەپ ھاسىسى بىلەن بىلىكىمگە نوقۇدى . ھاسا ئۇ-چىدىكى پارقىراق ئۇچلۇق تۆمۈر بىلىكىمگە ئاق ، ئىنچىكە سىزىقلار-نى سىزدى . قورققىنىمدىن ھەم تاياقنىڭ ئاغرىتقىنىدىن ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتىم .

شۇ يىغلىغانچە ئۆيگە كىرىپ مومامغا :

— كېتىمەن ، ھازىرلا كېتىمەن ، — دېدىم .

مومام بىرمۇنچە چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ :

— ھېچبولمىسا بىر ھەپتە تۇرۇڭ . تۇنۇگۇن كېلىپ بۇگۇنلا كەتسىڭىز قانداق بولىدۇ ، — دەپ بىرھازا يېلىنىپ مېنى كەتمەسكە كۆندۈردى . ھېلىقى زەرلىك يوغان ياغلىقنى سەلىمەلەرنىڭ ئۆيىدىن ئاچقىپ ئارتقۇزۇپ ، ئۆزىنىڭ يوغان چاپىنىنى كىيدۈرۈپ قويدى . چاپاندىن كۆڭلىكىم بىرنەچچە سانتىلا چىقىپ تۇرىدۇ . خۇددى قۇيرۇ-قى يوق قۇشقىلا ئوخشاپ قالدىم . ھاسا تەگكەن ئورۇن ئىششىپ قاپتۇ . تۇتۇپ باقسام چىدىغۇسىز ئاغرىيدۇ . مېنى ئۆزىنى ماختايدى-كەن دەپ قالماڭلار . مېنى ئاپام - دادام «كەنجەم» دەپ بەك ياخشى كۆرىدۇ . خېلى «گۇناھ»لارنى ئۆتكۈزسەممۇ كەچۈرۈۋېتىدۇ . مېنى ساۋاقداشلىرىممۇ ، مۇئەللىملىرىممۇ ياخشى كۆرىدۇ . مەن مۇشۇ كۈن-گىچە بۇگۇنكىدەك تىل - ئاھانەتكە ئۇچرىمىغانىدىم ، شۇڭا بەك ھار كەلدى . ھېلىقى ئاق ساقاللىق ، سەللىلىك ئادەمنىڭ غەزەپلىك قىيا-پىتى ، «گۆرىدىن توڭگۇز قوپـقۇر جۇۋايـىنمەك» دەپ تىللىغىنى كاللامغا كىرىۋېلىپ كەچكىچە يىغلىدىم .

كەچلىك تاماق يەپ ئولتۇرساق ، شۇنچىلىك ئورۇق ، ئېگىز بىر

قىز ئالدىغا پەرتۇق تارتقان هالدا يۈگۈرۈپ كىردى - دە ، يىغلاپ تۇرۇپ :

— جېنىم سارىخان هەدە ،رەهمەتلىك ئانامنىڭ يۈز-خاتىرسى...... مېنى يوشۇرۇپ قويۇڭ ، ئابلەت قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ ،— دېدى .

مومام هودۇققان هالدا ئۆيىنى كۆرسىتىپ :

— كارىۋات ئاستىغا — ...... دېدى .

قىزمۇ ئۆيگە كىرىپ كېتىشىگە هويلا ئىشىكى جالاقلاپ ئېچىلىپ سېمىز بىر ئايال بىلەن قارامتۇل بىر بالا كىرىپ كەلدى . سېمىز ئايال مومامغا چەكچىيىپ ، بۇرۇن چاناقلىرىنى لىپىلداتقان هالدا :

— هېلىقى قىرسا بىر چۆچۈرىلىك گۆش چىقمايدىغان جىن ئاۋۇقى مۇشۇ هويلىغا كىرگەندەك قىلىۋىدى ، قاياققا كەتتى ؟— دېدى .

مومام ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ :

— خاتا كۆرۈپ قالغان ئوخشايسىلەر ، بۇ هويلىغا كىرمىدىغۇ ، نېمە بولغانتى ؟— دېدى .

— نېمە بولاتتى دەيسىلەر سارىخان ، پۈتۈن يۇرتتا ئابرۇيۇم بار ، خەلىچىخان بۇۋى دېسە مەغرىبتىن مەشرىققىچە بىلىدىغان خوتۇن تۇرۇپ ئاشۇ يېتىم ئوغلاقتىن ئاهانەت ئاڭلايدىغان هالغا چۈشۈپ قالدىم . باشتىلا ئۇ ئەبگارنى ئېلىپ بەرمەيمەن دېسەم ، مېنىڭ ماۋۇ ئەقلىگە ئۇماچ ئىچكەن بالام شۇ نېمىگە دۈم چۈشتى . مانا ، ئەمدى ئۆزىمۇ تويۇۋاتىدۇ . بىر ئاشنى جايلاپ ئېتەلمەيدۇ . خەپ ! تۇتۇۋالسام قېيىنئانىسىغا جاۋاب ياندۇرغانغا تويغۇزۇۋەتمىسەم خەلىچىخان بۇۋى بولماي كېتەي ،— دەپ ، مومامنىڭ : «تاماق يەپ چىقىڭلار » دېگىنىـ گە قارىماي چىقىپ كەتتى .

ئەسلىي بۇ ئورۇق قىز خەلىچىخان بۇۋىنىڭ كېلىنى ئىكەن . بۇ قىز بۈگۈن ئەتىگەن دۇئا قىلىنماستىن بۇرۇن داستىخان يىغىۋەتـ كەن «گۇناهى » ئۈچۈن قېيىنئانا - قېيىنئاتىسىدىن بىرمۇنچە تىلـ ئاهانەت ئاڭلىغىنىدىن سىرت ، يولدىشىدىن تاياق يەپتۇ . يىغلاپ يۈ- رۈپ دەككە - دۈككە ئىچىدە خېمىرنى سوغۇق سۇدا يۇغۇرۇپ قويۇپـ

تۇ . بۇنى كۆرگەن قېيىنئانىسى تېخىمۇ ۋارقىراپ - جارقىراپ تىللاپ
كېتىپتۇ . قوشنىلىرى : «نېمە ئىش بولغاندۇ ؟» دەپ تامدىن قارى-
شىپ كېتىپتىكەن ، ئۇ خىجالەت بولۇپ :

— ئاستاراق ۋارقىرىسىلا ، مەن ئاڭلىسام بولدىغۇ ، — دەپتىكەن ، قېيىنئانىسى :

— ھە ، تېخى سەن ماڭا جاۋاب ياندۇرغۇدەك بولدۇڭمۇ ؟ سەن يېتىم ئوغلاقنى كېلىن قىلغانغا تويدۇققۇ ، — دەپ تېخىمۇ ۋارقىراپ تىللاپتۇ . نەق شۇنىڭ ئۇستىگە يولدىشى كېلىپ قاپتۇ - دە ، يەنە قولىغا تاياق ئالغانىكەن ، بۇ بىچارە تاياقتىن قېچىپ بۇ يەرگە كىرىۋاپتۇ .

— ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم بىر بالام باركەن ، — دېدى قىز يىغلاپ تۇرۇپ ، — كۇندە دېگۇدەك تىل - ئاھانەت ئاڭلايمەن ، تاياق يەيمەن . جېنىم سارىخان ھەدە ، بۇگۇن مېنى بىر كېچە قوندۇرۇۋال-سىلا ، ئەتە ئاچچىقى يانغاندا چىقىپ كېتەي......

ئەتىسى ئورۇق قىز رەھمەت ئېيتىپ چىقىپ كەتتى . مومام :

— بىچارە قىز ھېچنېمىنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرمىدى . بۇ قىز كىچىك چېغىدىلا ئانىسى قازا قىلىپ ، يېتىمچىلىكتە چوڭ بولدى . قىزى يىغلاپ يۇرسە رەھمەتلىك تىللاخاننىڭ روھى قانچە قورۇنغاندۇ ؟ — دەپ تۇراتتى ، تۇنۇگۇنكى ھېلىقى قارامتۇل بالا ئورۇق قىزنى ئالدىغا سېلىپ ، دۆشكەلەپ كىرىپ كەلدى - دە ، مومامغا سەت ھومىيىپ تۇرۇپ :

— ھەي خوتۇن ! سېنىڭ بېشىڭ نەدە ئاقارغان ؟ پۇتۇن يۇرتتا يۇزى بار بۇۋى ئانامغا تۇنۇگۇن يالغان ئېيتىشقا قانداق پېتىندىڭ ؟ پۇتۇڭ كۆرگە ساڭگىلىغاندا يالغانچىلىقنى كىم قويدى سەن قېرىغا !؟ — دەپ ۋارقىرىدى .

شۇ چاغدا ھېلىقى ئۆزىنى بۇۋىم دېۋالغان خەلچىخان دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئېچىپ كىرگىنىچە مومامغا :

— ئايلىناي سارىخان ، نېمە قىلغانلىرى بۇ ؟ مەھەللە - كويدا سىلىنى خېلى قۇلىقى يۇمشاق ، گەپ ئاڭلايدۇ دەپ يۇرسەك ، سىلى-نىڭمۇ مۇڭگۇزلىرى ئېچىلىرىدە ئوخشىمامدۇ ؟ خەقنىڭ كېلىنىنى

ئۆيلىرىدە قوندۇرۇپ تۇخۇم باستۇردىلىمۇ يا؟ — دېدى.

مومام تەمتىرىگەن ھالدا:

— مەرھۇم تىللاخان بىلەن كۆڭلىمىز يېقىن بولىدىغان، سىلىنىڭ كېلىنلىرى ئۆز قىزىمدەك. يىغلاپ كىرىپتىكەن، ئوغۇللىرىنىڭ پەيلى يانغاندا چىقار دەپ يوشۇرۇپ قويۇپتىمەن، خاپا بولمىسىلا، — دېدى.

— ۋىيەي، ئۇرغۇلۇقنى ئۇرۇپ بولۇپ ئاغرىدىمۇ، دېگەندەك گەپ قىلىدىلىغۇ، قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ ئەمدى خاپا بولمىسىلا دېگەنلىرى نېمىسى؟ بۇ گەپلىرى ماڭا ئىشلىمەيدۇ جۇمۇ ساردىخان! — دېدى خەلىچىخان بوۋى چالۋاقاپ.

مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئارىغا كىرىشلىرى بىلەن جېدەل ئاران بېسىقتى، لېكىن خەلىچىخان بوۋى:

— توي قىلغان ئايال بىرسىنىڭ ئۆيىدە قونسا، شۇ ئۆيدە قايتا نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەكىرمىسە بولمايدۇ. موللاملارنى چاقىرىپ ئۆيلىرىدە نىكاھ ئوقۇتۇپ بېرىدىلا، — دەپ چىقىپ كەتتى.

خەيرىيەت. موللاملارغا ئاش ئېتىپ چاقىرىپ قايتا نىكاھ ئوقۇتۇپ كېلىننى ئاچىقىپ بەردۇق.

مېھمانلارنى ئۇزىتىپ چىققان موماملىنىڭ كەينىدىن تالاغا چىقىپ كۆۋرۈكتە تۇراتتىم، بېشىمغا بىرنەرسە تەگدى - دە، كۆزلىرىمگە، ئاغزىلىرىمغا توپا قويۇلدى. كۆزۈمنى تۇتقىنىمچە چىرقىراپ يىغلاپ كەتتىم. موموم:

— نېمە قىلغانلىرى بۇ كىچىك بالىنى، — دەپ مېنى ئېرىقتىكى سۇغا ئېڭىشتۇرۇپ يۈز-كۆزۈمنى يۇدى.

كۆزۈم ئېچىشىپ ئاغرىپ، ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە غۇۋا كۆرۈنۈپ كەتتى. قارىسام، موموم ماڭا ئارتىپ قويغاندەك زەرلىك ياغلىقنى پېشانىلىرىنى يېپىپ، ئېڭىكىدىن چىگىۋالغان بىر ئايال ماڭا قەھرى بىلەن چەكچىيىپ قاراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى بەكمۇ سەتكەن. موماغا:

— بۇ جوغدا باش تۇنۇگۇن مەھەللىدە پاچاقلىرىنى يوتىلىرىغىچە

ئېچىپ سەكرەپ يۈرىدۇ . بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى كوچىغا شۇنداق
قويۇۋەتكەن بارمۇ ؟ بۇگۈن بېشىغا يەنە بىرنەرسە سالماي يۈرىدۇ .
يۇرتتا بۇنداق هاياسىزلار يۈرسە بەرىكەت تۇرامدۇ بۇ يەردە ،
بەرىكەت ؟ !— دېدى .
مەن «بويىغا يېتىپ قالغان» دېگەن گەپنى سەل - پەل چۈشىنىد-
مەن . مېنى مۇشۇ چاغقىچە هېچكىم ئۇنداق دېمىگەنتى . مېنى تۇنجى
قېتىم شۇنداق دەپ ئاتىغان بۇ خوتۇنغا ئۆچلۈكۈم كەلدى . لېكىن ،
ئۇنىڭ تەلۋىلىك ، نادانلىق تۇزانلىرى باسقان يۈزىگە قاراشتىن قور-
قۇپ مومامنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم .
ئەتىسى بوۋام - مومامنى تاشلاپ ئۆز ئۆيۈمگە قايتتىم . مەنغۇ
ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇپ يېنىپ كەلدىم . لېكىن ، 18 ياشقا كىرمەيلا
تۇرمۇش قۇرۇشقا مەجبۇر بولىدىغان قىز-ئوغۇللار ، بىر كۈن سىرتتا
قونۇپ قالسا قايتا نىكاهلىنىپ كىرىدىغان ئاياللار ، چېكىلەپ ياغلىق
چىگىپ ، ئوشۇقىغىچە ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىپ يۈرىدىغان ، باللىق
ئويۇنلىرىنىمۇ يۈرەكلىك ئوينىيالمايدىغان دوستلىرىم ، يالغان گەپكە
ئالدىنىپ ، نەرسە-كېرەكلىرىنى داخان-باخشىلارغا بېرىۋېتىۋاتقان كى-
شىلەر شۇ يەردە قالدى ، بۇلارنى ئويلىسام يۈرىكىم سىقىلىدۇ .



# پەردىسىز دېرىزە

مەن ئاشۇ دېرىزىدىن كۈندە سېنى كۆرۈپ تۇرىمەن . سەن دېرى-
زەڭگە نېمىشقىدۇر پەردە تارتمايسەن . بەلكىم شۇ دېرىزىدىن بولسىمۇ
سىرتنى كۆرۈپ تۇراي دەيدىغانسەن . مېنىڭ نەزىرىمدە سېنىڭ ئۆيۈڭ
چىرايلىق قەپەسكە ئوخشايدۇ ، سەن ماڭا شۇ قەپەستە تېپىرلاۋاتقان
قۇشتەك بىلىنىسەن .

مەن ھەر كۈنى سېنىڭ قازان ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرگەنلىكىڭنى
ئاشۇ پەردىسىز دېرىزىدىن كۆرۈپ تۇرىمەن . ئاپاڭ ئاغرىپ قالغاندا
بىر چىنە سۇيۇقئاشنى قاملاشتۇرۇپ ئېتەلمىگەن ئەتىۋارلىق قەدرىيە
سەن شۇ ، شۇ تاپتا سەن بەلكىم يولدىشىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئۇنىڭ
هاراقكەش ئاغىنىلىرىگە ھەر خىل قورۇمىلارنى قورۇۋاتىسەن بەل-
كىم .

ئەنە ، دېرىزىدىن يولدىشىڭنىڭ بېشى كۆرۈندى . بايا ئۇنىڭ بىر-
نەچچە ئاغىنىسىنى باشلاپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەنىدىم ، ئۇ
ساڭا قوللىرىنى شىلتىپ بىرنېمىلەرنى دېدى . سەن بىردەمدىلا جا-
ۋۇردا خېمىر يۇغۇرۇشقا باشلىدىڭ . شۇ چاغ مېنىڭ ئېسىمگە سېنىڭ
ئىشىكىڭلار ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ دېگەن گەپلىرىڭ
كەلدى :

«خالىق ، بىزنىڭ يېزىدا ئاياللار شەھەرلەردىكىدەك ئەركىن ئە-
مەس ، ئۆتكەندە زۇمرەت ھەدەمنىڭ ئۆيىگە ئاشكۆكى سوراپ كىر-
سەم ، يولدىشى ئىككىسى ئەمدىلا ئېتىزدىن كېلىپ تۇرۇپتىكەن .
ياقۇپكام سۇپىدىكى كۆرپىدە يانپاشلاپ يېتىپ : ‹ سوغۇق چاي
ئەكەل › دەپ بۇيرۇدى . بىچارە زۇمرەت ھەدەم ئېغىر ئاياغ تۇرۇپ
يەنە ماقۇل دەپ ماڭدى . كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ كەتتى . يېزىدا

ئاياللار جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز تۇرۇپ ئەرلەر بىلەن ئوخشاش ئېتىزدا ئىشلەيدۇ . ئۆيگە قايتىپ كېلىپ يەنە تاماق ئېتىدۇ ، كىر يۇيدۇ ، تۈگىمەس ئائىلە ئىشلىرىنى قىلىدۇ . شەھەردە بۇنىڭ تەتۈرسى ئىكەن . ئۆتكەندە شەھەرگە سەيدۇللاكاملارنىڭكىگە كىرىپ ھەيران قالدىم ، ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى ئىككىسى تەڭ قىلىدىكەن ، شەھەرنىڭ ئاياللىرى قىز بالىدەك ياسىنىشىپ ، ئولتۇرۇش ، ئويۇن -تاماشىدىن قۇرۇق قالمايدىكەن . مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يېزىدا تۇغۇلۇپ قالغانلىقىمغا ئېچىنىمەن . خالىق ، كۆرۈۋاتىسەن ، ئېتىزدا ئىشلەشتىن باشقا نېمە ئىش بار بۇ يەردە . كۈنلىرىمىز زېرىكىش ، ئىچ پۇشۇقى بىلەن ئۆتىدۇ . بىز ئىستىقبالىمىزنى ئويلىمامدۇق . مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن . سەيدۇللاكاملارغا دەپ قويدۇم . شەھەردە بىرەرسىنىڭ بالا باقىدىغان ئىشى بولسا كىرىپ كېتىمەن . ئاپاملار بۇنى ئۇقۇپ قاپتىكەن ، مېنىڭ تويۇمنى قىلىۋېتىشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ . خۇشۇمنى كەتكۈزۈپ مېنى ئەلى قارىلاققا سايە قىلىۋاتىدۇ . ئۆتكەندە كەپىدە يالغۇز ئولتۇرسام ئەلى بىر تاۋۇزنى كۆتۈرۈپ ھىجىيىپ كىرىۋاتىدۇ ، قاپىقىمنىمۇ ئاچمىدىم . تاۋۇزنى ئوتتۇرىدىن ئىككى پارچە قىلىپ ، بىر پارچىسىنى تىلىپ مەن تەرەپكە سۇرگىلى تۇردى ، جۇدۇنۇم تۇتۇپ ، يېرىم كاسا تاۋۇزنى يۈزىگە ئېتىپ قېچىپ كەلدىم . مەن يېزىمىزدىكى باشقا ئاياللاردەك خەقنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ ، ئۇنىڭغا توققۇز تەزىم قىلىپ ياشىمايمەن…… »

سەن ئوقۇغان چاغلاردا بەك جۈرئەتلىك قىز ئىدىڭ . بىر قېتىم ئاچچىقى يامان فىزىكا مۇئەللىمىمىز بالىلارغا قولىنى شىلتىپ سۆزلىگەندە ، بۇ ئىش ئۈچۈن سەن بالىلارنى پىكىر قىلىشقا ئۈندىگەندىڭ ، ھازىر ئېرىڭنىڭ ئۈستىدىن ئۈنسىز شىكايەتلا قىلىسەن ، سەن بەلكىم شەھەر ئاياللىرىدەك ئەركىن يۈرىمەن دەپ ئويلىغان بولغىيتتىڭ ، لېكىن ئۇنداق يۈرەلمىدىڭ . ئاتا - ئاناڭنىڭ بىر تال ئارزۇلۇق قىزى ئىدىڭ ، تۆت ئاكاڭ خۇددى سېنى قوغداشقىلا تۇغۇلغاندەك ، ساڭا كىم ئالايسا تىك تۇراتتى . كىچىكىمىزدە ئويناۋاتقان چاغلاردىمۇ ھامان ئەتراپىمىزدا ئاكىلىرىڭدىن بىرەرسى بولاتتى . ئاتا-ئاناڭ شۇنچە

ئارزۇلىغان، ئانىڭ دائىم دەپ يۈرىدىغان يەرگە ياتلىق بولۇۋاتقاندا ئەتىۋار بىلگەن كىشىلەر ئۈستۈڭدە تۇرمىدى.

بالا باققان ئۆيۈڭدىن غوجايىن ئايالىنىڭ تىل - ئاھانىتى ئاستىدا ئېغىر ئاياغ ھالدا ئۆزۈڭدىن 20 نەچچە ياش چوڭ كىشىگە نىكاھلىنىپ كەلدىڭ. سەن ئۇنىڭ ساڭا جەننەتتەك تۇرمۇش ئاتا قىلماقچى بولغان يالغان ۋەدىلىرىگە ئالدىنىپ ئۆزۈڭنى بېغىشلىغانىدىڭ. ئۇنىڭ كەينىدىن سەن ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان قەۋەتلىك بىنادىكى ئۆيگە كەلدىڭ. سەن بۇرۇن: «بىنالاردا ئولتۇرسا ئەجەب ياخشى، سەيدۇللاكاملار بىنادا ئولتۇرىدۇ» دەيتتىڭ. لېكىن، سەن ئاۋۇ تارغىنا ئۆي ئۈچۈن نېمىنى قۇربان قىلغىنىڭنى بىلمىدىڭ. سەن ئۆيدىن چىقىپ، يولنىڭ ئۇ تەرىپى بىلەن مېڭىپ كۆكتات سېتىۋالغىلى بارسەن. قانداق تېز بارغان بولساڭ، شۇنداق تېز يانىسەن. سېنىڭ ھېيت - بايراملاردىمۇ سىرتقا چىققىنىڭنى كۆرمىدىم. كەچلىرى رېمونتخانىغا يانداش كىچىك ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن سېنىڭ يەنە ئاشۇ ئۆيدە مىدىرلاپ يۈرگىنىڭنى كۆرىمەن. بەزىدە يېرىم كېچىلەرگىچە چىرىغىڭ ئۆچمەيدۇ. سەن ئارزۇ قىلغان راھەت شۇمۇ؟ سەن بىلەن ئىككىمىز كىچىكىمىزدىن بىرگە ئويناپ چوڭ بولدۇق، تەقدىر يەنە ئىككىمىزنى بۇ شەھەردە بىر كوچىغا ئەكېلىپ قويدى. ئارىلاپ ئۆيۈڭگە كىرگەن چاغلىرىمدا يولدىشىڭنىڭ «ھە، سەھرالىق، كىرىپ قاپسەنغۇ» دەۋاتقاندەك ھاكاۋۇر چىرايىنى كۆرەتتىم. پەقەت سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئۈچۈنلا تىكەندە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ، بىر چىنە تامىقىڭنى زەھەرنى يېگەندەك يەپ قايتىپ چىقاتتىم.

ئىككى كۈن بۇرۇن ئەتىگەندە سەن رېمونتخانامغا كىرىپ كەلدىڭ. قولۇڭدىكى سولياۋ خالتىدا پىشۇرۇلغان ئىككى باش قوناق بار ئىدى. سەن ئۆزۈڭنىڭ يېزىنى سېغىنغىنىڭنى، لېكىن بېرىشقا يۈزۈڭ چىدىمايدىغانلىقىنى سۆزلەۋاتقان چېغىڭدا، ئاناڭنىڭ: «بىزنىڭ قەدرىيە قوناققا بەك ئامراق، ئەتىيازدا ئوتىنغۇچنى قولىغا ئېلىۋېلىپ باغدا بىكار يەر بولسىلا كولاپ قوناق تېرىيدۇ. يېزىچە چۆگۈننى كۆتۈرۈۋېلىپ سۇ قۇيۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ قونىقى 9- ئايلاردا باش

چىقىرىپ ، دان تۇتماي مەدەك پېتى قېتىپ قالىدۇ . تېخى شۇ مەدەكنى تەمە قىلىپ كۈندە بىر قېتىم بېرىپ قاراپ باقىدۇ » دېگەنلىرى ئېسىمگە كەلدى .

ساڭا تىكىلىپ قاراپ باقمىغىنىمغا ئۇزاق بوپتىكەن . ئەسلى شەھەردە تۇرغان كىشىلەر ئاقىرىپ ، سەمرىپ كېتىدىغان ، سەن ئۇنىڭ ئەكسىچە ياداپ ، قارىداپ ، ياڭاق سۆڭەكلىرىڭ چىقىپ قاپتۇ . شالاڭلاپ بىر تۇتاملا قالغان چاچلىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى بىرنەچچە تال ئاقمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . دېڭىزدەك تىنىق كۆزلىرىڭگە ھەسرەت لىق تولغانىدى .

سەن شۇ چاغدا خىيالىمنى بىلىپ قالغاندەك :

— ئادەم قايتا تۇغۇلىدىغان ئىش بولسا ئىدى خالىق ، مەن باشقىچە ياشاپ باققان بولاتتىم . تەقدىر ئەجەب ئادالەتسىزكەن ، — دېگەنىدىڭ .

ساڭا ئادالەتسىزلىك قىلغىنى تەقدىرمۇ ؟ ئۆزۈڭمۇ ؟ ياكى باشقا بىرىمۇ ؟ مەنمۇ ئېنىق بىلمەيمەن . ئىشقىلىپ ، ساڭا ئادالەتسىزلىك بولدى .

شۇ كۈنى كەچتە مەن سېنىڭ ئىلتىماسىڭ بويىچە قىزىمايدىغان بولۇپ قالغان توك دەزمىلىڭنى رېمونت قىلىپ بەرگىلى ئۆيۈڭگە كىردىم . سەن ماڭا تاماق ئېتىپ ئەمدىلا ئالدىمغا ئەكېلىپ تۇراتتىڭ ، ئۆيگە يوغان قورساق ئېرىڭ كىرىپ كەلدى ، ئىككىمىزنىڭ بىر ئۈستەلدە تاماق يەۋاتقىنىمىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ كەتتى :

— ھە ، غېرىب-سەنەملەر ، ئەجەب بىر-بىرىڭلارغا تويماي قارىشىپ ئولتۇرۇپ غىزالىنىپ كېتىپسىلەر ، — سەن قوڭالتاق رېمونتچىنىڭ نىيىتىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم . سەن بىكار بۇ بىنانىڭ ئالدىدا دۇكان ئاچمىغان . سەن بۇ سەھرالىقىڭنى قوغلىشىپ بۇ يەرگە كەلدىڭغۇ دەيمەن . ئالە بۇ بۇزۇقۇڭنى ،ئىككىلىڭ ئۆيدىن چىقىش !— دېدى . مېنى خورلۇق ، ھاقارەت ئۆرتەۋاتسىمۇ ئۆزۈمنى بېسىپ تۇرۇپ :— نېمە بولدىڭىز رىشاتكا ، قەدرىيەنىڭ قانداقلىقى ئۆزىڭىزگە ئايان . نېمىشقا ئۆز قاچىڭىزدىكى ئاشقا شەك كەلتۈرىسىز ، — دېدىم .

— قانداقلىقىنى ئوبدان بىلمەن. سېنىڭ بۇنى كۆڭلۈڭ كۆتۈرۈپ ئوينىغىنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەمدى كۆڭلۈم كۆتۈرمەيدۇ، — دەپ ساڭا بىگىز قولىنى جونۇپ تۇرۇپ، — سېنىڭ بۇزۇقلۇقۇڭنى بۇرۇنلا بىلەتتىم. سەن مېنىڭ ئاغىنىلىرىمنىمۇ ئالا قويمىدىڭ. ئەمدى بۇ يالاڭ تۆش سەھرالىقىڭ بىلەن ئۆيدىن چىق قانجۇق، ئۆيدىن چىق دەيمەن! — دەپ ۋارقىرىدى. سەن ئۇنىڭغا يېلىنغىلى تۇردۇڭ. شۇ چاغدا مەن سېنىڭ مېنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلغىنىڭنى كۆردۈم. يولدىشىڭنىڭ بايىقى تىللاپ قوغلىشىدىن بەكرەك سېنىڭ يېلىنىش ئىچىدە قىلغان ئىلتىماسىڭ ماڭا ھار كەلدى، دەرھال چىقىپ كەتتىم، سەن مېنى ئاشۇنداق يېلىنىش ئىچىدە قوغلىدىڭ. سەن بۇ ئۆيدە تىل - ھاقارەت، خورلۇق ئىچىدە ياشاۋېرىش ئۈچۈن مېنى ھەيدىدىڭ، ئاچچىقىمدا ئىشىكنى جالاققىدە ياپماقچى ئىدىم، بىراق ساڭا مەنمۇ ئادالەتسىزلىك قىلماي دەپ ئاستا يېپىپ قويۇپ يېنىپ چىقتىم.

شۇندىن بېرى سېنى يىراقتىنلا كۆرۈپ قالىمەن، سەن مېنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كېتىسەن. سەن نامىدىلا بار ئائىلەڭنىڭ بۇزۇلماسلىقى ئۈچۈن، يوق گۇناھلىرىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتاتتىڭ. مەن شۇندىلا تېرىككەك، جېدەلخور ئېرىڭنىڭ ھەر مىنۇت قىلىپ تۇرىدىغان جېدەللىرىنىڭ پەقەت سېنىڭ سەۋرچانلىقىڭ بىلەنلا بېسىقىدىغانلىقىنى بىلدىم.

مەن سېنىڭ ھېلىقى چاغدا: «بىزنىڭ يېزىنىڭ ئاياللىرى شەھەر ئاياللىرىدەك ئەركىن ئەمەس. مەن بىرىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئۇنىڭغا توققۇز تەزىم قىلىپ ياشىمايمەن» دېگەن چاغدىكى ھالىتىڭنى كۆرگەن بولغاچقا، كۆزلىرىمگە ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سېنى ئەركە قىزدىن بىچارە، جاپاكەش ئايالغا ئايلاندۇرۇپ قويغان تەقدىر شۇ ئىسيانكار روھىڭغا ئىتائەتمەنلىكنى تېڭىشىپ بەرگەن بولسا كېرەك. شۇ كۈندىن باشلاپ ساڭا ئېچىنىپلا قالماي، يەنە سەندىن نەپرەتلىنىمەن قەدرىيە. سەن ئۆزۈڭنى ھاقارەت قىلىۋاتقان بىرىگە يېلىنىپ ياشايدىكەنسەن. بۇنداق ياشاشنىڭ قانداق قىيىنلىقىنى بەلكىم مەندىن

ياخشى بىلىسەن . لېكىن ، سەن مۇشۇ ئىتائەتمەن مىجەزىڭ بىلەن دۇنياغا مىڭ نۆۋەت تۇغۇلساڭمۇ ، سەن يەنىلا ئۆز ئارزۇيۇڭ بويىچە ئەمەس ، باشقىلارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ياشاۋېرىسەن ، مېنىڭ سەھرالىقىم قەدرىيە……



# كەلگۈندى

بىزنىڭ يۇرتقا ئەيسا مۇسا ئىسىملىك بىر ئادەم بولىدىغان، ئۇ ھەرقاچان قارا تەر، كىردىن رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئالدى ئوچۇق، تۈگمىلىرى يوق ماتا كۆڭلەك ئۇستىدىن قارا پوتا باغلاپ، بېشىغا پۇرلەشكەن، ئۆڭۈپ كەتكەن سېرىق ھەربىيچە شەپكە كىيىپ يۇرەتتى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتىنىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ بۇ يەرگە 6 — 7 يىللىنىڭ ئالدىدا چاچ - ساقاللىرى ئۆسكەن، غېرىبانە ھالدا پەيدا بوپتىكەنمىش. ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا تۆت پۇڭ جايلىق يەر بېرىپ، ئەترەتكە ئەزا قىلىۋاپتىكەن. ئۇ جايلىق يەرگە پاكار كېسەك تاملىق بىر ئۆي سېلىۋاپتۇ - يۇ، بىراق ئەترەتنىڭ ئەمگىكىگە زادىلا چىقماپتۇ. ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا گەپ ئۆتكۈزەلمەپتۇ. لېكىن، ئۇ كىمدە كىم دەرەخ كەسسە، شۇ ھامان ھازىر بولۇپ كۆتىكىنى كولاپ چىقارغاچقا، كېيىن كىشىلەر كولايدىغان كۆتەك بولسا ئۇنى ئىزدەپ بارىدىغان بوپتۇ. ئۇ كىشىلەر پۇل بەرسىمۇ ياكى بىر قاچا ئىسسىق ئاش بەرسىمۇ ئوخشاشلا رازى بولۇپ كېتىۋېرىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ يازلىرى كۆتەك كولاپ جان باقسا، قىشلىرى قەيەردە توي - تۆكۈن، نەزىر-چىراغ بولسا شۇ يەرگە بېرىپ قورساق تويدۇراتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ مېھمانلار بار ئۆيگە كىرمەستىن، ئۇدۇل قازان ئېسىلغان يەرگە بېرىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە كۆنۈپ كەتكەن كىشىلەر ئاۋۋال ئۇنىڭغا بىر لېگەن ئاشنى ئۇسۇپ بېرىۋېتىپ، ئاندىن جامائەتكە تاماق تارتاتتى. ئۇ پۇلۇنى تويغۇچە يەيتتى، ئاشقىنىنى داۋاملىق قويىنىدا ساقلاپ يۇرىدىغان، مايدىن پارقىراپ كەتكەن سولياۋ خالتىغا

قاچىلايتتى . ئاشپەزنىڭ رەھمى تۇتۇپ قالسا ، قازان ئاستىدا قالغان قىرماقلارنى قىرىپ ئېلىپ خالتىنى توشتۇرۇپ بېرەتتى . ئۇ خالتىنىڭ ئاغزىنى ماي ، كىر دەستىدىن قاپقارا بولۇپ كەتكەن يىپ بىلەن ياخشىلاپ چىگىپ ، مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى ئۆيىگە قاراپ ماڭاتتى . ئۇنىڭ سولىياۋ خالتىسىنى پۇلاڭلىتىپ ، پۇتىغا يوغان كېلىدىغان رېزىنكە ئۆتۈكىنى كولۇپلىتىپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن كىشىلەر قەيەردىدۇر بىر يەردە مەرىكە بولغانلىقىنى بىلىشەتتى . ئۇنىڭ قاپقارا ساقال - بۇرۇت باسقان كىر ، مەينەت تۇرقى ئادەمنىڭ ھەم قورققۇسىنى كەلتۈرەتتى ، ھەم ئىچىنى ئاغرىتاتتى . كىشىلەر كۈچلۈك ئەرلەرنىڭ مەيدىسى تۈكلۈك كېلىدۇ دەيدىكەن . ئەيسا مۇساغا خۇدايىم تۈك دېگەننى ئايىماي بەرگەن . ئۇنىڭ ئۇزۇن - ئۇزۇن قارا قاشلىرىنى كۆرگەن ئادەملا شۇ ھېسسىياتقا كېلىدۇ . ئۇنىڭ ئوچۇق مەيدىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قاپقارا تۈكلەرنى كۆرگەن ئادەم ئۇنىڭ ئاستىدا گۆش بىلەن قاندىن بولغان ۋۇجۇد ئەمەس ، چەكسىز بىر سىرلىق قاراڭغۇلۇق باردەك ھېس قىلاتتى . كىچىك بالىلار ئۇنىڭدىن قورقۇشاتتى . ئاياللار بالىلىرى خاپا قىلسا «ئەيسا مۇسا كەلدى» دەپ قورقۇتۇپ پەس قىلاتتى . بىراق ، ئۇ بالىلارغا بەك ئامراق ئىدى . بەزىدە ئۇ بىزگە ئەترەتنىڭ ماگىزىنىدىن مەنپەس كەمپۈت ئېلىپ بېرەتتى . بۇنداق چاغدا بىز قورقۇپ تۇرساقمۇ ، نەپسىمىز غالىب كېلىپ ئۇنىڭ يېنىغا ھېيىقىپ بېرىپ كەمپۈتنى ئالاتتۇق .

بەزىلەر ئەسلىي ئۇ قوشكېزەك ئىكەن ، كېزىكنىڭ ئىسمى مۇسا ئىكەندۇق ، كېزىكى تۈگەپ كەتكەندە ئاتا - ئانىسى كېزىكنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئەيسا مۇسا دەپ ئاتاپتىكەن دېيىشسە ، بەزىلەر مۇسا دېگەن دادىسىنىڭ ئىسمى ئىكەن ، ئۇ بىر كاتتا باينىڭ بالىسى ئىكەندۇق ، شۇڭا كىمنىڭ بالىسى دېسە مۇسا باينىڭ دېگىلى دادىسىنىڭ ئىسمىنى قوشۇپ ئاتىغانىكەن دېيىشەتتى . كىشىلەر مەيلى نېمە دېيىشسۇن ، ھەممىلا ئادەم ئۇنى ئەيسا مۇسا دەپ ئاتايتتى . ئەگەر تاسادىپىي مۇسا دېگەن ئىسىم قوشۇپ ئاتالماي قالسا ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزغا يوغان رېزىنكە ئاياغنى كولۇپلىتىپ ماڭىدىغان بىر ئادەم

كەلمەيتتى . مەن پەقەت دادامنىڭلا ئۇنى ئەيسىراخۇن دەپ ئاتىغىنىنى ئاڭلايتتىم .

مەن دادامنىڭ بالىلىرىنىڭ كىچىكى ، شۇنداقلا يالغۇز ئوغۇل ئىدىم . شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن دادام مېنى يېنىدىن ئايرىمايتتى . كىشى- لەرنىڭ دېيىشىچە ، مەن دادام ئاپامنى تالاق قىلىپ سەككىز ئايدىن كېيىن تۇغۇلۇپتىكەنمەن ، قايتىدىن ئۆيلىنىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقان دادام ئاپامنىڭ ئوغۇل تۇغقىنىنى ئاڭلاپ ئۇنى قايتىدىن نىكاھىغا ئاپتىكەن . شۇنداق بولغاچقىمۇ ، مەن ئۆيدە ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئىدىم . نېمىنى تەلەپ قىلسام شۇنىڭغا ئېرىشەلەيتتىم . بىر ئائىلىنىڭ ئۆزىدىلا بولىدىغان مۇنداق تەڭسىزلىكنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى غۇۋا ھېس قىلساممۇ ، لېكىن ئۆزۈمگە نېسىپ بولغان بۇ ئامەتتىن ۋاز كېچەلمەيتتىم .

دادام مەھەللىمىزدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامى ئىدى . ئۇ مېنى ئۆزى بىلەن بىللە توي - تۆكۈن ، نەزىر - چىراغلارغا ئاپىرىپ ، پولۇغا بېسىلغان گۆشنى ئالدى بىلەن ماڭا پارچىلاپ يېگۈزۈپ بولۇپ ، ئاندىن ئۆزى ئاشقا قول تەگكۈزەتتى . كەچلىرى كىرىسىن چىراغنىڭ گۇڭگا يورۇقىدا ئولتۇرۇپ ئىچىم پۇشقان چاغلاردا دادامغا ئەگىشىپ خۇپتەن نامىزىغا چىقاتتىم ۋە دادامنىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەي ئۆگەت- كەن بىرنەچچە ئاددىي سۈرىسىنى يادىمغا كەلگىنىچە ئوقۇپ چىقاتتىم .

بىر كۈنى دادام مېنى ئەگەشتۈرۈپ ئەيسا مۇسانىڭ ئۆيىگە كەل- دى . مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ پاكار تاملىق ھويلىسىغا بىرىنچى قې- تىم ، شۇنداقلا ئۆمرۈمدە بىر قېتىم قەدەم باسقانىدىم . بىر ئېغىزلىق قاراڭغۇ ئۆي ، ئىشىكتىن كىرگەندىكى ئۇدۇل تامغا چاپلاپ سالغان لاي سۇۋاق ئوچاق ، ئوچاق بېشىدىكى قارىداپ ئىسلىشىپ كەتكەن ئاليۇمىن چۆگۈن بىلەن سىرلىرى چۇشۇپ كەتكەن كۇرۇشكا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى . ئوچاققا يانداپ سالغان ، ئۈستىگە يىرتىق تاغار بىلەن يېرىم پارچە كونا كىگىز سېلىنغان ، ئىككى ئادەم ئاران پاتقۇ- دەك پاكار سۇپا ، سۇپا ئۈستىدە ئورۇن - كۆرپە ئورنىدا ئىشلىتىدىغان بولسا كېرەك ، ئىككى - ئۈچ پاختىلىق چاپانمۇ تاشلاقلىق تۇراتتى .

تۆردىكى بۇلۇڭغا ئىچىگە قانداقتۇر قاتتىق بىرنەرسە قاچىلانغان يوغان تاغار يۆلەكلىك ئىدى . پەگاھتا بولسا بۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر ياراملىق نەرسە بولغان ، بىسلىرى پارقىراپ تۇرغان ، سېپى تولا تۇتۇلغانلىقتىن سىلىقلىشىپ كەتكەن پالتا تۇراتتى .

يېقىن ئەتراپتىكى ھەممە ئادەم تىزىغىچە ئېگىلىپ سالام قىلىدىغان دادامغا ئەيسا مۇسا ھېچقانچە ئىلتىپات كۆرسەتمىدى . بىز يىرتىق تاغارغا ئولتۇرغاندىن كېيىن ، دادام نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى .

— ئەيسىراخۇن ، سىلى بۇ يەرگە كەلگىلى 6 — 7 يىل بولۇپ قالدى ، ئۆزلىشىپمۇ قاللا ، ئەتراپتا سىلىنى تونۇمايدىغان ئادەم يوق ، لېكىنزە سىلى ھېچ ئادەمگە ئارىلاشمايلا . ئاي ، يىل ئۆتۈپ مەسچىت دەرۋازىسىغا دوقۇرۇپ قويمايلا ، قارىسىلا ئەپتىلىرىگە ، پۇل تاپمايلا ئەمەس ، قوللىرى پۇل كۆرۈپ تۇرغاندىن كېيىن ، پاكىزرەك كۆڭلەكتىن بىرەرنى كىيىپ ، يۇيۇنۇپ مەسچىتكە چىقسىلىرى بولمامدۇ . بۇنداق يۈرسىلىرى خۇدامۇ راۋا كۆرمەيدۇ . ئادەم كۈنى ئادەم بىلەن ، سىلىنى ئۆيلەپ قويىلىمۇيا ؟ ئەگەر كۆڭۈللىرىدە شۇنداق مەقسەتلىرى بولسا ئېنىق ئېيتسىلا ، مەن ئاتىدارچىلىق قىلىمەن . ئايال كىشى بولمىسا ئۆينىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ . ئايال كىشى ئەركىشىنىڭ مىڭ خىل ئەيىبىنى ياپالايدۇ . ئىككى باشنى بىر قىلىش خۇدا يولىدىكى ساۋاب ئىش . ئۆيلىرىدە گاچا بولسىمۇ ، توكۇر بولسىمۇ ئايال زاتى بولسا ياقىلىرى پاكىز ، ئۆيلىرى رەتلىك تۇرىدۇ ، ئىشلىرىمۇ ئىلگىرى باسىدۇ . مەن ئاتايىن مۇشۇ ئىشنى دەپ قېرى جېنىمنى كۆتۈرۈپ بۇ يەرگە كەلدىم......

ئەيسا مۇسا گەپ قىلماي ، بېشىنى سالغىنىچە ئولتۇردى . دادام ئۇنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ، توي قىلىش ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولۇشنىڭ ئادەمئاتا ، ھاۋائانىدىن قالغان مۇقەددەس پەرز ئىكەنلىكىنى ، ھەتتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت خوتۇن ئالغانلىقى قاتارلىق مىساللارنى ئېزىپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . دادام سۆزلەپ ھېرىپ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپ بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، ئەيسا مۇسا ساڭگىلىتىپ تۇرغان بېشىنى كۆتۈردى . ئۇنىڭ مايلاشقان ، كىرلە-

شىپ كەتكەن سېرىق شەپكىسىنىڭ پۇرلەشكەن چېكىلىكى ئۇنىڭ يۈزىنى توراپ تۇرغاچقا ، باياتىندىن بېرى ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەنىدىم . ئۇ بېشىنى كۆتۈرگەندە دادام ئىككىمىز ئۇنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى كۆردۇق . ئۇ قېلىن كالپۇكلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ دادامغا قاراپ خۇددى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتقاندەك بىر ئاھاڭدا :

— مەن بۇ يەرگە يەرلىك ئەمەس ، يەر - سۇيۈڭنى بىلمەيمەن ، يەر - سۇيۈڭنى بىلگەندە ، باغلاپ قويساڭمۇ تۇرمايمەن ، — دېدى - دە ، قوپال ياغاچ ئىشكنى جالاقىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى .

دادام ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ئادەم بولۇشىغا قارىماي ھەدىلىرىمگە تۇتقان پوزىتسىيەنى ماڭا تۇتمىدى . مەن يەتتە ياشقا كىرگەندە ئۇ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرۇپ ، ئۆزى قولۇمدىن يېتىلەپ قوشنا مەھەللىدىكى يەڭىي مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى . باشلانغۇچنىڭ 3- يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان يىلىمدىكى بىر يازدا ئەيسا مۇسامۇ بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىدا كۆتەك چىقاردى . مەن بۇ چاغدا ئەيسا مۇسادىن بۇرۇنقىدەك چۆچۈمەيدىغان بولۇپ قالغانىدىم . مەن ئۇنىڭ يېنىغا دەرسلىك كىتابىمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوقۇشقا باشلىدىم . ئۇ بىردەم گۈرجەك بىلەن كۆتەك ئاستىدىكى توپىنى كولىغانىدىن كېيىن ، مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئولتۇردى . قولۇمدىكى كىتابنى سورىمايلا تارتىپ ئېلىپ مۇندەرىجىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ ، شۇنداقلا ئىچىپ ئۇدۇل كەلگەن بەتتىكى بىر سوئالنى سورىدى . مەن ھەيران قالدىم . توۋا ! ئەيسا مۇسا خەت ئوقۇيالايدىكەن . ئۆزىنى بۇ يەردە بىر دەپ ساناپ يۈرىدىغان مېنىڭ داداممۇ چالا ساۋات . ئەترەت باشلىقى ساۋۇتكامۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئارانلا يازالايدۇ . مەن بۇ ئاجايىپ ئىشنى يۈگۈرۈپ كىرىپ ئاپامغا دېدىم ، ئاپام :

— يالغان سۆزلىمىگىنە بالام ، ئاشۇ مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان دەلدۈش خەت ئوقۇيالىسا بۇ جاھان تەتۈر چۆرگۈلەيدۇ ، — دېدى .

بۇ خەۋىرىمنى ئاڭلىغان تەڭتۇشلىرىم پىخىلداپ كۈلۈشۈپ ، بىرەر ۋاراق خەت بار قەغەز تاپسىلا ئەيسا مۇساغا ئوقۇتۇپ باقە دەپ

تەڭلەپ چىشىمغا تېگىدىغان بولۇۋالدى .
شۇ كۈنى كەچ ئەيسا مۇسا كەچىنىڭ سالقىنىدا ئېشىپ قالغان كۆتەكلەرنى چىقىرىۋېتىمەن دەپ كەتمىدى . مەن ئۇنىڭ خەت ئوقۇيالايدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، ئۇ ماڭا باشقىچە ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى . كەچكىچە ئۇنىڭ يېنىدىن كەتمىدىم . ئۇنىڭ بۈگۈن كەيپى چاغ بولۇپ قالدىمۇ ، ئۇ ئىشنى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىقاچ قىلاتتى :

ئۆستەڭ بويىدا ياتىپ ،
خام تاماكىنى تاتىپ .
......

كۆتەكلەرنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ يېنىمغا كېلىپ زوڭزايدى ، يانچۇقىدىن كۆك تاماكا چىقىرىپ ، گېزىت قەغىزىدە يوغان قىلىپ ئوراپ چەككىلى تۇردى . مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن تارتىنىپ تۇرۇپ :
— ئەيسا مۇساكا ، سىز خەت بىلىدىكەنسىز ، ئۇنداقتا نېمىشقا مۇئەللىم بولمايسىز ؟ قاراڭا ، كۈنبويى كۆتەك چىقىرىپ ھېرىپ كەتتىڭىز ، مۇئەللىم بولسىڭىز مەيدە يانچۇقىڭىزغا پارقىراق قەلەم قىستۇرۇپ يۈرىسىز ئەمەسمۇ ؟ — دېدىم .
ئۇ سارغايغان چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلۈپ قويۇپ :
— بالىسەن - دە ، بالا ، ئادەمنىڭ كۈن كەچۈرۈشى ئۈچۈن ئازراقلا نەرسە بولسا كۇپايە ، ئارتۇق بولۇپ كەتكىنى ئادەمنى قۇل قىلىدۇ بالام ، — دەپ يىرىك قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلىدى . مەن ئۇنىڭ مەينەت تۇرقىدىن يىرگەنسەممۇ ، ئۇنىڭ خەت بىلىدىغانلىقىدىن پەيدا بولغان قەلبىمدىكى ھۆرمەت تۇپەيلى قولىنى ئىتتىرىۋەتمىدىم .
— سىزنىڭ نېمىشقا بالىلىرىڭىز يوق ، ئەيسا مۇساكا ؟
— بالام بولماقچىدى ، لېكىن بولمىدى ، — دېدى ئۇ كىچىك

بىر چالمىنى ئۈستەڭگە ئېتىپ تۇرۇپ .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— مەن ساڭا ھېكايە ئېيتىپ بېرەي ، بالام ، ياخشى ئاڭلاپ ، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا ، مەن بۇ چاغقىچە ھېچكىمگە ھېكايە ئېيتىپ بەرمىگەن . بۇرۇن بىزنىڭ يۇرتتا مانا مۇشۇنداق بىر ئۈستەڭ بوپتىكەن ، ئۈستەڭنىڭ ئايىغى يۇرتنىڭ سىرتىدىكى دەرياغا قۇيۇلىدىكەن . ئۇ يۇرتتا ناھايىتى گۈزەل بىر قىز بولغانىكەن . ئۇ قىز رەسىدە بولۇپ 16 ياشلارغا كىرگەن ۋاقتتا ئاشۇ يۇرتتىكى بىر يىگىت بىلەن مۇھەببەتلىشىپتۇ . ئۇ قىزغا ئۇزاقتىن بېرى كۆز تاشلاپ يۈرگەن يۇرت بېگى يەنى ئاشۇ يىگىتنىڭ دادىسى ئۇ قىزنى 4- خوتۇنلۇققا ئاپتۇ . ئۆز ئاشىقىنىڭ ئۆگەي ئاپىسى بولۇشنى غۇرۇرى كۆتۈرمىگەن قىز ئۆزىنى ئاشۇ دەرياغا تاشلىۋاپتۇ . ئېسىڭدە چىڭ تۇت بالام ، ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ . بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان يىگىت دادىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭدىن بېرى ئۇ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ شۇنىڭدىن بېرى بىرەر دوستى ، كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ بېرىدىغان بىرەر ئادىمى بولماپتۇ . ئۇ ئادەملەردىن ، بۇ دۇنيادىن بىزار ئىكەن ، ئۇ دائىم ئۆزى ياسىۋالغان خىيالىي ئالەم ئىچىدە ياشايدىكەن . ئۇ ئالەمدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ مەشۇقىلا ياشايدىكەن .

ئۇنىڭ ئاۋازىنىڭ بارغانچە بوشاپ ، بوغۇلۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئۇنىڭغا قارىدىم . ئاي يورۇقىدا ئۇنىڭ كىرپىكلىرىدە پارقىراپ تۇرغان ياشنى كۆردۈم .

— يىغلاۋاتامسىز ؟ ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز ئىدى ؟

— ئۇ مېنىڭ جېنىم ئىدى......

شۇ ئىش ئۆتۈپ 8 — 9 يىللاردىن كېيىن ، «ئەيسا مۇسا ئۈستەڭ بويىدا ئۇخلاپ قېلىپ ئۈستەڭگە چۈشۈپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى . ئۇنىڭ ئېسىلىپ كەتكەن جەسىتىنى كىشىلەر يېزىنىڭ سىرتىدىكى سۇ ئامبىرىدىن تاپتى . ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يەنە ئۇنىڭ ئۆيىدىن تاغارغا سېلىپ ساقلىغان ، ياغاچتىن ئويۇپ ياسال-

غان بىر ئايالنىڭ ھەيكىلىنى تاپقانلىق خەۋىرى تارقالدى . كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە «ئەيسا مۇسانىڭ چىشى جىنى بار ئىكەندۇق ، شۇڭا ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي ئۆمرىنى ئاشۇ ھەيكەل بىلەن ئۆتكۈزگەندىكەن» دەپ خۇلاسە چىقىرىشتى .



# يېشىل سىرلىق دەرۋازا

يەنە تاڭ ئاتتى . مەن ئۈچۈن يەنە بىر ئۇزاق ، ئازابلىق كۈن باشلاندى . ھۇجرامنىڭ سىرتقا قارىغان دېرىزىسىنى ئېچىۋېتىپ ، كۆز سەھىرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ ـ قېنىپ نەپەس ئالدىم . پەرداز جازىسى ئالدىغا بېرىپ ئۆزۈمنى ئازراق تۈزەشتۈرەي دەپ ئويلىدىم ، لېكىن بىردىنلا بۇنىڭدىن كۆڭلۈم قايتتى . ئۆزۈمنى قانچە تۈزىسەممۇ مەن يەنىلا شۇ قېرى قىز — خالىدە . مېنىڭ نەچچە ياشقا كىرگىنىم-نى يېزىدىكى غەيۋەتچى خوتۇنلار ھەر كۈنى نەچچە رەت قوللىرىنى پۈكۈپ تۇرۇپ سانىشىدۇ .

— ئۆزىنى شۇنچە ياسىسىمۇ ئەر چىقمايدىكىنە بۇنىڭغا ؟

— چاچلىرىنى كۆرمەمدىغان ، چاچ بوپتۇ-دە شۇ ، خۇددى يامداق سۇپۇرگىنىڭ ئۆزى .

— ئۆزىغۇ چىرايلىق ، پاكىز نېمە ، شۇنچە يەردىن لايىقلار چىقسا «ياق»لا دەيدىكەنغۇ بۇ سەتەڭ .

— مەن چوڭ يەردە ئوقۇغان دەپ ، جۇۋىلىقنى ياراتماي ، كاس-تۇملۇقنى تاپالماي يۈرىدىغاندۇ تايىنلىق......

مانا بۇ مەن ھەركۈنى ئىشقا ماڭغىنىمدا ساپما كەشلىرىنى سۆرەپ ئېرىقتىن سۇ ئالغىلى چىقىدىغان ئاياللارنىڭ قىلىدىغان سۆزلىرى . بۇ گەپلەرگە قۇلىقىممۇ كۆنۈپ كەتتى . مېنىڭ ئاشۇ جېدەل ـ ماجىرا قۇرۇمىسىمۇ ، ئېچىپ كىرىپ ، ئېچىپ چىقىدىغان ئۆيى ۋە ئېرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ، كۈندە غەيۋەت قىلىپ تۇرمىسا يېگەن نېنى تېنىگە سىڭمەيدىغان بۇ ئاياللار بىلەن تاكاللىشىپ ، ئۇلارنىڭ ئادەم چىدىغۇسىز سېسىق تىللىرىنى قوشلاپ ئاڭلىغۇم يوق .

قويچى ھەمدۇلكام ئۇزۇن چىۋىقنى ھاۋادا پۇلاڭلاتقىنىچە بىر

توپ قوينى ئالدىغا سېلىپ ئۆتۈپ كەتتى . كەينىدە ئامراق ئاپشاركى-
سىمۇ ئەگىشىپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ بەك خۇشال . بەلكىم قويلىرىنىڭ
ئوبدان سەمرىگىنى ئۈچۈن خۇشالدۇ ! ؟ ئادەم ئاشۇنداق ئازغىنە نەرسە
بىلەن خۇشال بولىدىغان بولسا قانداق ياخشى بولار ئىدى - ھە !
ئەنە سېنىڭ ئايالىڭ ، كەڭ قومۇش سۇپۇرگىنى كۆتۈرۈپ چى-
قىپ ، يولغا تۆكۈلگەن ئالتۇندەك سېرىق غازاڭلارنى سۇپۇرۇپ ، بىر-
نەچچە يېرىگە يوغان - يوغان ياماق چۈشكەن تاغارغا چىڭداپ تىقتى ،
ئاندىن ئۇنى مۈرىسىگە ئېلىپ ، ئالدىغا ئېڭىشىپ ماڭغىنىچە يېشىل
سىرلانغان دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى . توۋا ، ئاشۇ ئايال مېنىڭ
بەختىمنى تارتىۋالدى-ھە !
مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ ، سالاملىشىپ تۇرىمەن .
ئۇ مېنى كۆرگەندە : «ياخشىمۇسىز ئەپەندى خېنىم» دەپ چىشىنىڭ
ئېقىنى كۆرسىتىپ كۈلۈپ قويىدۇ . ئۇ ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ . مې-
نىڭ ئۆز ئېرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى ، ئۆز ئېرىنىڭمۇ تا ھازىر-
غىچە مېنى سۆيىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ . ئەگەر بىلسە داۋاملىق ئېرى-
كىپلا تۇرىدىغان بۇ ھازازۇل ئايال خۇددى ئۆتكەندە سەن ساۋۇت
قوغۇنچىنىڭ قىزىدىن قوغۇن ئېلىۋاتقىنىڭدا بېرىپ جېدەل تېرىغان-
دەك ئىش قىلاتتى . بەلكىم مېنىڭمۇ بىرنەچچە تۇتام چېچىم ئۇنىڭ
قولىدا قالغان بولاتتى .
سېنىڭ ئۇ ئايالىڭ غەرەز ئۇقمايدۇ . ئۆتكەندە مەن كەپسىز
بالاڭنىڭ مەكتەپتىكى شوخلۇقلىرىدىن دادلاپ كىرسەم ، ئۇ مېنى
بۇرنى - قۇلىقىمغىچە تويغۇزۇپ قويدى . ئۇنىڭ دېيىشىچە ، مەن
مۇئەللىم بولۇپ ھۆكۈمەتنىڭ بىكار پۇلىنى خەجلەۋاتقان ئادەم بولغان-
دىكىن ، بالىنى تۈزەپ ئادەم قىلىشىم كېرەككەن . ئۇ مۇشۇ ئاۋارىچى-
لىكتىن قۇتۇلىمەن دەپ بىرمۇنچە پۇل خەجلەپ بالىسىنى ئوقۇتۇۋې-
تىپتۇ . ھەي...... بىزنىڭ بۇ يەردە بۇنداق دەيدىغانلار ئازمۇ ؟ ئۇ
ھەركۈنى سەھەر ئاشۇ يېشىل سىرلانغان دەرۋازىدىن چاچلىرى چۇ-
ۋۇلغان ، كۆزلىرىنى چاپاق باسقان ھالدا خاراموش چىقىپ ئېرىق
بويىغا كېلىپ ، سەن ياساپ قويغان پەلەمپەيگە دەسسەپ ، دوڭغاق

سۆگەتنىڭ شېخىنى تۇتۇپ تۇرۇپ چېلەككە سۇ ئالدۇ. بۇنى مەن
ھەر كۈنكى ئادىتىم بويىچە دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويۇپ، قىزىل
دۇخاۋا پەردىلەر ئارىسىدىن كۆرۈپ تۇرىمەن. ۋۇجۇدۇمنى رەشىك
ئوتلىرى كۆيدۈرۈپ ئۆتىدۇ. ئەنە، ئۇ چېلەككە لىقمۇلىق سۇ ئېلىپ
كىرىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئۇ ئاشۇ يېشىل سىرلاقلىق دەرۋازىدىن
ئۆتۈپ جەننەتكە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۆزۈم بولسام مۇنۇ قىپقىزىل
پەردىلەر ئوتقا ئايلىنىپ دوزاختا كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن.

ئادەم مۇھەببىتىدىن ھەممىلا ئادەم تەڭ بەھرىمەن بولۇۋېرىدىغان
قۇياش ئەمەس. مۇھەببەتنىڭ ئەنە شۇ خاسلىقىدىن پەيدا بولغان رە-
شىك مېنى ئازابلايتتى، قىيناتتى. كېچە - كېچىلەپ ئۇيقۇدىن بىدار
قىلىپ، سېنىڭ ئۆيۈڭ تەرەپكە قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى. سەن بەلكىم
ئۇ چاغدا ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەنسەن، ئايالىڭ يېنىڭدىدۇ......

مەن سېنى ياخشى كۆرەتتىم، راستتىنلا ياخشى كۆرەتتىم. لې-
كىن، بۇنى ئۆزۈمدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئالدىدا تەن ئالغۇم كەلمەي-
دۇ. ئادەم بەلكىم ئاشۇنداق غۇرۇر بىلەن سۆيسە ئۇ سۆيۈش شۇنداق
چوڭقۇر بولىدىغان ئوخشايدۇ. بۇنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. مەن
نېمىشقا مۇشۇ يېزىغا قايتىپ كەلدىم؟ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ
ئەڭ ئەلاچى ئوقۇغۇچىسى تۇرۇپ نېمىشقا شەھەردە قېلىشنى خالىمى-
دىم. ھەر تەتىلدە ئۆيگە كەلگىنىمدە ئۆگەي ئاپامدىن يوشۇرۇپ
10 — 20 كوينى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، شۇ ئارقىلىق مېھرىنى ئىپادى-
لەيدىغان دادامغا، ماڭا دائىم سوغۇق قارايدىغان ئۆگەي قېرىنداشلى-
رىمغا تارتىنىشىپمۇ؟ ياق، مەن ئۇلارغا تارتىنىشمىدىم. بوۋامنىڭ: «ئا-
دەمنىڭ رىزقى نەگە چېچىلسا، شۇ يەر يۇرتى بولىدۇ» دېگەن گېپى
ئېسىمدە. مەن قېلىشنى خالىمىغان يەر ماڭا بىلىم بەرگەن، قانغۇ-
دەك كۈلۈشكە، ئەركىن، بىمالال سۆزلەشكە ئىمكانىيەت بەرگەن يەر
ئىدى. ئۇ يەردە ئۆگەي ئاپامنىڭ تۈگىمەس بۇيرۇقلىرى، ئۆگەي
قېرىنداشلىرىمنىڭ يامان كۆزلىرى يوق ئىدى. لېكىن، مەن نېمىگى-
دۇر بىرنەرسىگە قىيماي بۇ يەرگە قايتىپ كەلدىم. ئەمدى بىلسەم
سېنى ھەر كۈنى كۆرۈش بەدىلىگە ئۆزۈمنى ۋىسالسىز ھىجران،

مەخپىي ئازاب ئىچىدە قىيىنغىلى قايتىپ كەلگەنىكەنمەن. مەن قايتىپ كەلدىم. ئۆزۈم تارتىشقان نەرسىنىڭ ئاللىبۇرۇن باشقىلار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ قايتىپ كەلدىم.

مەن ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدىكى يازنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئىدى. ئۇ چاغدا يېزىمىزدا دوقمۇشتا دۇكىنى بار گو ئۇستامدىن بۆلەك ھېچكىمنىڭ تېلېۋىزورى يوق ئىدى. كىنوخۇمارلار كۈن پېتىشىغىلا ئۇنىڭ ھويلىسىغا كىچىك ئورۇندۇقلىرىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ تېلېۋىزور كۆرۈشەتتى. مانا بۇ مەن بىلىدىغان شۇ چاغدىكى يېزىمىزدىكى بىردىنبىر مەدەنىي پائالىيەت ئىدى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، بىر يىل ئىلگىرى قومۇرۇپ قويۇلغان يوغان كۆتەكتە يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىغىنىمچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتىم، سەن ئۇدۇلدىكى ياغاچ دەرۋازاڭنى (ئۇ چاغ دەرۋازاڭلار يېشىل سىرلاقلىق ئەمەستى) غىچىرلىتىپ ئېچىپ چىقىپ كەلدىڭ.

— ھە، سەنمىدىڭ، ئەقلىڭنى تاپقاندىن بېرى ساناۋاتىسەن، تېخىچە يۇلتۇزلارنىڭ سانىنى ئېلىپ بولالمىدىڭمۇ، جىن.

— سېنى ياردەملىشەمدىكىن دەپ كۈتۈپ ئولتۇرۇۋىدىم، سانىشىپ بېرە، سەن بەلكىم مەندىن بۇرۇن تۇغۇلۇپ، ساننى ئېلىپ بولغانسەن.

— مەن بولمىسام ھېچ ئىش قىلالمايسەن - دە سەن.

سەن مېنىڭ چىشىمغا تېگىشكە باشلىدىڭ. مەن سېنى شۇنچە ياخشى كۆرسەممۇ، غۇرۇرۇم بۇنى تەن ئالماسلىققا ئۈندەيتتى. سەن كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالغاچقا، تېرىكىپ، قېيىداپ بىرنەچچە كۈن ساڭا قارىمايتتىم. تۇۋا، مەن تۇغۇلغاندىن بېرى ساڭىلا قېيىداپتىمەن. ئەمدى بىلسەم، ئادەم پەقەت ئەڭ يېقىن كىشىسىگىلا قېيىدالايدىكەن.

— ۋاي قوۋۇرغام، قانداق قىلاي، راست ئېيتىسەن، سەن بولغاچقىلا مۇشۇ كۈنگە كەلدىم، بولمىسا ئۆلۈپ قالاتتىم دېگىنە.

— راست گەپنى قىل خالىدە، مېنى ياخشى كۆرىسەن - ھە؟

ئاھ خۇدا، مۇشۇ گېپىڭغۇ مېنى بەختسىز قىلغان. بۇ چاغدا مېنىڭ «ھەئە» دېگەن گەپنى قىلىشىم ئاشۇ يېزىدا ئۆسكەن مەندەك

قىز ئۇچۇن بىر قىزنىڭ بىر ئوغۇلنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى بەكمۇ نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىناتتى. شۇڭا، مەن ساڭا بولغان مۇھەببىتىم شۇنچە چوڭقۇر بولسىمۇ ئۇنى پىنھان تۇتاتتىم. لېكىن، بۇ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىدا ئىپادىلەنمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟

سېنىڭ مېنىڭ بۇ مەخپىيەتلىكىمنى بىلىۋالغىنىڭغا قاتتىق ئاچ-چىقىم كەلدى. ئىزا تارتقىنىمدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدۇم. خۇددى نومۇسلۇق بىر ئىش قىلىپ قويغاندەك، ساڭا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. كاللامدا «بۇ سىرىمنى باشقىلارمۇ بىلەمدىغاندۇ؟» دېگەن ئەندىشە، تەشۋىش ھۆكۈم سۈرەتتى. شۇ چاغ سەن يەنە:

— بولدى، يوشۇرما، بىلىمەن، سەن مېنى ياخشى كۆرىسەن، ئۆز ھېسسىياتىڭنى يوشۇرۇپ نېمە قىلىسەن، ھېسسىيات دېگەن ئەر-كىن نەرسە، — دېدىڭ.

بۇ گەپلىرىڭ ماڭا «سەن مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىكىن ئېنىق ئېيت» دەپ بۇيرۇق قىلىۋاتقاندەك، ھېسسىياتىمنى كەمسىتى-ۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. مەن قېيداپ ئۆيگە كىرىپ كەتتىم.

شۇ كۈندىن باشلاپ ساڭا قارىمىدىم. سەن نەچچە رەت «خاپا بولما» دەپ كەچۈرۈم سورىغان بولساڭمۇ، مەن يەنىلا سۈنئىي خاپا بولۇپ يۈردۈم. كۆڭلۈمدە بولسا سەن بىلەن قاچان ئەپلىشىپ قالار-مەن دەپ كۈتەتتىم. لېكىن، سەن بىلەن ئۇچراشقاندا مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىدىغانلىقىڭ يادىمغا كەلسە يۈزۈم چىمىل-داپ، گەپ قىلماي تەتۈر قاراپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى خاپا بولغانغا ھېساب ئىدى.

كېيىن مەن ئوقۇشقا كەتتىم، مەكتەپكە كېلىپ ئىككىنچى ھەپ-تىسىلا سېنىڭ خېتىڭنى تاپشۇرۇۋالدىم. خېتىڭدە مېنى خاپا قىلىپ قويغانلىقىڭ ئۈچۈن كەچۈرۈم سورىغان ۋە مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىلغانىدىڭ. مەن سېنى ئەيىبلەپ، ھەتتا ئۆزۈم بايقىغان بىرنەچچە ئىللەتلىرىڭنى تىلغا ئېلىپ، سېنىڭ سۆيۈشكە ئەرزىمەيدىغان بىر ئوغۇل ئىكەنلىكىڭنى، ئۆزۈڭنى تونۇۋېلىشىڭنى تەكىتلەپ جاۋاب خەت يازدىم.

ھەي ، مېنىڭ ئۆزىنى ئەقىللىق ھېسابلايدىغان ئاشىقىم . سېنىڭ شۇ چاغدا ئەقلىڭ نەگە كەتكەن بولغىيدى ؟ ! مەن سېنى شۇنچە ئۇزاق ئەيىبلەپ خەت يازغانىدىم . ئادەم ئۆزى سۆيمىگەن ئادەمگە شۇنداق ئۇزۇن خەت يازامدۇ ؟ شۇ چاغ خەتنى ئاخىرلاشتۇرغۇم كەلمەي قايتا - قايتا ئوقۇپ ، پەش ، چېكىتلىرىنى تۈزەپ كەتكىنىم ئېسىمدە ، شۇنچە ئۇزاق ئەيىبلەشكە ، شۇنداق چوڭقۇر سۆيۈشكە ئېرىشكەن سەن ئەمەسمىدىڭ . سەن ئويلىماپسەن . مېنىڭ سېنى سۆيىدىغانلىقىمنى سۆزلىرىمدىن ئەمەس ، كۆزلىرىمدىن ئىزدىمەپسەن . مەن سۆيگۈنى تەن ئالغۇچە ، ئەقىل تاپقۇچە كۈتمەپسەن . يىگىتلىك غۇرۇرۇڭنى يەرگە ئۇرغان ئاشۇ لەنىتى خېتىم بىلەن ھەممىنى ئۇنتۇپسەن . ئەق-لىڭدىن ھېسسىياتىڭ غالىب كېلىپ ، شۇ ئاچچىقىڭدا مېنىڭ ئاشۇ كۈندىشىم بىلەن توي قىلىۋاپسەن . مەن تەتىلدە كېلىپ بۇنى بىلدىم . مەن سېنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا بىلدىم . بۇ ھىجران ئازابلىرى ماڭا شۇ قەدەر چوڭقۇر ، مول ھېسسىياتلارنى ئاتا قىلغان ، مۇھەببىتىمنى كامالىغا يەتكۈزگەنىدى . مەن تېخى ساڭا — قەلبىمدىكى ھۆرمەتلىك ئاشىقىمغا ئاتاپ نۇرغۇن خاتىرىلەرنى ، مۇھەببەت لىرىكىلىرىنى يازغانىدىم . ئاھ ، ھەممىسى تۈگىدى . مەن ھەممىنى ھىجرانغا تېگىشىۋەتتىم . ئاھ ! قارىغاندا ھىجرانمۇ خېلى قىممەتلىك نەرسە ئوخشايدۇ . مەن ئاتالمىش غۇرۇ-رۇمنى مۇھەببەتتىن ئۈستۈن كۆردۈم . ۋۇجۇدۇمدىكى غەلىتە نومۇس تۇيغۇسىغا ھىجراننى سېتىۋالدىم . ھازىر چوڭقۇرلاپ چۈشىنىپ باق-سام ، مەن ساڭا ئېرىشەلمىدىم ، لېكىن ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىش-تىم .

ئەنە ، سەن ئاشۇ يېشىل سىرلانغان دەرۋازىدىن ۋېلىسىپىت يېتى-لىگىنىڭچە چىقىپ كەلدىڭ . ئوتتەك قىزىل دۇخاۋا پەردىلەر مېنى يوشۇرۇپ تۇرسىمۇ ، مەن سېنىڭ چىققىنىڭنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەينىمگە داجىدىم . لېكىن ، كۆزۈمنى پەردىلەر ئارىلىقىدىن ئۈزمى-دىم . سەن بېشىڭنى كۆتۈرۈپ مېنىڭ دېرىزەمگە شۇنداق بىر كۆز تاشلىدىڭ ، ئۇ قانداق قاراش - ھە ! تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى . سەن

ھەركۈنى ئىشىكتىن چىققاندا، سىرتتىن كىرگەندە شۇنداق قاراي-
سەن. ئۆتكەندە ئوغلۇڭنى دوختۇرغا ئەكېتىۋاتقان ئالدىراش مىنۇت-
لاردىمۇ شۇنداق قارىغانىدىڭ. مەن بەختلىك، سېنىڭ ئاشۇنداق قا-
راشلىرىڭ بىلەن بەختلىك. سېنىڭ قانۇنلۇق ئايالىڭمۇ بەلكىم ئاشۇن-
داق قارىشىڭغا ئېرىشەلمىگەندۇ......

سېنىڭ قامەتلىك گەۋدەڭ باشتا ئالدى تەرەپتىن، كېيىن يان تەرەپتىن، ئاخىرىدا ئارقىدىن كۆرۈنۈپ يوقالدى. ئۈچ ياشلىق قىزىڭ كەينىڭدىن چىقىپ سەن كەتكەن تەرەپكە بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، «دادام كېتىپتۇ» دەپ تايتاڭلاپ يۈگۈرگەنچە كىرىپ كەتتى. ئۇ قىزىڭ بەك ئوماق، مەن ئۇنىڭغا بەك ئامراق. خالىي يەردە ئۇچراپ قالسا ئەركىلىتىپ سۆيۈپ كېتىمەن. ئۇ قىز ساڭىلا ئوخشايدۇ. مەن سېنى سۆيمىدىغانلىقىمنى يوشۇرغاندەك، بالاڭغا ئامراقلىقىمنىمۇ سەن-دىن يوشۇرىمەن. مېنىڭمۇ دۇنيادىكى بارلىق ئاياللاردەك پەرزەنت كۆرۈش، ئائىلە قۇرۇش ئارزۇيۇم بار ئىدى. يېقىندىن بېرى كىچىك بالىلارنى كۆرسەم بۆلەكچە مەستلىكىم كېلىدىغان بولۇپ كەتتى. ئەگەر ئاشۇ قىز ئىككىمىزنىڭ بالىسى بولغان بولسا - ھە!

تۈنۈگۈن مەن سېنىڭ ئاشۇ قىزىڭنى ۋېلىسىپىتىنىڭ ئالدىغا ئول-تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ تۈگمەس سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ كېتىپ بارغىنىڭنى كۆردۈم. كۆردۈم - دە، ئۆزۈمنىڭ يوقاتقان نەرسەمنىڭ تېخىمۇ دېرەكسىز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى مەڭگۈ قولۇمغا ئالالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇنداق بولىدىغىنىنى مەن بۇرۇنلا بىلەتتىم. بىراق، نېمە ئۈچۈندۇر يەنىلا قۇرۇق ئۈمىد ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتىمەن.

مەن يەنىلا نېمىدۇر بىرنەرسىنى كۈتىمەن. ئۇ نەرسە خۇددى ھازىرلا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇنداق كۈتۈپ 30 ياشقا كىردىم. ئۆگەي سىڭلىمنىڭ بىرىگە:

— كىمنى ساقلايدىكىن شۇنچە، ھەدەم دەپ يول قويسام، ھېچ گېپى يوق ئولتۇرىدۇ. مەنمۇ قېرى قىز بولۇپ قالماي دەپ توي قىلىۋەردىم، — دەپ بېرىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ قالدىم. راست، مەن

كىمنى ساقلايمەن، ئاللىقاچان بالىلىق بولۇپ كەتكەن سېنىمۇ؟ بۇ-نىڭ نەتىجىسىز كۈتۈش ئىكەنلىكىنى بىلىمەنغۇ؟

كۆز ئالدىمدا ھەم يېپىلغان يېشىل سىرلانغان دەرۋازا. سەن توي قىلىش ئالدىدا دەرۋازاڭنى ئاشۇنداق سىرلاپتىكەنسەن.

ئەگەر مەن نومۇس تۇيغۇسى يوق قىز بولغان بولسام، ئاشۇ يېشىل سىرلىق دەرۋازىدىن بىمالال كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن بولار ئىدىم، لېكىن ئۇنداق بولمىدى. خۇدا بۇنى بۇيرۇمىدى. تەقدىر مېنىڭ كۈتۈپ يۈرۈشۈمنىلا، سېنىڭ بولسا ھەر كۈنى مېنىڭ ھۇجرام تەرەپكە ئەلەملىك قاراپ يۈرۈشۈڭنىلا بۇيرۇدى.

ئېھ! مېنىڭ بەختىمنى يۇتۇۋالغان يېشىل سىرلىق دەرۋازا!



# ناخشا چولپىنىنىڭ ئېرى

ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ قالغىنىمغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلىد- مەن . بىز بىللە ئۆتكەن دەرد - ھەسرەتلىك ئون بىر يىل ماڭا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىك ئاتا قىلدى . بۇلارنى ھېچ- كىمگە چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن . ئۇنىڭ بىلەن توي قىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئەتراپىمدىكى نۇرغۇن ياخشى نەرسىلەردىن ئايرى- لىشقا باشلىدىم .

مېنىڭ تازا نامى چىقىۋاتقان ناخشا چولپىنىنى ئالماقچى بولغى- نىمنى ئاڭلىغان ، بويىنىغا يوغان سېرىق مارجاننى يىپقا ئۆتكۈزۈپ ئېسىۋالىدىغان ئاپام خۇددى بىر-نەرسىدىن قورقۇپ كەتكەندەك ئۈن - تىنسىز تۇرۇپ قالغانىدى . ئۇنى ئاتا - ئانامغا كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئۆيگە ئەكەلمەكچى بولغىنىمدا ، ئاپام نەچچە كۈن بۇرۇن ھويلا- ئارامنى ئاقارتىپ ، ئۆي تازىلىغان ، دادام بىلەن ئۇكىلىرىم ئۇ كەلگەن كۈنى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرۈشكەنىدى . كىچىك سىڭلىم روجەكتىن بېشىنى تىقىپ ماراپ ، ئۇ قاراپ قويسا قېچىپ كېتىپ بىزنى كۈلدۈرۈۋەتكەنىدى . مانا شۇ كۈندىن باشلاپ مەن ئائىلەمدىكى- لەردىن ئايرىلىپ قالغانىكەنمەن . بۇنى شۇ چاغدا ئازراق ھېس قىلغان بولساممۇ ، ئۇنىڭغا كۆيۈپ تۇرغان يۈرىكىم ئېتىراپ قىلدۇرمىغانىدى .

بىز توي قىلىپ بىر ئايدىن كۆپرەك ئاتا - ئانام بىلەن بىر قورۇدا تۇردۇق . گەرچە بىز بىر قورۇدا بولساقمۇ ، ئوتتۇرىمىزنى قېلىن بىر قەۋەت تام توسۇپ تۇرغاندەك ، پاراڭلىرىمىز بۇرۇنقىدەك قولاش- مايتتى . ئاپام ئۇكىلىرىمنى ئۇنىڭ ئالدىدا : «تەرتىپلىك بولۇڭلار» دېسە ، دادامغا : «تاماق ۋاقتىدا يۆتەلمەڭ ، كېلىن بالا بىر قىسما بولۇپ قالمىسۇن» دەيتتى . شۇ سەۋەبلىك ، لازا قىيامىنى ياخشى

كۆرىدىغان دادام شۇ بىر ئايدا تامىقىغا لازا قىيامى سالمىدى . تاماق شىرەسىدە ۋارقىرىشىپ بىر ـ بىرىنىڭ قاچىسىدىكى تاماقنى تالىشىپ يېيىشىدىغان ئۇكىلىرىم ئۇ كەلگەن كۈندىن تارتىپ قاچىسىدىكى تاماقنى ئۈن چىقارماي يەيدىغان بولدى . كىچىك سىڭلىمنىڭ تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ ، قاپقارا كۆزلىرىنى تىكىپ قاراشلىرىدىن نارازى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم . ئاپام ئاستىنى قاڭالتىردا تۈۋلەتكەن كونا جاۋۇرنى نەگىدۇر يىغىشتۇرۇپ ، يېڭى خېمىر جاۋۇرى سېتىۋالدى .

ئاخشاملىرى دەرۋازا ئالدىدىكى كۆتەك بېشىدا ئولتۇرۇپ قىزىق پاراڭ سېلىشىدىغان دوستلىرىم مېنى بۇرۇنقىدەك قېشىغا چاقىرمايدىغان ، كوچا بېشىغا چىقىپ قالسامۇ ماڭا ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ پاراڭ قىلماي ، شۈكلەپ قالىدىغان بولۇۋالدى .

بىر كۈنى دادام بىر گەپنى دېمەكچى بولغانمۇ ، ھۇجرا ئۆيىمىزگە كىرىپلا خان ھۇجرىسىغا كىرىپ قالغاندەك ئالاقزادە بولۇپ كەتتى . ئايالىم : «تۆرگە ئۆتسىلە» دەپ كۆرپە كۆتۈرۈپ كەلگەن بولسىمۇ ، پەگاھتا ئۆرە تۇرۇپلا دەيدىغىنىنى دەپ چىقىپ كەتتى .

دادامنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ . دادام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ھېلىمۇ ئىچىم ئاچچىق بولىدۇ . ھەي ، مەن بىر ئوغۇل بالا تۇرۇپ ، دادامنى ئۆيۈمنىڭ تۆرىگە باشلاپ بىر پىيالە چاي سۇنالمىدىم ـ ھە ! ؟

ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ ئازابىنى ئىلگىرى تولۇق ھېس قىلمىغانىكەنمەن ، ھېس قىلغان بولسامۇ ، ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇنتۇپ قالغانىكەنمەن .

بىز ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن كۈنى ئاپام ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ قالدى . ئۇكىلىرىمنىڭ چىرايىمۇ بۆلەكچە ئېچىلىپ كەتتى . ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن . ھېچكىمدىن رەنجىگىلى بولمايدىغان بىر خىل شەكىلدە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلغان بولدۇم .

ئۇزاق ئۆتمەي ناھىيەدىن شەھەرگە كۆچۈپ كىردۇق . كېيىن ئىككى باللىق بولدۇق . كۈن ئۆتكەنسېرى يۈرىكىم دەرد ـ ھەسرەت بىلەن توشتى . ئۇنىڭ لەۋلىرىنى قىپقىزىل بوياپ ، ئۈستىبېشىغا كۆچ-

لۇك ئەتىر چېچىۋالىدىغان دوستلىرى ئۆيىمىزگە كەلسە، قىيا-چىيادا ئۆي ئىچى ئالتە خامان بولۇپ كېتىدۇ. مەن خۇددى ئۇنتۇلغان تاشتەك بىر بۇلۇڭغا كىرىپ قالىمەن.

ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنىڭ ھېسابسىز چوقۇنغۇچىلىرىدىن ئايىغى يوق خەت، گۈل، تېلېفون ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇ بولسا تېلېفوننى ئېلىشقىمۇ ۋاقتى يوقتەك، مېنى شەرەتلەپ قويۇپ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل. بىراق، كۆزى تېلېفون تەرەپتە. قاچان مېنى چاقىرىپ قوياركىن دەپ لاپ-لاپ قاراپ قويىدۇ. ئەگەر بۇ ئۆيگە يۈز قېتىم تېلېفون كەلسە، سۆزسىز توقسان توققۇزى ئۇنىڭ. ئۇ بۇنى بىلىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ قەستەن تېلېفوننى ئۆزى ئالمايدۇ.

ئەگەر ئۇ تېلېفوندا سۆزلەشكىلى تۇرسا، قويۇڭ-ھە، قازاندىكى قورۇلۇۋاتقان سەي، پىشىۋاتقان تاماق جايىدا قالىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق مۇھىم ئادەم ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇيدۇ. قازان بېشىغا مەن ئۆتمەي ئامال يوق. ئۇ تېلېفوندا قاقاقلاپ كۈلگىلى تۇرسا شۇنچىلىك زەردەم قاينايدۇكى، قولۇمدىكى چۆمۈچ بىلەن مېڭىسىگە بىرنى سالغۇم كېلىدۇ. تېلېفوننىڭ كۆپرەكى ئەرلەردىن كېلىدۇ تېخى. تېخىمۇ ئىچىم قاينايدىغىنى، تېلېفوننى ئاۋۋال مەن ئېلىپ، ئاندىن قارشى تەرەپنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇنى چاقىرىپ قويىمەن. ئەقەللىيسى، بىر دېھقان جېنىدا پاختا تېرىۋاتقان ئايالى قوشنا ئېتىزدىكى ئەر بىلەن چاقچاقلىشىپ قالسا ئۆلگۈدەك تاياق يەيدۇ. ئەمما، مەن ئۇنىڭ تېلېفونىنى «جاققىدە» قويۇۋېتەلمەيمەن. ئۇ ئەرلەردىن كەلگەن گۈللەرنى قوبۇل قىلسا، خەتلەرنى پۇتلىرىنى مىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئوقۇسا، تېلېفوندا قاقاقلاپ كۈلسە ھېچنېمە، ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. چۈنكى، مەن بىر ئاڭلىق ئەر، چولپاننىڭ ئېرى-دە. ئۇنى ئۇرۇپ-تىللىسام، ئۇنى شەرەپلىك خىزمىتىدىن توسسام، پۈتۈن شەھەر خەلقى مېنى بىر تالانت ئىگىسىنى نابۇت قىلدى دەپ ئەيىبلەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھەممە دەردىمنى ئىچىمگە يۇتماي قانداق قىلىمەن؟ بۇلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بىچارە، ئەڭ ئاجىز ئادەمدەك ھېس قىلىمەن.

توغرا، ئۇ مېنىڭ تارتىۋاتقان خورلۇقلىرىمنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، ھەر قېتىم تېلېفوننى قويغاندا «خاپا بولماڭ» دېگەندەك كۆ-لۈپ قويىدۇ. ئالدىراپ كېلىپ قولۇمدىن چۆمۈچنى ئالىدۇ، ئىمكان-قەدەر ئۆزىنى ئاددىي ئائىلدەك كۆرسەتمەكچى بولىدۇ. باشقا ئائىلە ئايالىلىرىدەك بازاردىن كۆكتات سېتىۋېلىپ كىرىپ تاماق ئېتىدۇ. بىراق، بۇنداق ئەھۋال ئايدا بىر - ئىككى قېتىملا. ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە بولىدىغان ۋاقتى پەقەت شۇنچىلىكلا، تولىراق سەھنىدىن چۈش-كەن پېتى كىشىلەر تەقدىم قىلغان سولىياۋ گۈلنى تۇتقان ھالدا باشقىلارنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولىدۇ. قايتىپ كېلىپ مېنىڭ قازان بېشىدا پىرقىراپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ: «ۋىيەي، ھېرىپ كەت-كەنسىز، بولدى، ئولتۇرۇڭ، مەن قىلاي» دەپ كېتىدۇ. بۇ گەپلەر تېخىمۇ ئەرۋاھىمنى ئۇچۇرىدۇ. ئۇ بۇ گەپلەرنى مېنىڭ ئاخىر بىر كۈنى ئويغىنىپ ھەق پاراڭنى قىلىپ سالماسلىقىم ئۈچۈن، ئۆزىنى كۆيۈمچان، مۇلايىم كۆرسىتىپ قىلىۋاتسا نېمىشقا ئەرۋاھىم ئۇچمى-سۇن؟ بۇنى ھېس قىلغانسېرى چىدىغۇسىز خورلۇق ھېس قىلىمەن.

ئۇ مېنى دوستلىرىغا، چوقۇنغۇچىلىرىغا، زىيارەت قىلغۇچىلار-غا: «مېنى قوللايدۇ، شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ» دەپ ماختاپ بېرى-دۇ. بىرنەچچە قېتىم گېزىت - ژۇرناللارغىمۇ ئىسمىم چىقتى. باشتا بۇ ماختاشلاردىن ھوزۇرلىنىپ، بۇ ئالەمدە مەنچىلىك ئالىيجاناب ئادەم يوقكەن دەپ يۈرۈپتىمەن. ھازىر ئويلىسام، ئۇ شۇنداق ماختاش-لار ئارقىلىق ماڭا مەنئى جەھەتتىن پارا بېرىپ، ئۆزى ئۈچۈن تېخىمۇ ئازادە شارائىت يارىتىۋاتقانىكەن. «قوللايدۇ» دېگەن گەپ ئەرلەردىن گۈل، خەت قوبۇل قىلسام، تېلېفوندا سائەتلەپ مۇڭداش-سام، ئۆيدە تاماق ئەتمىسەم، ئۆيگە يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلسەم...... گەپ قىلمايدۇ دېگەن گەپ ئىكەن ئەمەسمۇ؟ «ئايالىنى قوللىغان» دېگەن قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان كىشىلەر ئاشۇ قۇرلار ئارىلىقىدا مېنىڭ بويۇن قىسىپ، ھېچكىمنىڭ ھېسداشلىقىغا ئېرىشەلمەي تۇرغانلىقىم-نى كۆرەلمىدىغاندۇ؟!

بۇندىن تۆت يىل بۇرۇن مەن ئۇنى تۇنجى قېتىم ئۇردۇم. شۇ

ھەپتىسى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى كېلىپ ئۆيىمىز پاتىپاراق بولۇپ كەت-
تى . بۇ ھال ماڭا «بۇ ئۆينى قىزىمىز پۇل خەجلەپ ئالغان ، ئۆيدىكى
قايسى نەرسىگە سېنىڭ چىشىڭ پاتاتتى» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى .

توغرا ، ئۇنىڭ تاپىدىغان پۇلى مېنىڭ ئايلىق مائاشىمنى نەچچە
قاتلايدۇ . ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ تاپ-
قان پۇلغا ئالغان . مەن بۇ ئۆيدە قورسىقى تويسىلا ھېچ نەرسە دېمەي ،
شىرە ئاستىغا كىرىپ ئۇخلايدىغان مۈشۈككە ئوخشاپ قالدىم .

ئىشىكتىن كىرىمەن ، ئۇنىڭ تۇغقانلىرى بىر چىنە تاماقنى ئال-
دىمغا قويۇپ بولۇپ ، «ئارام ئالامسىز» دەپ ياتاق ئۆينى ئىما قىلى-
دۇ . مانا ئەمدى كۈندە پىرقىراپ يۈرىدىغان قازان بېشى ، پۈچقىقىمغا
يېپىشىپلا يۈرىدىغان بالىلىرىممۇ مەندىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتقاندەك
تۇيۇلىدۇ .

ئاچچىقىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ تېلېۋىزور
كۆردۈم . قېرىشقاندەك ، تېلېۋىزوردا ئۇنىڭ بىلەن بىر بۇرتلۇق ئەر
ئوينىغان لەپەرنى بىرى ئاپىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۈچۈن تەلەپ
قىلغانىدى . بۇ لەپەرنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرەتتىم . چۈنكى ، لەپەردە
ئۇ بۇرۇتلۇق ئەرگە ئەركىلەپ ، كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ناخشا ئېيتات-
تى ، بۇرۇتلۇق ئەر ئۇنىڭ ئەتراپىدا چۆرگۈلەپ ئۇسسۇل ئوينايتتى ،
ئۇنى كۆتۈرۈپ پىرقىرىتاتتى......

ئەگەر مەندىن باشقا ئەر بۇ كۆرۈنۈشنى كۆرسە : «تۇتۇۋالدىم»
دەپ جار سېلىپ ، بۇنداق خوتۇننىڭ خېتىنى بېرەتتى . بىراق ، مەن
پۈتۈن خەلقئالەم ياخشى كۆرىدىغان بۇ لەپەرنى كۆلۈپ ئولتۇرۇپ
كۆرۈشۈم كېرەك . چۈنكى ، ناخشا چولپىنىنىڭ ئېرى بولغان ئادەم
باشقىلاردا قورسىقى كەڭ ، ئاڭلىق دېگەن تەسىراتنى قالدۇرۇشى
كېرەك - تە .

ئۆزۈمنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتىم . بىنادىن ئانچە
يىراق بولمىغان كەچلىك بازارغا بېرىپ كاللا-پاقالچاق گۆشىنى زا-
كۇسكا قىلدىم . چىلاشقۇچە ئىچەيچۇ دەپ تۇراتتىم ، ئىدارىمىزدىكى
بىرنەچچە خىزمەتدىشىم كېلىپ قالدى . ئۇلار مېنىڭ ھالىم بىلەن

چاتىقى يوق ، جوزامغا كېلىپ چۆكتى .

بىرچاغدا ئەزەلدىن ئېقىم كېلىشمەيدىغان مەمۇرىي بۆلۈمدىكى نەبى بىلەن گەپ تالىشىپ قالدىم . ئۇ سوقۇشقاق خورازدەك قىزىرىپ تۇرۇپ :

— ماۋۇ يۇمشاقباش لاتا نېمە دەيدۇ ئەمدى ، ئاۋۋال خوتۇنۇڭنى باشقۇرۇۋال ، — دېدى .

ئۆيگە كىرىپ پۇتۇمغا پۇتلاشقان ئورۇندۇقنى بىر تەپتىم .

— نېمە تاراق-تۇرۇق بۇ ، — ئۇ ياتاق ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى .

كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالغان شۇ مىنۇتتا ھېچ نەرسە دېمەيلا ئۇنى ئۇرۇپ كەتتىم . ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ قىيا - چىيا قىلىشىپ ئاجرىتىۋالدى .

ئۇنىڭ ھەدىسى :

— نېمەڭگە نېمە يەتمەي ئۇرىسەن ؟ سەن سەھرالىقنى شەھەرگە ئەكېلىپ مۇشۇنداق ئۆيلەردە ئولتۇرغۇزغان كىم ؟ پۇل دېمەيدۇ ، كىيىم دېمەيدۇ ، بىكارلىق ئاش - نان مەيدەڭنى ئېسىۋاتامدۇ ؟ — دەپ تىل سالدى .

— كىيىمگە...... ئاش - نانغا...... ئەرگە موھتاج خوتۇن بولسا ئېلىپ بېرەتتىم ، باقاتتىم . ئۇنىڭ كىيىم - كېچىكى ، ئاش - نېنى ، ئېرى تولا ! — دەپ ۋارقىرىدىم مەنمۇ بوش كەلمەي .

— ئېرى تولا دەيسەنغۇ ؟ سەن مېنى تۇتۇۋالغانمىتىڭ ؟ — دەپ ياقامغا ئېسىلدى ئۇ .

بىر قەپەس جېدەل - ماجىرا قوشنىلارنىمۇ ئويغىتىۋەتتى .

شۇندىن كېيىن ئارىمىزدا جېدەل قۇرۇمايدىغان بولدى . بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، ئۇ مەندىن تويۇۋاتىدۇ . ئۇ ۋاقتى بولسىمۇ ئۆيگە قايتىمايدىغان ، باللارنى يېتىلەپ چىقىپ كوچىدا تاماق يەيدىغان بولۇۋالدى . ئائىلىمىز پەقەت نامدىلا بار ، كېچىسى پاناھلىنىدىغان جاي بولۇپ قالدى . بىز غەربلىكلەردەك سىرتتىن تاماق يەپ ئادەتلەنمىگەچ ، ئۆيدە كۈندە بىر ۋاق قازان قايناپ تۇرمىسا ، ئائىلە ئەزالىرى بىر شىرەگە جەم بولۇپ ئولتۇرمىسا ئۆيىنىڭ تۆت تېمىدىن مۇز

ياغدىكەن .

مەنمۇ ئۆيگە كىرگۈم كەلمەيدىغان ، يېرىم كېچىلەردە قايتىپ كېلىدىغان بولۇپ قالدىم . ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك «نەگە باردىڭىز» دەپ سورۇشتۇرمەيدۇ ، بەلكى قايتىپ كىرمەسلىكىمنى ، بىر يولى يوق بولۇشۇمنى تىلەيدۇ . مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ پەقەت يۈز - ئابرۇيىنى دەپ ، چوقۇنغۇچىلىرى قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۈكلەشتۈرۈپ قويماسلىقنى ئويلاپ مەن بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى . بۇنداق بۇرۇقتۇملۇق قانچىلىك داۋام قىلار ؟

ئۇ ھەر قېتىم يېرىم كېچىدە قايتىپ كەلسەم «ئۆلمەي قايتىپ كەلدىڭمۇ ؟» دېگەندەك ، ئويقۇلۇق كۆزىنى ئېچىپ چەكچىيىپ قاراپ قويىدۇ .

ئۆتكەندە خىزمەت بىلەن بىر يېزىغا بارغاندا ، پۇتلىرى قاداق باسقان ، چۇخەينى پايپاقسىز كىيىۋالغان بىر دېھقاننىڭ يېزا بازىرىغا قاپقارا خوتۇنىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ لەڭپۇڭ ئېلىپ بېرىۋاتقىنىنى كۆردۈم . شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمغا دادام تۇگەپ كەتكەن چاغدىكىدەك يىغا ئولاشتى . ئۇ دېھقان مەندىن بەختلىك ئىدى . ئايالىنى بىرنەچچە كوي بىلەن خۇش قىلاتتى . گېزى كەلسە باشقۇرالايتتى .

ئۇ بولسا ئۆينى بېزىگۈسى كەلسە ماڭا دەپ قويۇپلا ، قوشۇلۇش-قوشۇلماسلىقىم بىلەن كارى يوق ، ئۆيگە ئىشلەمچىلەرنى باشلاپ كېلىپ ئىشنى باشلىۋېتىدۇ . ئۆيدىكى بىرەر نەرسە مودىدىن قالسا ، ماڭا دەپ قويماي ، ئۆزىنى چوڭ بىلىدىغانلارنىڭ ماشىنىسىدا نەلەرگىدۇر ئاپىرىۋېتىپ ، ئورنىغا يېڭى پاسوندىكىنى ئەكېلىپ قويىدۇ . ئۇ نەرسىلەرنى مەيلى توشۇش ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا بولسۇن مېنى ئاۋارە قىلمايدۇ . بىراق ، بۇنداق ئاۋارە قىلماسلىقىمۇ ماڭا خورلۇق ئېلىپ كېلىدۇ . باشقا ئاياللار بىرەر كۆڭلەك سېتىۋالسىمۇ ئېرىگە مەسلىھەت سالىدۇ . مەن ئايالىمنىڭ قانچىلىك پۇلى ، قانچە جا ، قانچە جىڭ ھالقىسى بارلىقىنى تېخى بىلمەيمەن . ئۇ بىرنەرسە ئالغۇسى كەلسە ماڭا دەپ قويماي ئېلىۋېرىدۇ .

ئۇ پەقەت يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان توي خاتىرە كۈنىنى ماڭا

ئالدىن دەپ قويىدۇ . ئەتىسى مەن ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇ ئالدىن ئېلىپ قويغان سوۋغاتنى كۆتۈرۈپ بەلگىلەپ بەرگەن رېستورانغا بې-رىپ ، ئۇنىڭ ئۇپا - ئەڭلىكنى بولۇشىغا سۈرتكەن ، ئاغزى بېسىقماي كۈلىدىغان دوستلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېرىمۇ ، ئەر دوستلىرىمۇ ، ئىشقىلىپ پات - پات يەڭگۈشلىنىپ تۇرىدىغان بىر توپ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشىمەن . خۇددى ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ چەكسىز بەخت-لىك بولۇپ كەتكەندەك ، سوۋغاتنى ئۇنىڭغا بېرىپ ، باشقىلارنىڭ چاۋاك سادالىرى ئىچىدە كۈلۈپ تۇرىمەن . شۇنداق چاغلاردا مەندەك ئائىلە ئىناقلىقىنى ياساپ يۈرگەن بىچارە ئەرلەر بۇ زېمىندا قانچىلىك-تۇ دەپ ئويلاپ قالىمەن .

باشقىلارمۇ مېنىڭ ئىنسانلارغا خاس شەخسىيىتىم بارلىقىنى ، ئۆز جۈپتىنى قىزغىنىشنى بىلمەيدىغان چوشقا ئەمەسلىكىمنى ئويلاپ قويمايتتى . ياق ، مېنىڭ بىر كۈن بولسىمۇ ئەردەك ياشىغۇم ، ئۆيگە كىرىپ قازان بېشىدىكى ئايالىمنى كۆرگۈم ، ئايالىم ئېتىپ بەرگەن بىر قاچا ئىسسىق تاماقنى يېگۈم ، ئايالىمنىڭ «بۇ ئىشنى قانداق قىلىمەن» دەپ ماڭا مەسلىھەت سالغىنىنى ئاڭلىغۇم ، «بۇنى خەجلە» دەپ ئۆز قولۇم بىلەن پۇل بەرگۈم كېلىدۇ .

ياق ، ئۇ مەن بىلەن كۆرۈنۈشكىلا توي قىلدى . ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم ئېرى ئۆلۈپ كەتتى دېيىلىدۇ ، باشقىلارنىڭ قەلبىدىكى ئوبرا-زىغا داغ تەگمەيدۇ . ئاجرىشىپ كەتسەم چوقۇنغۇچىلىرى ئۈمىدسىزلە-نىپ قالىدۇ . ئوبرازىغا نۇقسان يېتىدۇ . چۈنكى ، بىزنىڭ جەمئىيە-تىمىزدىكى ئادەملەر قەلبىدە بىرەر نام - ئاتاق قازانغان ئادەم نۇقسان-سىز بولۇشى ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان كەچمىشى بولماسلى-قى كېرەك . ئۇ بۇلارنى ئويلاپ يېتەلىگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ ئازابلىق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە رازى .

ئۇ مېنىڭ ئۆيگە كېچە-كېچىلەپ كىرمەسلىكىمنى ، بىرەر ھادى-سىگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىشىمنى تىلەۋاتاتتى . ئۇنىڭ ھەممە نېمىسى تەل ، ئەرگىمۇ ئېھتىياجى يوق ، پەقەت ئابرۇيغىلا ئېھتىياجلىق .

ئاخىر ئاجرىشىپ كەتتىم . بارلىق كۆڭۈلسىزلىكلەر بىر پارچە

ئىسپاتنامە بىلەن توگىگەندەك يېنىكلەپ قالدىم . ئەسلىدە مۇناسىۋەتىدىمىز ئالىلىقاچان ئاياغلاشقان ، پەقەت شۇ بىر رەسمىيەت ئۆتەلمىگەندىكەن .

ئاجراشقانلىقىمنى تەبرىكلەپ ، ئۇلپەتسىز كوچىغا چىقتىم . ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىپ ئەرلىك غۇرۇرۇمدىن ، دوست - بۇرادەرلىرىمدىن ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا ، بۇگۈنكى بۇنداق كۆڭۈلدىكى تەسەللى بېرىدىغان بىرەر سىرداشىم يوق . ھەرقانچە ئويلاپمۇ كىمنىڭ مېنىڭ دوستۇم ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدىم .

ئۇ ماڭا ئامالىنىڭ بارىچە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشقان ، يەنە ئىككى بالا تۇغۇپ بەرگەن ، جېنىنىڭ بارىچە ئائىلىمىزنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانىدى . بىراق ، بىزنى ھېچكىم چۈشەنمىدى . مەن ئۇنى چۈشەنمىدىم ، باشقىلار مېنى چۈشەنمىدى . ئەگەر ئۇ بىر چولپان بولماي ، ئاددىي بىر ئائىلە ئايالى ياكى ئادەتتىكى خىزمەتچى ئايال بولۇپ تاماق ئەتمىگەن ، كىر يۇمىغان ، مېنىڭ پۇلۇمنى بۇزۇپ - چاچقان بولسا ، مەن بۇنچە خورلۇق ھېس قىلىپ ئىچىمگە سېلىپ كەتمىگەن ، ئارىمىزدا بۇنچە چوڭ ھاڭ پەيدا بولمىغان بولاتتى . جېدەل - ماجىرا قىلساقمۇ ، باشقىلار : «ئەر-خوتۇن دېگەن سوقۇشىدۇ » دەپ ئاجرىتىپ ، ياراشتۇرۇپ قويغان بولاتتى . جېدىلىمىز پۈتۈن شەھەردە تارقىلىپ يۈرمەيتتى .

بالىلار ئۇنىڭ بىلەن كەتتى . چۈنكى ، ئۇ ناخشا چولپىنىنىڭ بالىلىرى . ئۇلار شۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالغان ، ئۇلار ساۋاقداشلىرى ئالدىدا مەندەك بىر ئاددىي دادىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالغانغا قارىغاندا ئانىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئالسا ئابرۇيلۇق بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئۇلار ئانىسىدەكلا مېنى چاندۇرماي كەمسىتىدۇ . چولپاننىڭ بالىلىرى بولغاچ ، ئۇلار مەندىن بەك يىراق……

— قاراڭ ، ئاۋۇ ئادەمچۇ ھېلىقى ناخشا چولپىنىنىڭ ئېرى . ئۇلار بۇگۈن ئاجرىشىپتۇدەك ، بەك ئوسال نەرسىكەن بۇ ، شۇنداق چىرايلىق خوتۇننى ناخشا ئېيتتىڭ ، سەھنىگە چىقتىڭ دەپ ئۇرۇپ ، خارلاپتۇدەك…… ئاجرىشىپ ئوبدان قىپتۇ .

— بۇ بىچارىمۇ ئامالسىزلىقتىن قويۇۋەتتى ھەقاچان ، كىم بىلىدۇ ، بۇنىڭ دەردىمۇ يەتكۈچە باردۇ ؟

توۋا ، بۇ ئالەمدە ماڭا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئادەم باركەن. ھە ! مېنى چۈشەنگەن ئايالنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئارقامغا بۇرۇلۇۋىدىم ، ئىككى ئايال ئالاقزادە بولۇشۇپ كەتتى .

قىيا ئۇچۇق ئىشخانا ئىچىدىن نەبىنىڭ :

— بۇ ئاداش بوشلۇقىدىن خوتۇنىدىن قۇرۇق قالدى ، لاتا غىلاپ نېمە بۇ ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى .

مۇشتۇمنى تۈگكىنىمچە ئېتىلىپ كىردىم . ئۈستەلنى چۆرىدەپ غەيۋەت قىلىشىۋاتقانلار چەكچەيگىنىچە تۇرۇپ قالدى .

ھېچكىمگە مۇشت ئاتماستىن يېنىپ چىقتىم . دەرد - ئەلىمىمنى بىرسىنى ئۇرۇپ چىقىرالمايتتىم . خوتۇنۇمنى ئۇرغان چاغلاردىمۇ : «ئەسلىي تاياقنى ئۆزۈم يېيىشىم كېرەك ئىدى . چىدىماسلىقىم تۈپەيلى خوتۇنۇمنى ئۇرۇۋاتىمەن» دەپ ئويلىغانىدىم .

كوچىلاردا ماڭا ئۈچمەنلىك بىلەن تىكىلگەن كۆزلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمەن . چۈنكى ، مەن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى چولپاننى نابۇت قىلماقچى بولغان گۇناھكار .

— ئىنىڭ ئۆيلەنمەكچى بولغان قىز شۇنداق ئىشقا پىشقان ، قولىدا ھۈنىرى بار چېچەن قىز ، — دەپ سۆزلەشكە باشلىدى ئاپام .

ئۇ ئىنىم ئالماقچى بولغان قىزدىن بەك رازى ئوخشايدۇ . ئاپامغا ئاخىرقى ئۆمرىنى كېلىنىنىڭ راھىتىنى كۆرۈپ ، پۇت - قولىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئۆتكۈزۈش نېسىپ بولار......

— كىمنى ئالسا مەيلى ، چولپاننى ئالمىسۇن ، — دېدىم ئۆزۈمچىلا .

# كادىر قىسمىتى

هەركۈنى «مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان ئىشخانا ئالدىغا كەلگىنىمدە ۋۇجۇدۇم ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ . خۇددى تاتلىق بىرنەرسە يېۋالغاندەك شېرىن سېزىملەر ئىلكىدە ئىشىككە ئاچقۇچ سالىمەن . ئىسمىمنىڭ ئاخىرىغا شياڭجاڭ دېگەن سۆزنى قوشۇپ ئاتىغانلار كۆزۈمگە بۆلەكچە ئىسسىق كۆرۈنىدۇ .

كۈندىكىدەك ئىشخانىغا كىرىپ ، ئىستاكاندىكى چاينى ئوتلىغاچ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇراتتىم . ئاۋارە تۇرقى بىلەنلا بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ بولىدىغان ، يېزىمىزنىڭ قۇتقۇزۇش ئوبيېكتى قىلىنغان ئامىنىخان ئىدارە قورۇسىغا كىرىپ كەلدى . ئۇنى كۆرۈپ كەيپىم ئۇچتى . بۇنىڭدىن تۆت يىل بۇرۇن مەن «خەلق ئىشلار ئىشخانىسى»دىكى چاغدا ھۆكۈمەتتىكى بىرنەچچىمىز يېزىدىكى دېھقانلارنىڭ ئائىلە ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن مەھەللە ئارىلاپ يۈرۈپ بۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆتكەنىدۇق . قارا قىشتا مەشكە مەدەك قالاپ ئولتۇرغان ئايال بىزنى بار - يوقى شۇ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ نەرىگە باشلاشنى بىلەلمەي ، كىر كۆرپىنى كۆتۈرگىنىچە تېنەپ - تەمتىرىگەن ھالدا مەشنىڭ ئىچىگە تىقىپ قارىداپ كەتكەن چۆگۈندە قايناۋاتقان سىنچاينى قۇيۇپ ، بىر چەتتە ياتقان پالەچ قىزنى كۆرسىتىپ تۆكۈلۈپ - تۆكۈلۈپ يىغلىغانىدى .

ئۆزۈم كەمبەغەل دېھقاننىڭ بالىسى بولغاچ ، نامراتلىقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم . شۇڭلاشقىمۇ بۇ ئايالنىڭ كۆز ياشلىرى ھەممىدىن بەك ماڭا تەسىر قىلغان چېغى ، يېزىغا قايتىپلا بۇ ئايالنى قۇتقۇزۇش بېرىشكە تىزىملىتىپ قويغانىدىم . ئۇ قىش بولسا كۆمۈرۈم

يوق دەپ كېلەتتى ، ئەتىياز بولسا يېرىمنى تېرىيالمىدىم دەپ كېلەت-
تى ، ياز بولسا ئۈن - مېيىم تۈگەپ كەتتى ، ئېتىزدىكى زىرائەتلەر
تېخى يېغىلىپ بولمىدى دەپ كېلەتتى . كۈز بولسا سۇ پۇلى ، يەر
پۇلىنى تاپشۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم ، ئوغۇت پۇلىنىڭ يېرىمىنى
بەرسەم دەپ كېلەتتى . ھەي يوقسۇزلۇق ! بۇ ئايال ھەقىقەتەن ئامالسىز
قالمىسا مېنىڭ ئالدىمدا سارغىيىپ نېمە كەپتۇ . بولدىلا ، خىجالەت
قىلمايچۇ ، دەپ تەستىق سالاتتىم . بۇ ئايالنى دەپ ئۇنىڭ - بۇنىڭغا
گەپ قىلىپ ئېتىبار قىلىشنى ئۆتۈنەتتىم . ئاشۇ ئۆرۈنۈشلىرىم بىلەن
ئۇنىڭ ئاز-تولا ئىشلىرى پۈتۈپ ئالەمچە خۇش بولۇپ كېتەتتى . ئۇنىڭ
شۇ خۇشال بولغان ھالىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن بۆلۈمدىن - بۆلۈمگە
قاتراپ يۈرۈشنى ھار ئالمايتتىم .

ئۆتكەن يىلى مەكتەپكە بالىلىرىمنىڭ ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇپ
بولۇپ قارىسام يان تېلېفونۇم توختاپ كېتىپتۇ ، قانداق قىلىشنى
بىلمەي تازا جىلى بولۇپ ئولتۇرسام ئۇ ئايال ئېگىلىپ سالام قىلىپ
كىرىپ كەلدى . قىزى ئاغرىپ قاپتۇ . دوختۇرغا كۆرسىتىدىغان پۇلى
يوق ئىكەن . قەغەزگە «100 يۈەن» دەپ يېزىپ بولۇپ يىرتىۋېتىپ ،
قايتىدىن «200 يۈەن» دەپ يازدىم . شۇ تاپتا ھەر ئىككىلىمىزگە
پۇل كېرەك . ئۇ ئايالغا مەن ئىككىلىك خەت يېزىپ بەرسەم ئىشى
ھەل بولىدۇ ، ماڭچۇ ؟ مائاش چىقىدىغانغا يەنە ئون نەچچە كۈن بار .
يان تېلېفون ئون نەچچە كۈن تاقاق تۇرسىمۇ بولماس . مۇشۇ تېلېفون
دېگەن نەرسىمۇ ئادەمنى تەتۈر قىينايدۇ ، ھەممە ئادەم تېلېفونلىشىپ
كەتكەندىن كېيىن ، سەن بىرەرنى ئېلىپ يۈرمىسەڭ تېخى . ئېلىپ
يۈرسەڭ نامدا پالانى كادىر بولغان بىلەن پۈتۈن بىر ئائىلە مېنىڭ
بىر مائاشىمغا قاراشلىق بولغاچ ، بۇ تېلېفوننى باقالمايۋاتقان ، ھەي......

— ما پۇلنى خوجىلىق بۆلۈمىدىن ئېلىپ ، ماۋۇ تېلېفونغا 100
يۈەننى كىرگۈزۈۋېتىڭ ، — دەپ بىر كىچىك باغاقچىغا تېلېفون
نومۇرۇمنى يېزىپ ئايالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم . ئۇنىڭ تېگى - تېگى-
دىن بىچارىلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ماڭا تىكىلگەن شۇ مى-
نۇتلاردا ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك ناھايىتى ئوسال بول-

دۇم . مېنىڭ بۇ ھالىتىمدىن ھەممىنى چۈشىنىپ بولغان ئايال ھېچ نەرسە دېمەستىن چىقىپ كەتتى . مەن خۇددى هارام گۆش يېۋالغان ئادەمدەك بىئارام بولدۇم . بىرچاغدا ئۇ ئايال كۆچمە ئالاقە شىركىتى-نىڭ يان تېلېفونغا پۇل تاپشۇرغانلىق ھەققىدە بەرگەن ھۆججىتىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ، گەپ - سۆزسىزلا ئۈستىلىمگە قويۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى .

نامراتلىق بۇ ياشقا يەتكەندىمۇ مېنى ئۇسال قىلدى . ئائىلىمىز نامرات بولغاچقا ، ئاپام كىچىك سىڭلىمنى يەڭگىمگەندە دوختۇرغا بارال-ماي ، تۇغۇپ تۆت كۈن بولغاندا قىزىتمىسى ئۆرلىگەن باھانە بىلەن تۈگەپ كەتتى . ئۆينىڭ ئېغىرچىلىقى بالىلارنىڭ چوڭى بولغان مېنىڭ يەلكەمگە چۈشتى . سىرتتا ئىشلەپ ھېرىپ - ئېچىپ كىرگەن دادام ئۆيگە كىرىپ سۇپىنىڭ ھەممە يېرىگە دېگۈدەك سۇپرا - جاۋۇرنى يېيىۋېلىپ تاماق ئېتىۋاتقان مېنى ، بىر - بىرىدىن ئاۋارە يۈرگەن ئۇكىلىرىمنى كۆرۈپ ئاچچىق موخوركىنى ئۈزمەي چېكىپ كېتەتتى . ئانامدىن كىچىك قالغان سىڭلىم بىر بولاق قەنتنى باشقا ئۇكىلىرىم-نىڭ بويى يەتمەيدىغان جايغا قويۇپ ، نان بىلەن چايناپ بېرىپ باققى-نىمىزغا قارىماي ئاپام تۈگەپ كېتىپ ئىككى ئاي بولغاندا تۈگەپ كەتتى .

شۇ يىلى مەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۇم . ئۇ چاغلاردا ئالىي مەكتەپ تۈرماق ، تېخنىكوملارنى ئوقۇپ كەلگەنلەرمۇ ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى يەيدىغان ئادەم بولاتتى . شۇنداق بولغاچقا ، مې-نىڭ ئالىي مەكتەپكە ئۆتكىنىم بىزنىڭ مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئالىدىغان ئىش بولۇپ قالدى .

— ياسىنجاننىڭ بۇ بالىسى ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈپ جاھاننىڭ مەينەتچىلىكىدىن قۇتۇلدى . رەھمەتلىك سەلىمە مۇشۇ كۈنلەرگە ئۆلە-شالمىدى ، — دېيىشەتتى مېنى كۆرگەن ئاياللار .

سىنتەبىردە مەن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەتتىم . ئۆينىڭ بارلىق ئېغىرچىلىقى دادامنىڭ زىممىسىگە چۈشتى .

يازلىق تەتىلدە كەلسەم ئۆيدە بىر قىز خېمىر يۇغۇرۇپ ئولتۇ-

رۇپتۇ . مېنى كۆرۈپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ دېگۈدەك چاي دەملەپ ئالدىمغا قويدى . قازان بېشى بىلەن بىر ئوبدان ئەپلىشىپ قاپتۇ . كەچتە دادام :

— بايىقى قىزنى كۆرگەنسەن بالام ، ئاپاڭنىڭ نەۋرە ئاچىسىنىڭ قىزىكەن ، ئاپىسى پەتىگە كەپتىكەن . بىزنىڭ ئۆينىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ قىزىنى ئارىلاپ ئەۋەتىپ تۇرىدىغان بولدى . كىر - قات يۇيۇپ ، ئاش - تاماق ئېتىپ بېرىۋاتىدۇ ، ئۆي ئىشىغا پىشقان پاكىز قىزكەن ، مەستىلىكىم كېلىپ : «قىزىڭىزنى كېلىن قىلىۋالايمىكىن» دېسەم ، «ۋاي ، سىلىدىن قىز ئايايمىدىغان» دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى . سەن كەلگۈسىدە كادىر بولىدىغان تۇرساڭ ، قىزنى سەندەك يىگىتكە بەرمەي كىمگە بېرەتتى . بېشىڭنى مۇشۇ قىز بىلەن قوشۇپ قويسام دەيمەنغۇ ، بالام ، — دېدى .

— مەن تېخى ئوقۇۋاتسام ؟ — مېنىڭ نارازىلىق ، قارشىلىق ، رەنجىش ئارىلاشقان ھېسسىياتىم مۇشۇ بىر ئېغىز سۆز بىلەن ھاۋاغا تارقىلىپ كەتتى .

— بۇنى بىلمەن ، مەكتىپىڭدىن بىرەرسى كېلىپ تەكشۈرۈپ يۈرمىگەندىن كېيىن ھازىرچە نىكاھ قىلىپ ئەكېلىۋالساق ، ئوقۇشۇڭ تۈگىگەندە تويۇڭنى قىلىپ قويىمەن . ماڭىمۇ تەس بالام ، بىر ئېتەك بالا بىلەن ئۆيلىنەي دېسەم تېخى ، تالانىڭ ئىشىنى قىلسام ، ئۆينىڭ ئىشى قالغان . رەيھاننىڭ چېچىنىمۇ تارىيالماي كېسىۋەتتىم . خوتۇن كىشىنىڭ تۇللۇقىدىن ئەر كىشىنىڭ بويتاقلىقى يامان ئىكەن . چوڭ-چوڭ ئەركىشى تۇرۇپ خەققە مۇنداق بولدۇم دەپ ھال ئېيتقىلى تېخى بولمىغان . شۇڭا ، كېلىن كۆرۈپ بولسىمۇ ئۆي ئىشىدىن قۇتۇلاي دېدىم .

بايا سىڭلىمنىڭ كۆتمەك چېچىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسما بولغانىدى ، ئەمدى بىلدىمكى ، مەن ئاپامنىڭ قولى تەگكەن دەپ ، ئالدىرىماي چىگىشىنى چىقىرىپ تاراپ ئاپامدەك قىزىل لېنتا باغلاپ قويىدىغان چاچلار ئۆلۈپ كەتكەن ئاپامغا ئەگىشىپ كەتكەنىدى .

— شۇنداق بولسۇنمۇ ئەمىسە ؟

— بوپتۇ .

بۇ سۆزنىڭ ئاغزىمدىن قانداق چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدىم . دەپ بولۇپلا سىرتقا قاراپ يۈگۈردۈم . ئەسلىدە ئارقىدىكى قوناقلىق ئارىسىغا كىرىپ ھېچكىمگە كۆرۈنمەي ئولتۇرۇپ يىغلىماقچى ئىدىم . ئەپسۇس ، قوناقلىقتا سۇ تۇتقانىكەن . ئايىغىم لايغا پېتىپ پۇچقاقلىرىم ھۆل بولدى . لاي چاپلاشقان ئاياغلىرىمنى تەستە يۆتكەپ قىرغا كېلىپ ئولتۇردۇم . قىردا ئۆسكەن چۆپلەرنى ئۈزۈپ تاشلاشقا باشلىدىم . كىچىكىمدىنلا مۇشۇنداق ئادىتىم بار ئىدى . ئوت - چۆپ ئۆسىدە ئولتۇرسام ئوت - چۆپلەرنى ، دەرەخ سايىسىدە تۇرسام يوپۇرماقلارنى ئېلىپ تىتىپ تاشلايتتىم . بىردەمدىلا ئەتراپىم ئۈزگەن چۆپلەر بىلەن تولۇپ كەتتى . بۇ چۆپلەرنىڭ تەقدىرىنى مەن بىردەمدىلا ئۆيان - بۇيان قىلىۋەتتىم . بەلكىم چۆپنىڭمۇ كۆڭلى باردۇ . ئۇ مېنىڭ بىلىپ - بىلمەي قىلىپ قويغان ئىشىمغا قانچىلىك ياش تۆكۈۋاتقاندۇ . خۇددى دادام بىر ئېغىز گەپ بىلەن مېنىڭ تەقدىرىمنى بەلگىلىسە مەن نارازى بولغاندەك .

نامرات ئادەملەرنىڭ ئىشلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى قالتىس . دادام بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقماقچى . ھەم مېنى ئۆيلەپ پەرزىنى ئادا قىلىدۇ ، ھەم ئائىلە ئىشىدىن قۇتۇلىدۇ . ئۇ ئاشۇ چالمىسى بىلەن مېنىڭ قەلبىمدىكى تېخى ئىشكى چېكىلمىگەن مۇھەببەت قەسرىنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىدۇ . خۇددى «ئاسماندىن تاۋار ياغسا تۇمارچە تەگمەپتۇ» دېگەندەك ، نامرات ئادەملەرنىڭ مۇھەببەتتىمۇ نېسىۋىسى يوق ئىكەن . مەن ئۆزۈمگە ئۆمۈرلۈك ھەمراھ ئەمەس ، ئۆكىلىرىمغا قارايدىغان بالا باققۇچى ، تاماق ئېتىدىغان ئاشپەز تېپىپ بېرىشىم كېرەك...... ئۆز - ئۆزۈمنى مەسخىرە قىلىدىغان خىياللار بىلەن تۈننى قوناقلىقنىڭ قىرىدا ئۆتكۈزدۈم . ئاشۇ قوناقلىق مېنىڭ قەلبىمدىكى ئەڭ گۈزەل ئىستەكلەر بىلەن قىيالماي خوشلاشقانلىقىمغا گۇۋاھ بولۇپ قالدى .

ئىكاھ قىلىپ قىزنى يېنىمغا ئەكىرىپ قويغاندا قىزغا سەپسىلىپ قارىدىم . قىز خېلىلا قاملاشقانىدى . بىراق ، مەكتەپ ئاشخانىسىغا

كىرگەندە كۆزلىرىم ئارقىلىق ئىزدەيدىغان قوشنا سىنىپتىكى راملە دېگەن قىزدەك تېتىك ، جۇشقۇن ئەمەس ئىدى . لېكىن ، ئۇ دادامغا يارىغان ، ئۇكىلىرىمغا يارىغان قىز ئىدى . ھېچكىم مېنى قۇربانلىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايتتى . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن ئۆيلەندىم . بۇ بىر خۇشاللىق ئىش ، ئەرلەرنى قۇربانلىق بولۇپ كەتتى دېگەن ئىبارە كىتابلاردىمۇ ئۇچرىمايدۇ . بۇگۇندىن باشلاپ ھېچقانداق بىر قىزنى كۆزلىرىم ئارقىلىق ئىزدەيدىغان سالاھىيىتىم قالمىدى .

* * *

— بارمۇ سىلى شياڭجاڭ ، ئاۋۇ ئىشخانىدىكى چاغدا ئىشلىرىمىز ئوڭ ئىدى ، خېلى ھالىمىزغا يېتىتتىلە . شياڭجاڭ بولغاندىن بېرى بەك كەم دىدار بولۇپ كەتتىلە . ئاۋۇ ئىشخانىغا توك سويمىدىن بىرنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپسىلەر ، ئادەم بىر ئۇزۇن ھالىنى ئېيتسا ، «مەن دەپ باقاي» ، «مۇزاكىرە قىلىپ بىرنېمە دەيلى» دەپ قۇرۇق قول ياندۇرىدىكەن . يەنە سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا كىردىم . ئۆزلىرى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويسىلا شياڭجاڭ .

— مەن دېدىمغۇ ، مەن ھازىر ئۇ ئىشلارغا مەسئۇل ئەمەس . مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى ئىزدەڭ !

بۇ ئايالغا بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىم بىكار ئەمەس . ئۆتكەندە ئاپام ئاغرىپ قالغان ، دەپ غۇنچىدەك چىرايلىق بىر قىز مېنى ئىزدەپ كەپتۇ ، يۇگۇرۇپ يۈرۈپ بىر خالتا ئۇن ، بەش كىلو ماي ، 100 يۈەن پۇل تەستىقلاپ بەردىم .

— ئۇن بىلەن ماينى ئېلىپ كېتەلمەيسىز ھەقاچان ، كەچتە كېلىڭ ، بىكار ماشىنا تېپىپ سېلىپ بېرىمەن ، — دەپ پۇلنى تۇتقۇزۇپ يولغا سېلىپ قويدۇم .

كەچتە قىزى كەلمەي ، ئۇ ئايال گۇللۇك كۆڭلىكىنى لەپىلدىتىپ كىرىپ كېلىۋاتىدۇ . ئەتىگەننىڭياقى قىلغان تاتلىق خىياللىرىم توزۇپ ، تەقەززا بولغان نەپسىم ئازار يېدى .

— ئاغرىق ئادەم ئارام ئېلىپ ياتىماي نېمە بار سىزگە بۇ يەردە؟ — ئاچچىقىم ئىچىمگە پاتمايۋاتقاچقا، ئاۋازىم چىڭراق چىقىپ كەتتى. ئايال مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىپ:

— ئۇن بىلەن مايىنى ئېلىپ كېتەي دەپ كەلگەن، ئاغرىق دەپ ياتسام ئۆيدە يەيدىغان نەرسە بولمىسا يەنە بولمايدىكەن، — دېدى.

— قىزىڭىز نېمىشقا كەلمىدى، چوپچوڭلا قىزىڭىز تۇرۇپ ئۆزىڭىز نېمە پالاقلاپ يۈرىسىز؟

— گەپ شۇ چوڭ بولۇپ قالغانلىقىدا ئۇكام، بويىغا يەتكەن قىز بالىنى كەچتە كوچىغا چىقارغىلى بولامدىغان……

ئايالنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇجۇقۇپلا كەتتىم. شۇ كۈنى كەچتە دىجورنى تۇرىمەن، دەپ ئايالىمغا يالغان سۆزلەپ ئىشخانىغا كېلىۋالغانىدىم. مەقسىتىم ئاشۇ غۇنچىنى پۇراپ بېقىش ئىدى. ئەپسۇس، ئاپىسى يامان چىقتى. شۇنىڭدىن بېرى بۇ ئايالغا ئۆچ بولۇپ قالدىم.

مەن شۇنچە قىلىۋاتقاندىكىن، بەزى ئىشلارنى بىلمەسكە سالسا بولمامدۇ. مەنمۇ نامراتلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتىۋاتىمەنغۇ؟ گەرچە مائاش ئېلىۋاتساممۇ، ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا ئۇلاشمايۋاتقان. ئەگەر مەن ئۆزۈمگە ماس كېلىدىغان بىرى بىلەن توي قىلغان بولسام، ئىككىلىمىز خىزمەت قىلغان بولساق، ئىقتىسادتىن قىسىلمىغان بولسام، ئاشۇ تار كوچىدىكى زەيكەش ئۆيدە ئولتۇرمىغان، باشقىلاردەك چىرايلىق ئۆي سېلىپ، ئىككى ئاغىنەمنى شۇ ئۆيگە كۆكسۈمنى كېرىپ باشلىيالىغان بولار ئىدىم. ئۆتكەندە بىر سورۇندا تازا ئىچىپ تەڭشەلگەن بىر ئاغىنىمىز ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىنى ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كېلىپ: «خوتۇن ئالغاندا سەت، مايماق بولسىمۇ، نەپ تېگىدىغاننى ئېلىپ، ئويۇننى تالادا ئويناۋەرسە بولىدۇ. پۇلى بار خوتۇننى ئالساڭ، بالىلىرىڭ نېمە يەپ، نېمە ئىچىۋاتىدۇ كارىڭ يوق، ئويۇنۇڭنى چاڭ چىقىرىپ ئويناۋېرىسەن. كۆڭۈل - كۆڭۈل دەپ، ئۇن تىيىنگە پايدىسى يوق خوتۇنلارنى ئېلىۋېلىپ، بىر ئۆينىڭ چاي، تۇزى ئۈچۈن ئېشەكتەك ئىشلەپ يۈرگەن ئوغۇل بالىلارمۇ ئاز ئەمەس» دېۋىدى، ئۆزۈم ئەزەلدىن خالىمىغان نىكاھىم پۈتۈنلەي ماڭا

قىلىنغان سۆيقەستتەك بىلىنىپ، ئىچىپ ئۆيگە بېرىپ چاقىدىغاننى چېقىپ، ئاتىدىغاننى ئېتىپ، ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانلىرىمنىڭ ئاچچىقىنى يەنىلا ئايالىمدىن ئالدىم. بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس. ھەر قېتىم كۆڭلۈم ئازار يېگەندە ئازار يېيىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭدىنلا كۆرەتتىم. ئۇنىڭ مېنىڭ خىياللىرىمنى چۈشەنگەندەك، ھېس قىلغاندەك، كاللىسى يوقمۇ ياكى قەستەن بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋالامدۇ، ئەتىسى يەنە ھېچ ئىش بولمىغاندەك، مەھەللىدىكى ئاياللارغا «كادىر» ئېرىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ بېرىدۇ. تۇرۇپ ئويلىسام، ئۇنىڭ بۇ قىلغىنىمۇ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىقكەن. ئەگەر ئۇمۇ تەڭ ۋارقىراپ - جارقىراپ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن سۆزلىگەن بولسا، بىز بۇ چاغقىچە ئۆي تۇتۇپ كېلەرمىدۇق.

بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى مەن ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغاندىم. چۈنكى، مەن ئۇ چاغدا ئۆزۈمگە ماس كېلىدىغان بىرىنى ئۇچراتقان، تۇرمۇشۇمنى ئۆزۈم ئارزۇ قىلغاندەك ئورۇنلاشتۇرماقچى بولغاندىم. لېكىن، مېنىڭ بەزىدە دۆت، بەزىدە ئەقىللىق بولۇۋالىدىغان ئايالىم ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، كۆلۈپ تۇرۇپ ئىككىنچى بالىمىزغا قورساق كۆتۈردى. ئۇ مېنىڭ ئاينىپ قالغانلىقىمنى دادام ۋە سىڭىللىرىمغا ئېيتقان بولسا كېرەك، بىر كۈنى ئۇلار ھەممىسى ئۇلىشىپ ئۆيىمىزگە كىرىپ كەلدى. ئايالىم پايپېتەك بولۇپ ئۇلارغا داستىخان سالدى. ئۇ تاماق ئەتكىلى چىقىپ كەتكەندە دادام گەپ تەشتى.

— ھەممىنى قىلغان سەن، خىيالىمدا يوق يۇرسەم، مېنى سەن زورلاپ ئۆيلەپ قويغان، — دېدىم دادامغا تۇنجى رەت نارازىلىقىمنى ئىپادىلەپ.

ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندە: «ئاپام بازارغا كەتتى، ماڭا قورچاق ئەكېلىپ بېرىدۇ» دەپ ھەممىمىزنىڭ ئىچىنى سىيرىۋەتكەن سىڭلىم ماڭا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ:

— نى دادىلار بار، يېتىم بالىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيلىنىۋېلىپ كارى بولمايدىغان، سەن دادامنى ئۇنداق - بۇنداق دېگۈچى بولما. ئاپامنىڭ يوقلۇقىنى چاندۇرمىغان، بىزگە ئانا ئورنىدا ئانا

بولغان ھەدەمنى قويۇۋېتىپ ۋەيران بولغۇلۇق كەلدىمۇ؟ — دېدى.

ئاچچىقى كەلگەن دادامۇ ساقاللىرىنى تىترىتىپ:

— ھۇ تۇزكور، يانچۇقۇڭ توم بولۇپ قالغانمىدى؟ خوتۇنۇڭدىن چانغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ ئۇنى قويۇۋېتىدىكەنسەن، مېنى دادا دېگۈچى بولما، — دەپ ۋارقىرىدى.

30 نەچچە ياشتا ئاران غەيرەتكە كېلىپ تىكلىگەن تۇرمۇشۇمنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان ئىرادەم ئاشۇ باشلانغۇچنى پۈتكۈزگەن چالا ساۋات ئايالىمنىڭ مۇلايىم قاراپ تۇرۇپ، جېدەل - ماجىراسىز ئاتقان كۆزگە كۆرۈنمەس بومبىلىرى بىلەن ۋەيران بولدى. «دۆلەت كادىرى» بولغانلىقىم، يەنە كېلىپ يۇقىرىغا يامىششقا بولغان ھەۋىسىم، «ئاجرىشىش» دېگەن سۆزنىڭ ئىستىقبالىمغا ئېلىپ كېلىدىغان يامان تەسىرى قاتارلىقلار مېنى قايتا ئىرادىگە كېلەلمەس قىلىپ قويدى، كەچ كۈزدە ئېچىلغان گۈلدەك كېچىكىپ كەلگەن بۇ پۇرسەتمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆتۈپ كەتتى.

مەن بۇ ئاچچىقتا، قىرتاق ئازابلارغا چىدىماي يەنە ھاراق ئىچتىم. كەچتە ئۆيگە قايتىپ بارلىق دەردىمنى ئاشۇ بەختىمگە زوڭ ئولتۇرۇۋالغان ئايالىمدىن ئالدىم. بالىنىڭ قىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى، جاراڭ - جۇرۇڭ، تاراق - تۇرۇقتىن ئويغىنىپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن قوشنىلار دەرۋازىنى ئۇرۇشقا باشلىدى.

— ھېچ گەپ يوق، ئۆچكە بوشىنىۋالغان، تۇتالمايۋاتىمىز، —

ئۇنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئىشىك ئالدىغا يىغىلغانلار تاراپ كەتتى. ئەسلى بۇ ئۆيدە دۆت ئادەم مەن ئىكەنمەن. ئۇ ئائىلىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئەجەب ئەقىللىق بولۇپ كېتىپتۇيا!

شۇنىڭدىن كېيىن ئاجرىشىمەن دەپ خەلقئالەم ئالدىدا لاۋزىلىشىپ يۈرمەي، ئاشۇ ئاغىنەمدەك ئۆيۈنۈمنى ئويناۋەرمەكچى بولدۇم. بىراق......

* * *

ناھىيەدە يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا «ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش»

ھەققىدە دوكلات بېرىلىپ، يېزىدىكى كادىرلارنى دېھقانلار بىلەن «ئۆچتە بىر گە بولۇش »قا چاقىردى. مەن نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزۈم يۆلەش ئوبيېكتى قىلىپ كېلىۋاتقان سادىق ئاخۇن دېگەن دېھقاننىڭ ئۆيىگە چۈشتۇم.

بىچارىلەر مېنى ئۆيىدە تۇردى دەپ، باللىرىنى هاي - ھۇيلاپ، مېنىڭ ئاغزىمغا تېتىغۇدەك تاماق ئېتىپ بېرىش ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ كېتىشتى. مەن ئۇنداق قىلماڭلار دەپ توسساممۇ ھېچ ئاڭلايدىغاندەك ئەمەس. بۇلارنىڭ كەڭرى قورۇسى بىلەن ئۆزۈمىنىڭ ئېگىز بىنانىڭ ئارقىسىدىكى كۆن چۈشمەيدىغان زەيكەش ھويلامنى سېلىشتۇرۇپ، «ئەسلىي يۆلەيدىغان ئادەم ئۆزۈممۇ - نېمە» دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئېتىز - ئېرىق ئىشى گەرچە ئادەمنى هارغۇزۇۋەتسىمۇ، كەڭرى تەبىئەت ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلاپ، بىز دەك سېمونت تاملىق ئىشخانىلارغا بېكىنىپ ئولتۇرۇپ ھۇرۇنلىشىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ يىلىكلىرىگە ئىسسىق ئۆتۈپ، كۆڭلى - كۆكسى كۆتۈرۈلۈپ قالىدىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتۇق، تېلېۋىزوردا بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئاق ئىشتان، قىزىل پىدىجەك كىيگەن، پۇتلىرىنى قىسىپ دەسسەپ ماڭىدىغان بىر بۇقا چېلىشچىسى بىر قارا بۇقىنى قىزىل رەڭلىك رەختنى پۇلاڭلىتىپ تېرىكتۈرۈپ، تۆمۈر زىخچىنى كالىنىڭ دۈمبىسىگە سانجىپ، قانسىرىتىپ، قانسىراپ دەم ئالالمايۋاتقان بۇقىنى يەنە تېرىكتۈرۈپ، ئاخىر ئۇزۇن بىر قىلىچنى كالىنىڭ دۈمبىسىگە تىقىپ، كالا يىقىلغاندا غەلىبە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ قولىنى پۇلاڭلاتقانىدى.

— تۈفى غىتمەك، — دېدى سادىقكام ئاچچىقى بىلەن تېلېۋىزورغا قارىتىپ تۈكۈرۈپ، — تىلسىز بىر ھايۋاننى ئاشۇنداق قىيناپ يۈرۈپ جان باققۇچە مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن بولساڭ يېرىمدىن بەش مو بۆلۈپ بېرەر ئىدىم. تېرىپ كۈنۈڭنى ئالار ئىدىڭ. ئاۋۇ خەقنىڭ ئىشى يوقتەك مۇشۇنداق ئويۇننى كۆرۈپ ئولتۇرۇپ كەتكىنىنى، كېۋەزلىكتە ئادەم بىر قولىنى ئۇن قىلالمايدۇ. ئاشۇلارنى ھەيدەپ

كېلىپ پاختىا تەرگىلى سالسا بولامدۇ بۇ ھۆكۈمەت ، — دەپ سۆزلەپ كەتتى .

بىز كىتابلاردىن ، چەت ئەلدىن ، تارىختىكى شەخسلەرنىڭ تەر-جىمىھالىدىن ئىزدەۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىك مانا مۇشۇنداق ئاددىي دېھ-قانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بار . مەن بۇ خىل بۇقا ئۆلتۈرۈش ئويۇنىنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن ، لېكىن پەقەت كۆرۈپلا پىكىر يۈرگۈزمەپتىكەن-مەن .

ئۇزاقى يىل مەن سادىقكامنىڭ ئون مو يېرىگە يېڭى كەلگەن كېۋەز سورتىنى تېرىتقانىدىم . ئۇ ئادەم مېنى كادىر بولغاندىن كېيىن ھەممىنى بىلىدۇ ، دەپ قاراپ ماقۇل دەپلا تېرىغان ، كېۋەزلىرى بوي تارتقاندا مەن خۇددى مۇشۇ يىلىلا ئۇنى ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈۋېتى-دىغاندەك خۇشال بولغانىدىم ، بىراق كېۋەزلىرى ئۇچكىچىلىكلا غو-زەك تۇتۇپ ئېچىلماي ، ئون مو يەرنىڭ كېۋىزى بۇ ئادەمگە قىپقىزىل زىيان بولدى . مەن گەرچە يېزىدا قاتراپ يۈرۈپ يەر ، سۇ ھەققىنى كۆتۈرۈۋەتكەن بولسامىمۇ ، زىياننى يەنىلا تولدۇرۇپ بېرەلمىدىم . ئۇ كىشى نەچچە يىلدىن بېرى قىلغانلىرىمنى كۆزدە تۇتتىمۇ ياكى كادىر دەپ چوڭ كۆرۈپ گەپ قىلالمىدىمۇ ، بىرنەرسە دېيەلمىدى . بىراق ، شۇ يىلنى بىچارىلەر شۇنچىلىك تەستە چىقاردى .

بۇلارنىڭ ئۆيىدە تۇرۇش جەريانىدا مەندە يەنە بۇ كىشىنى يۆلەپ ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالدۇرۇپ ، يىل ئاخىرى ناھىيەدە ئېچىلىدى-غان يىغىندا ماختالغۇم ، شۇنىڭ بىلەن يەنىمۇ يۇقىرىراق ئورۇنغا چىققۇم كەلدى . بىر كۈنى ئۇنىڭغا ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن يېڭى سورتلۇق بۇغداي ھەققىدە بىر ئۇزاق سۆزلىسەم ، ئۇ :

— ئۇكام ، ئۆزۈمنىڭ ئورۇقىنى تېرىي ، يەنە ئۇزاقى يىلدىكى-دەك بولماي ، — دەيدۇ .

— ئۇنداق بولمايدۇ سادىقكا ، ئۇ دېگەن كېۋەز ، بۇ دېگەن بۇغ-داي ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېگەن ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن ئېسىل سورت ، — دېدىم ئىشەنچ بىلەن .

ئاخىر بۇغداينى تېرىدۇق ، كىتابتىكى بويىچە ئوغۇتلىدۇق ، سۇ-

غاردۇق ، توم ـ توم بۇغداي غوللىرى ئەتراپتىكى باشقا بۇغدايلاردىن پەرقلىق تۇراتتى . بۇنى كۆرگەن دېھقانلار : «يەنىلا كادىر دېگەننىڭ ئەقلى بار ، ئوقۇغان ئادەم بۆلەك ـ تە» دېيىشتى . ھەر يوغان باشاق ـ لارغا قاراپ سادىقكامنىڭ ، مەنمۇ خۇش بولاتتۇق . بىر كۈنى بۇغدايلارغا قاراپ سادىقكام :

— بۇرۇن بۇغداي بېشىدىن ئاخىرىغىچە باشاق تۇتارمىشكەن ، ئاشلىق دېگەن كەڭرىچىلىك ، ئاچ قېلىش دېگەننى ھېچكىم بىلمەيدى ـ كەن . بىر كۈنى بىر بولۇمسىز ئايال بالىسىنىڭ كۆتىنى چەلپەك بىلەن ئېرتىپتۇ . بۇنىڭغا ئاللانىڭ غەزىپى كېلىپ ، بۇغداي باشاقلىرى ـ نى يىلتىزىدىن باشلاپ سىيرىپ تاشلىغىلى تۇرۇپتۇ . ئۇچىغا كېلىپ بىر تال باشاق قالغاندا ئىت بىلەن ئېشەك ئەگەر بۇنىمۇ سىيرىۋەتسەڭ بىز نېمە يەيمىز ؟ دەپ تىلىۋالغانىكەن . ھازىر بىز ئىت بىلەن ئېشەك ـ نىڭ رىزقىنى يەۋېتىپتۇق . ئەگەر بۇغدايلار باشتىن ـ ئاياغ بولغان بولسا ، بىزمۇ يەرنى ھەر يىلى تېرىپ ئولتۇرماي ، بىر يىل تېرىپ ، بىر يىل ئارام ئالدۇرغان بولاتتۇق ، — دېدى .

سادىقكام ئېيتقان رىۋايەتنى ئاڭلاپ خۇددى بۇ ئىش راستتەك ، ئۆتمۈشتە بالىسىنىڭ كۆتىنى چەلپەكتە ئېرتقان بولۇمسىز خوتۇننى ئىچىمدە مىڭنى تىللىدىم .

ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا يان تېلېفونۇم جىرىڭلاپ كەتتى . ئالسام بۈگۈن ناھىيە رەھبەرلىرى يېزىمىزنىڭ ئاشلىق زىرائەتلىرىنى كۆز ـ دىن كەچۈرگىلى كەلگۈدەك . شۇڭا ، بىز بالدۇرراق يېزىلىق ھۆكۈ ـ مەت قورۇسىغا يىغىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەككەن .

ناھىيەدىن يېزىغا سوزۇلغان ئاسفالت يولدا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ كېتىۋېتىپ رەھبەرلەرنى ئۇدۇل سادىقكامنىڭ ئېتىزىغا باشلاپ بې ـ رىشنى ئويلىدىم . بۇنداق قىلغىنىمدا ھەم يېزىدىكى ئەڭ ئوخشىغان بۇغداينى كۆرسىتەلەيمەن ، ھەم بۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلغان ئۆزۈمنى كۆرسىتەلەيمەن . رەھبەرلەر بىلەن چوقۇم تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ـ نىڭ ئادەملىرىمۇ چىقىپ سىنغا ئالىدۇ . ئەتە تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا ھەممە ئادەم بۇ خەۋەرنى كۆرىدۇ...... تاتلىق خىياللار بىلەن يېزىلىق

هۆكۈمەت ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى تۇيماي قاپتىمەن . قاتارلاشقان پىكاپلار يېزا يولىدا توپا - چاڭ توزۇتقانچە ئۇزاپ بېرىپ سادىقكامنىڭ ئېتىزى يېنىدىكى يولدا توختىدى . ماشىنىدىن چۈشمەي تۇرۇپ كۆرگىنىم ئېتىزلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئاق يوپۇق يېپىلغان تاۋۇت بولدى .

— بۇ نېمە ئىش ؟ — دېدى ھاكىم تاۋۇتنى كۆرسىتىپ .

— مەنمۇ بىلمىدىم ، قاراپ باقاي ، — بۇغداي قىرلىرى بىلەن مېڭىپ بېرىپ يوپۇقنى ئېچىپ قارىسام سادىقكام تاۋۇت ئىچىدە ئاسمانغا قارىغانچە يېتىپتۇ . مېنى كۆرۈپ ئاققان ئىككى تامچە ياش كۆز قۇيرۇقىنى بويلاپ شالاڭ چاچلىرى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى .

— بۇغداي دان تۇتماپتۇ ئۇكام ، بۇ يىل يەردىن مەڭگەن ، سامان ئالىدىغان بولدۇم ، — دەپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى .

شۇنچە يوغان باشاقلاردا قانداقچە دان بولمايدۇ . ئۆرۈلۈپلا بىر تال باشاقنى يۇلۇپ ئېلىپ ئالىقىنىمدا ئۇۋۇلىدىم . باشاقتا قورۇلۇپ قالغان قاپقارا بىرنەچچە دان بولۇپ ، قالغىنى سورۇغاندا ئۇچۇپ كېتىدىغان قاسىرقى ئىدى .

— ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلگەن سورت ئەمەسمىدى ؟ ! — دېدى ئەتراپقا ئولاشقانلاردىن بىرەيلەن .

— ئەگەر چەت ئەللەردە بۇنداق ئىش بولسا ئەڭ ئاۋۋال مەسئۇل كىشى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ زىياننى تۆلەيدىكەن ، — دېدى بىر دېھقان .

— بۇ يىل قىشنى قانداق چىقىرىمەن ؟ بالىلىرىم نېمە يەيدۇ ؟ بولدى ، مېنى مۇشۇ يەرگە كۆمۈۋېتىڭلار . ئۆزۈم تېرىيمەن دېگەننى تېرىتمايسىلەر ، تېرىتقان نەرسەڭلار شۇ بولسا ، بولدى مېنى يۆلىمەڭلار ، مەن ئۆلۈپلا كېتەي .

سادىقكامنىڭ سۆزلىرى دانسىز باشاقنى كۆرۈپ بوشاپ كەتكەن تېنىمگە يا ئوقىدەك سانجىلدى . ئەتراپتىكى ھەرخىل نەزەردە قاراپ تۇرغان ئادەملەرگە قاراشقا پېتىنالمىدىم .

# يېگانە ئارال

«تول ئاياللار يېگانە ئارال، ئۇنىڭغا ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ كېلىپ ساياھەت قىلىپ باققۇسى كېلىدۇ.» خىزمەتدىشىمنىڭ خاتىرىسىدىن كۆرگەن بۇ سۆز ماڭا تول ئاياللار ئىگىسىز ئارال، ئۇنى ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ ئىگىلىۋالغۇسى، ئۇنىڭدىن پايدىلانغۇسى، كۆڭلىنى ئاچقۇسى كېلىدۇ دېگەن مەنىدىكى سۆزدەك بىلىندى.

قىز ۋاقتلىرىمدا ئەڭ نەپرەتلىنىدىغان ئىشىم بىر كىملەرنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاش ئىدى. ئاجراشقان ئەر-ئاياللار كۆزۈمگە غەلىتە مەخلۇقتەك كۆرۈنەتتى. كىم ئاجراشقان بولسا ئۇنىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنى تۆۋەنلەپ كېتەتتى. خېلى چوڭ بولۇپ قالغان چاغلىرىمدىمۇ پالانى ئاجرىشىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلىسام، «ئاجرىشىپ كېتىدىغان ئادەم نېمىگە توي قىپتىكەن» دەپ ھەيران قالاتتىم، ئۇلارنى كۆڭلۈمدە قاتتىق ئەيىبلەيتتىم، مەسخىرە قىلاتتىم. «تول خوتۇندەك كوتۇلداپ»، «تول خوتۇندەك ئۆيمۇئۆي قاتراپ» دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇلارنى تولا مەسخىرە قىلىپ كۆپۈرلۇق ئۆتكەن چېغى، توي قىلىپ بىر يىل بولا - بولماي مەنمۇ ئۆزۈم كەمسىتىدىغان تول خوتۇنلار سېپىگە قوشۇلدۇم. ئاجراشتى دېگەن ئاتاقنى ئالماسلىق ئۈچۈن چىشلەپ تۇرۇپ بەرگەن قۇربانلىرىم، تۇرلۇك ئىچكى زىددىيەتلەر ئارىسىدا ئۇپراشلىرىم، بۇرۇقتۇرمىلىق، سىقىلىش — ھەممىسى شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. «ئاجرىشىش يامان ئىش ئەمەس، ھېچكىم بىكاردىن - بىكار ئائىلىسىنى بۇزۇپ ئاجرىشىپ كەتمەيدۇ، پەقەت ئامال بولمىغاندا ئاجرىشىدىغان گەپ» دېگەندى ئامىنە ھەدەم مېنىڭ يامان ئاتاققا قالماسلىق ئۈچۈن تىركىشىپ ھالىمدىن كېتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ. ئامىنە ھەدەمنىڭ

ئاشۇ سۆزى ماڭا تەسەللى بولدى .

قىز چاغلىرىمدا ئۆزۈمگە ئىشەنچىم كۈچلۈك ئىدى . ئۆزۈمنى ھېچقاچان بۇنداق كۈنلەرگە قالىمەن ، باشقىلار ئىچ ئاغرىتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالىمەن دەپ ئويلىمايتتىم . رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەر خىل پائالىيەتلەردە ئالدىدا ماڭاتتىم . شۇڭا ، ماڭا تىكىلگەن كۆزلەرمۇ كۆپ ئىدى . ئاپام «سېنىڭ ئېتىكىڭ ئوتلۇق» دەپ كۆز مونچاقلارنى ئېسىپ ئاۋارە ئىدى . شۇ چاغلاردا قىزىق ئىكەنمەن . ئۆزۈمگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرىنىڭلا ئەمەس ، نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ مېنى قوغلىشىشىنى ، ئۆزۈمنىڭ ھېچقايسىسىغا قارىماي ، قەددىمنى تىك تۇتۇپ يۈرۈشۈمنى خالايتتىم . ماڭا سۆيگۈ ئىزھار قىلغان يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتىنى ، قىزغىن ھېسسىياتلىرىنى ئويۇنچۇق قاتارىدا كۆرۈپ مازاق قىلاتتىم . خۇددى ئۇلار مېنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا مېنىڭ ئالدىمدا تىلى قىسقا بولۇشى كېرەكتەك ، بىر يىگىت ماڭا قەلبىنى ئىزھار قىلىشى بىلەنلا بۇرۇن ئۇ يىگىتكە بىر ئوبدان سالام - سەھەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئۇ يىگىتنى كۆرسەم كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ غادايغانچە ئۆتۈپ كېتەتتىم . ئۆزۈمنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلغانلىقىمنى ھازىرمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن .

بىر قېتىملىق پائالىيەتتە سەھنىدە ئۆزۈم يازغان «ئالتۇن كۆز» ناملىق نەسرنى دېكلاماتسىيە قىلىۋاتاتتىم ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن نەسرنىڭ مەزمۇنىغا ھېسسىياتىمنى ماسلاشتۇرۇپ بىر ئابزاسنى ئوقۇپ بولۇپ يېنىك بىر تىنىپ ، زالدىكى كىشىلەرگە شۇنداقلا بىر قارىۋىدىم ، ئالدىدىكى رەتتە ئولتۇرغان بىر يىگىتنىڭ ماڭا ھەۋەس بىلەن قاراۋاتقانلىقى كۆزۈمگە چېلىقتى . كېيىنكى ئابزاسلارنى يۈزلىرىمدە ئۆمۈچۈك مېڭىپ يۈرگەندەك بىئاراملىق ئىچىدە دېكلاماتسىيە قىلىپ بولدۇم . نېمە ئۈچۈندۇر سەھنىدىن يېنىپ چۈشكەندىمۇ ئاشۇ كۆزلەرنى قورقۇنچ ئارىلاشقان بىر خىل ھاياجانلىق ھېسسىياتتا كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم .

«كۆيگەن يۈرەكتىن كۆيدۈرگەن يۈرەككە سالام» دەپ ماۋزۇ قويۇلۇپ ، ئەتراپىغا ئەترگۈل سىزىلغان سۆيگۈ مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ

ئالغاندىمۇ ئاشۇ قورقۇنچ ۋۇجۇدۇمنى يەنە بىر قېتىم تاسقاپ ئۆتتى . مەن دېلىغۇللۇق ئىچىدە بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزدۈم . ئۇ چاغدا يىگىدىن تىكتىلدىنمۇ بەكرەك قاملاشتۇرۇپ يېزىلغان سۆيگۈ خېتىمۇ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشۋالغانىدى . خەتتىكى مېنى ماختىغان ، مەدھىيەلىگەن جۈملىلەرنى قايتا-قايتا ئوقۇپ تۇرۇپمۇ شۇ جۈملىلەردىكى يالغانچىلىقنى ، خاتالىقنى بايقىمىغانىكەنمەن . گەرچە قىرقىم چاچ بولسامۇ ، «سۇمبۇلدەك چاچلىرىڭىز» دېگەن جۈملىلەرگە خۇش بولۇپ كېتىپ ، قانداق چاچنىڭ سۇمبۇل چاچ بولىدىغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرمىگەندەك ، بۇ خەتنىمۇ ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ يېزىپ بەرگەنلىكىنى ئويلىماپتىكەنمەن .

ئاشۇ لىققىدە ھېس - ھاياجانغا تولغان سۆيگۈ خېتى مەندەك بىر كۆرەڭ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ، ئۇنى تازا ھېسسىياتچان يىگىت ئىكەن دېگەن تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويغاچقا ، ئىككىمىز بىللە بولغاندا جىمىغۇرلىشىپ كەتسە ، مەندىن تارتىنىپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ ، ئۇنىڭ قەلبى خۇددى بىر دېڭىز ، ئۈستى جىمجىت ، ئاستى دولقۇنلۇق...... دەپ ئويلىغانىدىم .

توي قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنىڭ ئادەمنى خۇش قىلغۇدەك بىرەر ئېغىز چىرايلىق گېپى يوق ، قوپال ، قەلب دالاسىنىڭ تولىمۇ قۇرغاق ، زېرىكىشلىك بىر ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگىنىمدە كېچىككەنىدىم . ئۇ گەپ قىلسام زۇۋان سۈرمەيدۇ . ئۇنىڭدىن بىر ئىشلارنى سورىسام ، ئاڭلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەرمەيدۇ . ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا سوئال خاراكتېرىدىكى سۆزلەرنى ناھايىتى ئاز قىلىمەن . گەپ قىلسام جاۋاب بەرسىمۇ - بەرمىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ بۇرۇقتۇرمىلىققا تولغان كەيپىياتىمىزنى ئۇتۇشماقچى بولىمەن .

— قارالڭ پەرھات ، دىلنۇر بىلەن ئەخمەت توي قىلغۇدەك .

— ......

— ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە ئاپاملارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلىمە ؟ مەن «بېرىپ كېلەمدۇق ؟» دەپ سوئال قويماي ، «بېرىپ كېلەي-

لى - ھە» دەپ ئۆز سوئالىمغا ئۆزۈم جاۋاب بېرەتتىم .
— ئالىيە قىز تۇغۇپتۇ ، بېرىپ كۆرۈپ كېلەي دەيمەن .
— پاھ ، سىزنىڭ دوستلىرىڭىزمۇ تۇغالايدىكەن - ھە ! ؟
— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟
— تۇغماس توخۇ كاتەكنى ئىگىلەپ ياتىدۇ دەپ ، سىلەر بىر يۇرۇش قىزلارنى ساپلا تۇغماسمىكىن دەيمىنا .
ئۇن ئېغىز گەپ قىلسام بىر ئېغىز جاۋاب بەرمەيدىغان ئادەم بەزى چاغلاردا تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ دىلىمغا ئازار بېرىدۇ .
سېزىك چاغلىرىم ئىدى . سەي قورۇۋېتىپ كۆڭلۈم ئاينىپ كەتتى . قازان - چۆمۈچنى تاشلاپ سىرتقا چىقىپ ياندۇرۇپ كىرسەم ، ئۇ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ، مېنىڭ ياندۇرغىنىمدىن يىرگەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئولتۇرۇپتۇ . قورۇلۇۋاتقان سەي قازانغا چاپلىشىپ كېتىپتۇ . يىغلاپ تۇرۇپ چۆمۈچنى قولۇمغا ئالدىم .
— مانىڭ كۆزنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتىپ كەتكىنىنى ، يېشىڭ قازانغا چۈشۈپ ئادەمنى زەھەرلىمىسۇن يەنە......
ياندۇرغانىنىڭ دەستىن ئۇچەي - باغرىم چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتقىنىمدا ئۇنىڭ دېگەن بۇ گېپىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى .
— مەن ساڭا زەھەر سېلىپ بېرىدىغان بولغاندىكىن ئۆزۈڭ قورۇ ئەمىسە— ...... چۆمۈچنى تاراڭڭىدە تاشلىۋەتتىم .
— سەن تاشلاشنى بىلمەيدىكەنسەن ، تاشلىغان دېگەن مانا مۇنداق بولىدۇ ، — تۇيۇقسىز بېشىمغا قاتتىق تەگكەن چۆمۈچنىڭ زەربىسىدىن كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى...... تۇغماس توخۇ دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ بولۇپ ، ئاران دېگەندە قورسىقىمدا قالغان بالا شۇ كۈنى چۈشۈپ كەتتى . مېنىڭمۇ تاقىتىم تۈگىدى . ئەھۋالنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن كىشىلەر مېنى ئېرىنى ياراتماي خېتىنى ئاپتۇ ، دەپ گەپ تېپىشتى .
«بىر ئوبدان يىگىت ئىدى ، ئەجەب ئاجرىشىپ كېتىپسىز » دېگۈ-

چىلەرگە : «چىقىشالمىدۇق» دەپلا قويدۇم . باشقىلارغا ئۆيدە بولغان
ئىشلارنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرغىلى بولمىسا ، بىر كۈنلەر
كېلىپ ئۇلارمۇ بىر ئادەمنىڭ دەرد - ئەلەم جېنىغا پېتىپ ئۆتۈپ
كەتكەندە ئاندىن بۇ يولغا ماڭىدىغانلىقىمنى چۈشىنىپ قالار .
يالغۇز ئۆتۈۋاتقانلىقىم ئۈچۈن ئارىلاپ لايىقلارمۇ چىقىپ تۇرات-
تى . بىراق ، ئۇلارنىڭ قايسىبىر يەرلىرى بۇرۇنقى ئېرىمگە ئوخشاپ
قالاتتى . ئۇنىڭ ئاشۇ پەرۋاسىز ، توڭ تۇرقىنى ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان
زەھەردەك ئاچچىق گەپلەرنى خىيال قىلسىملا ئەرلەردىن ئۆزۈمنى
قاچۇرغۇم كېلەتتى . شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ ئون نەچچە يىلنى ئۆتكۈ-
زۈۋەتتىم . بۇ كىچىككىنە ئۆيۈمدىكى ھەربىر نەرسە — بىر كىشىلىك
كارىۋات ، ئۈستەلگە قويۇلغان بىر تال چىنە ، بىر كىشىلىك چوكا ،
قازاندىكى ئازغىنە تاماقلاردىن غېرىبلىق يېغىپ تۇراتتى . ئۆيگە كىرد-
شىم بىلەن تۆت تامغا سىڭىپ تۇرغان مۇزدەك سوغۇق تەنھالىق
تۇيغۇلىرى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مېنى چىڭ قۇچاقلىۋالىدۇ . پەقەت
بوسۇغا ئاتلاپ چىققاندىلا ، خۇددى ئەگىشىۋالغان كىچىك بالىنى مەج-
بۇرىي ئۆيدە قالدۇرۇپ چىققان ئانىدەك ئىشىكنى گۇم تاقاپ ، ئاشۇ
تۇيغۇلارنى ئىشىك ئىچىگە سولىۋېتىپ كېتىپ قالىمەن .
دائىم كۆز ئالدىمغا خاتىرجەم ، ئىناق بىر ئائىلە كېلىدۇ . ئۆ-
زۈمنى ئاشۇ ئىناق ، قوۋناق ئائىلىدە يېنىك دەسسەپ يۈرۈپ ئۆي
ئىشلىرىنى قىلىۋاتقان ، ئەتراپىمدا بىر-بىرىدىن ئوماق بالىلار چۇل-
دۇرلىشىپ يۈرگەن ھالەتتە تەسەۋۋۇر قىلىپ كېتىمەن . ئاشۇ تەسەۋ-
ۋۇرلىرىمنى بېيىتىپ ، شۇنداق كۈنلەر كەلگەندە ئارام كۈنلىرىدە
ئائىلىمىز بويىچە قايسى ساياھەت ئورۇنلىرىغا بېرىشنى ئويلاپ تاتلىق
ھېسلارغا چۆمۈلىمەن . بۇنداق خىياللار ماڭا ئۈمىد بېغىشلاپ ، ئازراق
بولسىمۇ تەسەللى بېرىدۇ . ئەينەككە قارىغىنىمدا ، چېكەمگە سانجىل-
غان ئاق ، كۆز قۇيرۇقلىرىمدا پەيدا بولغان قورۇقلارغا قاراپ بىئارام-
لىق ئىچىدە ئەگەر ئۆلۈپ - تارتىپ قالسام «ئانا» دەپ تۇۋلاپ يىغلاپ
قويغۇدەك بىرەر بالامنىڭ يوقلۇقىدىن ئەندىشىگە چۈشىمەن .
بىر كۈنى ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم ، ئارقامدىن بىرى

چاقىردى .

— ساجىدە ، ھەي ساجىدە .

ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىسام مالىيە بۆلۈمىدىكى ئابلىزكام مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ .

— ھە ، ئالدىراپ ئۆيگە ماڭغان ئوخشىمامسىز ؟

— ھەئە ، — دېدىم ئابلىزكامنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي .

— يۈرۈڭ ، تاماق يەيلى ، تاماق يېۋېلىپ كېتىڭ .

— خوش ، بولدى ، ئۆيگە قايتاي .

— ئۆيگە بارسىڭىزمۇ تاماق يەيسىزغۇ شۇ .

قورسىقىم ئاچقانىدى ، يەنە كېلىپ خىزمەتداش بولغان ئابلىزكام تەكلىپ قىلىۋاتقاندىكىن يۈز كېلەلمەي ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يول بويىدىكى بىر ئاشخانىغا كىردىم . تاماقنى ئۈن - تىنسىز يېدۇق . ئويلىسام ، ئارىمىزدا قىلىشقۇدەك گەپمۇ يوقكەن . تاماق پۇلىنى ئۇنىمىغىنىمغا قارىماي ئابلىزكام تۆلىۋەتتى . ئاشخانىدىن چىقىپ ياندىشىپ ماڭدۇق . تۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن بىر ئەركىشى بىلەن ياندىشىپ مېڭىش ماڭا بەك قىيىن تۇيۇلۇۋاتاتتى . بۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن :

— ماۋۇ دۇكاندىن ئازراق لازىمەتلىك ئالماقچى ئىدىم . خوش ئەمىسە ، — دەپ بۇرۇلۇشۇمغا ئابلىزكام :

— سىزگە بىر گېپىم بار ئىدى ساجىدە ، — دەپ قالدى .

— نېمە گەپتى ؟ — دېدىم قايرىلىپ .

— كەچتە توخۇدىن بىرنى قورۇتۇپ ئۆيىڭىزگە بارايمۇ ؟ — دېدى ئۇ .

بۇ گەپنى قىلغاندا ئابلىزكامنىڭ چىرايى بىر قىسما بولۇپ ، كۆزلىرى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتتى . سۆزنىڭ مەنىسىدىنمۇ بەك ئابلىزكامنىڭ بۇ سۆزنى قىلغاندىكى ئاھاڭى ، چىراي ئىپادىسى ئۇنىڭ «ئارالغا ساياھەتكە بېرىش» ئويىغا كېلىپ قالغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتاتتى . شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمغا ئولىشىپ كەلگەن خورلۇق تۇيغۇ-

لىرى سەزگۈلىرىمنى ئازابلاپ ئۆلگۈردى . ئاشۇ بىر قاچا تاماق ئاب-
لىمزكامنىڭ تىلىنى ئۇزۇن قىلىپ سۆزلەتكەنىدى . بىر قاچا تاماق
ئۈچۈن كەينىمدىن ئەگىشىپ كىرگەن ئادەم باشقا تەلەپلىرىمنىمۇ رەت
قىلمايدۇ ، دەپ پىتىنىپ بۇ گەپنى قىلالىغانىدى . شۇئان ئېسىمگە :

ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن دەريا سېنى ئاقتۇرسىمۇ ،
يېمە نامەرد ئېشىنى ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ .

دېگەن مىسرالار كەلدى .

— بايىقى تاماقنىڭ پۇلى نەچچە بوپتۇ ؟ — مەن شۇنداق دەپلا يانچۇقۇمغا قولۇمنى سېلىشىم بىلەن چىققان 50 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئابلىزكامغا تەڭلىدىم .

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟

مەن گەپ قىلماي 50 يۈەننى ئابلىزكامنىڭ يانچۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇپ ، قايرىلىپلا كېتىپ قالدىم .

ئەتىسى ئىشخانامغا كىرسەم ھېلىقى 50 يۈەن چاي ئىستاكانىم-نىڭ ئاستىدا قىستۇرۇقلۇق تۇرۇپتۇ .

ياتاق ئۆيۈمدىكى چىراغ بۇزۇلۇپ قالغىلى خېلى بولدى . مۇنچى-نىڭ ئىشىكىمۇ ئاجراپ كەتتى . ئۆينى زىننەتلىگەندە پەنەركىلەر ئوي-دان قېقىلمىغان چېغى ، ھەممىسى ئۆزىنى تاشلاپ ئاجراپ كېتىپتۇ . ئىدارىمىزدە ياغاچچىمۇ بار . بىراق ، شۇ تۇل خوتۇن بولغانلىقىم تۈپەيلى بىر ئەر كىشىنى باشلاپ كېلىپ ئىشىمنى قىلدۇرۇش قولاي-سىز بولۇۋاتاتتى .

كېلەر ھەپتە ۋىلايەتكە بىر ھەپتىلىك ئۆگىنىشكە بارىدىغانلىقىم ئۇقتۇرۇلدى . مۇشۇ پۇرسەتتە ياغاچچىلىق ئىشلىرىنى كامىلكامغا قىلدۇرۇۋالاي ، ئۆيدە ئۆزۈم بولمىغاندىكىن خۇدۇكسىرەيدىغان ئىشمۇ يوق دەپ ئويلىدىم . بۇ ئىشنى نەچچە رەت ئويلاپ ئاران جۈرئەتلىنىپ كامىلكامغا دېۋىدىم ، ئۇ : «بولىدۇ ، بولىدۇ . ئۆيىڭىزنىڭ ئاچقۇچىنى تاشلاپ كېتىڭ ، سىز كەلگۈچە چىستەي قىلىۋېتىمەن» دېدى .

ئۆگىنىش تۇگەپ قايتىپ كەلسەم ئۆيلەرنىڭ بۇزۇلغان جايلىرى جۆندىلىپ ، رەتلىك بولۇپ قاپتۇ . خۇش بولۇپ قالدىم . كامىلكامغا ئەتىلا رازى بولغۇدەك ئىش ھەققى بېرىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويۇپ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇراتتىم ، ئىشىك چېكىلدى ، ئاچسام كامىلكام ئىشىك ئالدىدا تۇرىدۇ . تۇرقىدىن ئىچىۋالغانلىقى چىقىپ تۇراتتى . ئەدەپ يۈزىسىدىن «ئۆيگە كىرىڭ» دېدىم .

كامىلكام كىرىپ جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئالدىغا چاي ئەكەلدىم . ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كۆڭلۈمگە پۈككىنىم بويىچە كامىل-كامنىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىپ چىقىپ ئالدىغا قويدۇم . كامىلكام بىر ئالدىدىكى پۇلغا ، بىر ماڭا كۆزلىرىنى بىر قىسما قىلىپ قارىۋېتىپ :

— ھەي ساجىدە ، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز ؟ — دەپ پۇلنى ئالدىمغا ئىتتەردى ، ئاندىن مېيىقىدا بىرنى كۈلۈپ قويۇپ ، — بۇرۇنراق مۇشۇنداق دېگەن بولسىڭىز مەنمۇ بۇنچە ئۇزاق قىينىلىپ يۈرمەيتتىم ئەمەسمۇ ؟ — دەپ كۆزلىرىمگە تەلمۈرگەندەك قارىدى .

— گېپىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم ، — دېدىم ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي .

— سىز ئايال كىشى بولغاچقا ، ئاۋۋال مېنى ئېغىز ئاچسۇن دەيسىزغۇ ؟ ئەسلىي بۇرۇنلا ئېغىز ئېچىپ باقاي دېگەن . بىراق ، مېنى بىر ياغاچچى دەپ ياراتماي سىلكىۋېتەرمىكىن دەپ ئېغىز ئاچالمىغان . ماڭا كۆڭلىڭىز بارلىقىنى بىلمەپتىمەن . ئۆيلىرىڭىز مۇشۇنچىۋالا بولۇپ كەتكۈچە ئۇقماي يۈرۈپتىمەن . ئەمدى بولسىمۇ بېشىڭىزنى سىيلايمەن .

— نېمىلەرنى دەپ يۈرىسىز ، مەن قاچان سىزگە كۆڭلۈم بار دېدىم ؟

— ماڭا بىر ھەپتە ئۆيىڭىزنى تاشلاپ كەتكىنىڭىز كۆڭلىڭىز بارلىقىدىن بولماي نېمە ؟ ماڭا ئىشەنمىسىڭىز ، مېنى ياخشى كۆرمى-سىڭىز ، ماڭا ئۆيىڭىزنى ئۇنچە تاشلاپ كېتەمتىڭىز ؟ مەن ھاماقەت كۆڭلىڭىزنى بۇرۇنلا چۈشىنىشىم كېرەك ئىدى . تاكى ئۆزىڭىز بەلگە بەرمىگۈچە بىلمەي يۈرۈپتىمەن ، كەچۈرۈڭ ، — كامىلكام شۇنداق

دەپ قولىنى سوزۇپ ئېڭىكىمنى سىلىۋالدى .
شۇ چاغ غۇرۇرۇم شۇنداق ئازار يېدىكى ، ئاچچىقىمدا ئالدىمدىكى پىيالىنى كامىلكامغا قارىتىپ ئاتتىم .
— چىقىڭ ئۆيدىن ، مېنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭىز ؟ — كامىلكام ئۆزىنى ئېتتىك قاچۇرغاچقا ، پىيالە تامغا تېگىپ چېقىلدى .
— ۋاي ئەركىلەتكەننى بىلمەيدىغان تومپاي ، چىقسام چىقتىم . شۇنداقلىقىڭدىن مۇشۇنداق ھۇۋقۇشتەك يالغۇز يۈرگەن نېمىكەنسەن .
كامىلكام چىقىپ كەتتى . ئاچچىق يۇتقان ھالدا تۇراتتىم ، ئىشىك يەنە چېكىلدى . كىمدۇ دەپ «مۇشۇك كۆز »دىن قارىدىم ، يەنە شۇ كامىلكام .
— يەنە نېمە دەيسىز ؟ — دېدىم ئىشىكنى ئاچماي تۇرۇپ .
— ئىش ھەققىمچۇ ، دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارماي كېلىدىغان نېمىمۇ بۇ !
بايا ئۇنىڭغا بەرگەن پۇلنىڭ ئۇستەل ئۇستىدە قالغانلىقى ئېسىمگە كەلدى . ئىشىكنى قىيا ئېچىپ پۇلنى سۇندۇم . كامىلكام پۇلنى ئېلىپ ، يەرگە چىرتتىدە بىرنى تۈكۈرۈپ قويۇپ بىنادىن چۈشۈپ كەتتى .
كامىلكام كەتتى . ئۇ ماڭا بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك خورلۇق ، ئازار بېرىپ كەتتى . شۇ كۈنكى خورلۇق ۋە ئەلەمدىن چۆل - چۆل بولۇپ كەتكەن يۈرىكىم ، نومۇس - ئىزادىن پاراسلاپ كۆيگەن غۇرۇرۇم ، ئازار يەپ زېدىلەنگەن قەلبىم مېنى شۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەرگە قاپاق كۆتۈرۈپ قارىماس قىلىۋەتتى .

*   *   *

مەن كېتىۋاتقان بۇ يولدا ئۇن - سىن تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دۇكاندىن بىرنەچچىسى بولغاچقا ، يولنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا چىققۇچە ھەر خىل سۆيگۈ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ ماڭىمەن . مۇشۇنداق سۆيگۈنى قەدىرلەيدىغان ، ئۇلۇغلايدىغان ئادەملەر كۆپرەك

بولغان بولسا بۇ ئالەم خۇشاللىقتا، گۈزەللىكتە تولغان بولاتتى، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. كۆز ئالدىمغا دائىم چەكسىز دېڭىز ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان بىر يېگانە ئارال كېلىدۇ. ئىگىسىز، ھىمايىسىز، تايانچسىز بۇ ئارالدىن پايدىلىنىشنى، كۆڭلىنى ئېچىشلىشنى ئويلاپ پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغانلار نۇرغۇن. بۇ ئارال ئۆزىنى پەرۋىش قىلىدىغان، كۆكلىتىدىغان بىر ئادەمگە موھتاج. ئۇ ئاشۇ ئارزۇسىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان بىرىنى كۈتۈپ، ھاياتىنىڭ قىرىقىنچى باھارىنى ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

ئۆيۈمنىڭ ئالدىغا كەلدىم. ئىشىككە ئاچقۇچ سېلىۋاتقىنىمدا شامال ئۆتۈشكۈدەك يوچۇقلاردىن شۇڭغۇپ چىققان تەنھالىق، يالغۇزلۇق تۇيغۇلىرى ماڭا يېپىشىپ ئۈلگۈردى. يالغۇزلۇقۇمنى، جاننى سىرقىرىتىۋەتكۈدەك بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدىكى تەنھالىقىمنى يېتىلىگەنچە ئۆيۈمگە كىردىم. پىيالىگە چاي قۇيۇپ ئىچىۋېتىپ، بىرچاغلاردا بىرى يازغان خەتتىكى «چاي ئىچكەندە ئۇدۇلىڭىزدىن ئورۇن بەرسىڭىز، سەپەرگە چىققىنىڭىزدا ھەمراھىڭىز بولسام» دېگەن قۇرلار ئېسىمگە كەلدى. بۇ جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى شۇ چاغلاردا تازا چۈشەنمىگەنىكەنمەن. ئۇ چاغلاردا مەن چاي ئىچكەندە ئۇدۇلۇمدا ئولتۇرۇپ بېرىدىغان بىرىگە موھتاج ئەمەس ئىدىم. ھالا بۈگۈنكى كۈندە......

مۇشۇ كۈنلەردە كىچىك چېغىمدا مەھەللىمىزدە ئولتۇرىدىغان تۇل ئايال سائادەت ھەدەم تولا ئېسىمگە كېلىۋالىدىغان بولدى. ئاپام قاتارلىق ئاياللار داۋاملىق سائادەت ھەدەمنىڭ يامان گېپىنى قىلاتتى.

— پۈتۈن ئەرلەرنى ئۆزىگە ئۆگىتىۋالدى بۇ پاسكىنا.

— مەھەللىدىن كۆچۈرۈۋېتىش كېرەك. ھەممىمىزنىڭ يۈزىگە سەت ئەمەسمۇ؟

مۇشۇنداق گەپلەرنى تولا ئاڭلىغاچقا، قەلبىمدە ئۇ ئايالغا بەكمۇ بىر تەرەپلىمە كۆزقاراش شەكىللىنىپ قالغانىكەن. بىچارە ئايال دائىم باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىر-قېتىنى يۇيۇپ، نېمە بەرسە شۇنىڭغا رازى بولۇپ كېتىپ قالىدىغان. بىر قېتىم مەكتەپتىن قايتىپ كەل-

سەم سائادەت ھەدەم بىزنىڭ ئۆيدە ناننىڭ خېمىرىنى چەيلەۋاتقانىكەن . ئاپامنىڭ داۋاملىق «پاسكىنا» دەيدىغان گېپى يادىمغا كېلىپ ، سائادەت ھەدەمنىڭ خېمىر چەيلەۋاتقان ئاپپاق قوللىرىدا مەينەت ، بېزەپ نەرسىلەر يامىشىپ يۈرگەندەك كۆڭلۈم ئاينىپ كەتكەن ، تاكى شۇ قېتىم ياققان نان تۈگەپ كەتكۈچە بىر بۇردا ناننى ئاغزىمغا سالغىلى ئۇنىمىغانىدىم .

بىر كېچىسى تالادىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتىم . ئۇكامنى يېتىلەپ سىرتقا چىقسام ، قوللىرىدا قولچىراغ تۇتۇشۇپ ، چاپانلىرىنى يېپىنچاقلىۋالغان كىشىلەر تىزلىرى ، بىلەكلىرى سۈرۈلۈپ قانىغان ، چاچلىرى پاخپايغان سائادەت ھەدەمنى ئورىۋېلىشقاندىكەن .

— دېرىزىنى چېقىۋەتتى ، دېرىزىدىن يامىشىپ كىرىۋاتاتتى ، مەن ئىشىكنى ئېچىپ قاچتىم . موللاق قوغلىدى . ماموتكامنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇرۇپ ۋارقىرىسام ئويغانمىدى . موللاق يېتىشىپ كەلدى . قاچىمەن دەپ ياندىكى دەرەخكە سوقۇلۇپ ئۆستەڭگە چۈشۈپ كەتتىم ، — دەۋاتاتتى سائادەت ھەدەم ئېسەدەپ تۇرۇپ .

دادام مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىدى . شۇڭا ، بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىش دادامغا تاپشۇرۇلدى .

— «قانجۇق ئىت قۇيرۇقىنى كۆتۈرمىسە ، ئەركەك ئىت تام ئاتلىمايدۇ .» تۇل خوتۇن بولغاندىكىن كىم قويىدى ئۇنىڭغا دەمدەك ئۇسما قويۇپ يۈرۈشنى ، ئاشۇنداق ئۆزىنى ياساپ ئەر كىشىگە سۈركەشكەندىكىن ئوبدان بوپتۇ ، ھەقاچان موللاق قۇرۇق قول بارغان بولسا سائادەت ئىشىكنى ئاچمىغان گەپ . موللاقنىڭ ئاچچىقى كېلىپ دېرىزىنى چاققان نېمە......

خەقنىڭ تېمىدىن ئاتلىغان موللاقكامغا ھېچنېمە دېمەستىن ، ئاپام قاتارلىقلار يەنە سائادەت ھەدەمنى ئەيىبلىدى . كېيىن دادام ئۇنى مەھەللىمىزدىكى ئوسمان گاچىغا نىكاھلاپ قويىدى . شۇ چاغدا دادام سائادەت ھەدەمدىن ئوسمان گاچىنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپمۇ قويمىغان . بۇ ئىش خۇددى ئەقىلگە مۇۋاپىقتەك ، ھېچكىم

ھېچنېمە دېمىگەن ، ھەتتا سائادەت ھەدەممۇ ھېچنېمە دېمىگەندى .

شۇ چاغدا سائادەت ھەدەم ئوسمان گاچىنى رەت قىلسا ، يەنە شۇنداق ئىشتىن بىرى يۈز بېرىپ قالسا ، باشقىلارغا قانداق چۈشەندۈرىمەن دەپ ، ئامالسىز دادامنىڭ قارارىغا قارشى چىقالمىغان بىلەن ، كۆڭلىدە : «خەپ ، ماڭا قىلماسسەن ، ئالدىڭدا قىزىڭ بار» دەپ ئويلىغان بولغىيمىدى . ئاتا - ئانامنىڭ شۇ قىلغىنى ماڭا توقۇلۇپ قالدىمۇ تېخى . شۇ چاغدا بىرەرسى كوچىدىن ناخشا توۋلاپ ئۆتسىمۇ ئاپام : «ماۋۇ سائادەت دېگەن پاسكىنىنى ياقىلاپ كەلدى بۇ نېمە ، ئادەمنى ئۇخلاتماي» دەپ سۆزلەشكە باشلايتتى .

كېيىن ئوسمان گاچىنىڭ سائادەت ھەدەمنى تەلۋىلەرچە ئۇرغىنىنى ئاشۇ چېتەنلەنگەن قاشالاردىن كۆرگەنىدىم . بىراق ، پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرگە ئوخشاش سائادەت ھەدەمنىڭ تۇل ئولتۇرۇپ باشقىلارغا پاراكەندىچىلىك سالغىنىدىن بار دەردىنى ئۆزى تارتىپ ، تاياق يېسىمۇ ئوسمان گاچىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشىنى توغرا دەپ قارىغانىكەنمەن …… كۆنگە نەچچە تونۇر ناننى يېقىپ بولۇپ ، رەھمەت ، ھەشقاللا ئۈچۈن بېرىلگەن توقاچلارنى داستىخانغا ئوراپ قولتۇقلاپ ، تاقىلداپ دەسسەپ كېتىدىغان سائادەت ھەدەم ئوسمان گاچىغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن نېمىشقىدۇر ئاغرىقچان بولۇپ كەتكەنىدى .

تۇل خوتۇن بولۇش نۆۋىتى ئۆز بېشىمغا كەلگەندە سائادەت ھەدەمنىڭ تارتقان خورلۇقلىرىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم . بالىلىق خاتىرىلىرىمدىكى سائادەت ھەدەم توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى بىر - بىرلەپ ئەسلەپ ، سائادەت ھەدەمنىڭ شۇ چاغلاردىكى ھېسسىياتىنى ، ئازابلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ ، سائادەت ھەدەم ئۈچۈن ئازابلىنىدىغان بولدۇم . ئۇ چاغدا مەنغۇ بالا ئىدىم ، ئادەملەرگە توغرا باھا بېرەلمەيتتىم . بىراق ، ئاتا - ئانام نېمىشقا ئۇنداق قىلغان بولغىيدى ؟

ئازابلىق خىياللار ئىچىدە قانچىلىك ئۇزاق ئولتۇردۇمكىن ، بەللىرىم تېلىپ كېتىپتۇ . يېتىۋېلىش ئۈچۈن ياتاق ئۆيۈمگە كىردىم . تەنھالىق تۇيغۇلىرىمۇ ماڭا ئەگىشىپ كىردى . دېرىزە پەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ قولۇمنى كۆتۈرۈۋېتىپ ، ئۇدۇلدىكى بىنا-

نىڭ دېرىزىسىدىن ماڭا قاراپ تۇرغان بىرىنى كۆردۈم . مەن قارىشىم بىلەن ئۇ گەۋدە دېرىزە ئالدىدىن غايىب بولدى . بۇنداق كۆرۈنۈش بۇرۇنمۇ نەچچە رەت تەكرارلانغانىدى . ئۇ كىمدۇ ، نېمىشقا دائىم مۇشۇ دېرىزىگىلا قاراپ تۇرىدىغاندۇ ؟

ئىشىكنى ئېچىشىم بىلەن ئىشىك ئاستىدىن كىرگۈزۈۋېتىلگەن ئاغزى ھىملانغان بىر كونۋېرت كۆزۈمگە چېلىقتى . ھەيرانلىق بىلەن كونۋېرتنى ئاچتىم . «چاي ئىچكەندە ئۇدۇلىڭىزدىن ئورۇن بەرسىڭىز ، سەپەرگە چىققاندا ھەمراھىڭىز بولسام .» تۇۋا ، بۇ خەتتىكى مەزمۇنلار ئەجەب تونۇشقۇ ، كۆز ئالدىمغا يېزىلىق ھۆكۈمەت بېغىدا ئۇلاق ئۇلاپ يۈرىدىغان سېرىق چىراي بالا كەلدى . ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ ماڭا يازغان خېتىنى ئوقۇپ ، دوستۇم دىلنۇر بىلەن «ئەجەپ قېرى ئادەمدەك ئىسمى بار بالىكەن» دەپ كۈلۈشكەنىدۇق . دىلنۇر : «توختاخۇن ، تاماق يەڭ دەپ چاقىرىپ كەتسەڭ» دەپ تىلىنى چىقىرىپ كۈلۈۋىدى ، ئۇ خەتنى دىلنۇرنىڭ ئالدىدىلا يىرتىپ چۆرۈۋەتكەنىدىم . «ئاداش ، ھېلىقى توختاخۇن ھازىر كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ ، ئۇنى خەقلەر باغۋەنچىلىك ئالىمى دەيدىكەن . ئۇچۇ قارا ، قۇمدۆۋىدىكى قاقاس يەرلەرنى جەننەت قىلىۋېتىپتۇ ، ھە راست ، ئۇ تېخى تىزى قىلماپتۇ» دېگەنىدى دىلنۇر ئۆتكەن يىلى . «...... ئۇ چاغدا سىزگە خەتنى چىرايلىق قىلىپ يازىمەن دەپ يېزىپ - جىجاپ ، جەمئىي ئون ئۈچ قېتىم يېزىپتىكەنمەن . ئون ئۈچىنچى قېتىم يازغىنىمنى سىزگە ئەۋەتىپ بېرىپ ، قالغان ئون ئىككىسىنى ساقلاپ قويغانىدىم . ئويلاپ باقسام ، سىزگە بولغان مۇھەببىتىم ، سىزدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىم ئۆزگەرمەپتۇ . ئاشۇ خەتلەرنى ئالدىمغا يېيىپ قويۇپ ئون تۆتىنچى پارچە خېتىمنى يېزىپ چىقتىم . بەلكىم مۇشۇ ئون تۆتىنچى پارچە خېتىمنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئۆيىڭىزنىڭ ئۇدۇلىدىكى بۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەنىمەن . مەن سىزنىڭ بۇ خېتىمگە ئېنىق جاۋاب بېرىشىڭىزنى ، بۇرۇنقىدەك ھېچنېمە دېمەستىن جىمجىت يوقاپ كەتمەسلىكىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن . ئەگەر تەلىپىمنى قوبۇل قىلسىڭىز دېرىزىنى ئېچىپ قويۇڭ ، قوبۇل قىلمىسىڭىز ئاچماڭ .

ئەڭ ئاخىرىدا ئېيتىپ قويىدىغىنىم ، مەن ھازىر مېيىپ بولۇپ قال-
دىم . بىر پۈتۈم ئاقسايدۇ . مېنىڭ بۇ تۇرقۇمنى قوبۇل قىلالارسىز-
مۇ ؟ »

مەن بۇرۇن ئىسمىنى قوبۇل قىلالمىغان توختاخۇن ھازىر مېيىپ
ھالدا كۆز ئالدىمدا تۇراتتى . «ئۆزى مېيىپ بولغان بىلەن روھى
مېيىپ ئەمەس .» يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى شۇنداق خىتاب قىلدى .
توغرا ، روھى مېيىپ ئەمەس . ئۆزى مۇھەببەت خېتى يازالايدىغان
ئادەم باشقىلارغا مۇھەببەت خېتى يازدۇرغان ئادەمگە قارىغاندا سەمى-
مىي ، تۇرمۇشتا ئەستايىدىل بولىدۇ . ئون تۆت پارچە مۇھەببەت خېتى
يازغان ھەم شۇنچە ئۇزاق يىل ساقلىغان ئادەمگە ئىشەنگىلى ، كەلگۈ-
سىنى تاپشۇرغىلى بولىدۇ . مەن ئىللىق بىر تۇيغۇدا ئورنۇمدىن تۇر-
دۇم - دە ، دېرىزىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتىم .



本书收录了作者近年来所创作的一批关于女性题材的短篇小说。

**图书在版编目(CIP)数据**

芦苇湖:维吾尔文/祖拉古丽·阿不都瓦依提著
.—— 喀什:喀什维吾尔文出版社，2012.11
ISBN 978—7—5373—2625—4

Ⅰ.①芦... Ⅱ.①祖... Ⅲ.①短篇小说—小说集—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言)Ⅳ.
①I247.7

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2012）第 267400 号

**责任编辑：齐曼古丽·阿吾提**
**责任校对：拜合提亚尔·阿布力米提**

# 芦苇湖

## （短篇小说）

**祖拉古丽·阿不都瓦依提** 著

**喀什维吾尔文出版社出版发行**
（喀什市塔吾古孜路 14 号　邮编 844000）
**各地新华书店经销**
**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**
880×1230 **毫米**　1/32 **开本** 8.125 **印张**　2 **插页**
2012 **年** 11 **月第** 1 **版**　2012 **年** 11 **月第** 1 **次印刷**
**印数**：1 — 3000　**定价**：22.00 **元**

如有质量问题，请与我社联系调换　电话：0998—2653927

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: غەيرەت خالىق

ISBN 978-7-5373-2625-4

9 787537 326254 >

（民文）定价：22.00元